شىنجاڭ ئۇيغۇر ئاپتونوم رايونى بويىچە مۇنەۋۋەر ژۇرنال، شىنجاڭ ژۇرنال مۇكاپاتىغا نائىل ژۇرنال

BULAK



# بۇلاق

6

2013

ISSN 1005-0876

12>

9 771005 087006

定价：8.50元

源泉（布拉克）

ئۇيغۇر كىتاب تور بېكىتى
www.uyghurkitap.com
ئۇيغۇرچە كىتابلارنىڭ يېڭى ئادرېسى



ئۆمەر ھەييام رۇبائىيلىرىغا سىزىلغان قىستۇرما رەسىم

مۇھەممەد بەھرامىيرى سىزغان

ئۇيغۇر كلاسسىك ئەدەبىياتى ۋە فولكلورىنىڭ
تۆت ئايلىق ژۇرنىلى

# بۇلاق

35 - يىل نەشرى     ئومۇمىي 153 - سان

شىنجاڭ خەلق نەشرىياتى



ئستە ھەقتىن ئەدەب تەۋفىقىنى
بىئەدەب تاپمادى ھەرگىز پەيزلىنى

# بۇلاق

2013 ـ يىللىق 6 ـ سان

باش مۇھەررىرى: ئەلى توختى
مۇئاۋىن باش مۇھەررىرى: مۇھەممەتتۇردى مىرزىئەخمەت


## بۇ ساندا

### ئۇيغۇر كىلاسسىك ئەدەبىياتىدىن


ئىسكەندەرى ئايىنە ............ پارسچىدىن تەرجىمە قىلغۇچى: ئەلى ئىبنى ئاخۇند ئابدۇلئەزىز تۇرپانىي (5)
نەشرگە تەييارلىغۇچىلار: ئابلىمىت ئەھەت بۇگۇ، ئىلھام ئابدۇللا
ھەيائىي شېئىرلىرىدىن ............ (38)
نەشرگە تەييارلىغۇچى: روزىمۇھەممەت مۇتەللىپ قاشتاش


### ئەدەبىي مۇھاكىمىلەر


ئۇيغۇر باخشىلىرى ۋە ئەلشىر نەۋايى ............ غالىب بارات ئەرك (48)


### تىل، تارىخ، مەدەنىيەت تەتقىقاتى


ئۇيغۇرلاردا كىلاسسىك مۇزىكا ــ مۇقام ھادىسىسى توغرىسىدا ............ تۇرغۇن ئىبراھىم (64)

## تېبابەت دۇردانىلىرى ۋە تەتقىقاتى

«دىيارىمىزدىن تېپىلغان ۋەسقىلەردىكى ئۇزۇن ئۆمۈر كۆرۈش، ۋە ياشلىق باھارىنى ئۇرغۇتۇشقا دائىر دورا ـ رېتسېپلار ھەققىدە ......................................... ئابلىز مۇھەممەت سايرامي (80)

## خەلق ئېغىز ئەدەبىياتىدىن

تۇغچى چۆچەكلىرىدىن ......................................... (97)
توپلاپ رەتلىگۈچى: مۇھەممەتئىمىن ھېيىت ئىسلام ھاجى
بېلىقنىڭ كۆلكىسى (چۆچەك).........................................(105)
ئۇيغۇرچىلاشتۇرغۇچى: دىلئارام باھاۋىدىن

※

مۇقاۋىنىڭ 1 ـ بېتىدە: تاغدا ئېچىلغان گۇل (رەسسام: مۇھەممەد فەرشچىيان)

※ ※ ※

مەسئۇل مۇھەررىرى : دىلئارام باھاۋىدىن
ياردەمچى مۇھەررىرى : مۇتەللىپ ئىسمايىل
تەكلىپلىك كوررېكتورى : ۋەلى زىدىۋىن
مۇقاۋىنى لايىھەلىگۈچى: مۇقەددەس دىلشات

تەھرىر بۆلۈمىنىڭ تېلېفون نومۇرى: 2827971 ـ 0991
ئېلېكترونلۇق خەت ساندۇقى: bulak@aliyun . com
تارقىتىش بۆلۈمىنىڭ تېلېفون نومۇرى: 2827472 ـ 0991



پارسچىدىن تەرجىمە قىلغۇچى: ئەلى ئىبنى ئاخۇند ئابدۇللەزىز تورپانىي

# ئىسكەندەرى ئايىنە

نەشرگە تەييارلىغۇچىلار: ئابلىمىت ئەھەت بوگۇ، ئىلھام ئابدۇللا

## قىرىقىنچى باب
## ۋەزىرلىكنىڭ شەرتلىرىنىڭ بايانى

ئەي ئەزىز پەرزەنتىم، زېرەك يۈرەك پارەم، ئەگەر ۋەزىرلىك دەرىجىسىگە قەدەم قويساڭ، ھېساب ۋە مۇئامىلىگە پىششىق بول. بىر كۈنلەردە ئەسقېتىپ مەنپەئەت بېرىدۇ. مەيلى قانداق سەۋەب بولسۇن، نېمەت ئىگىسىگە راستچىل بول ۋە ئىنساب بىلەن مۇئامىلە قىل. ھەرقانداق كىرىمنى ئۆز كۆمىچىڭگە تارتما. پۇقرالار ۋەزىرگە بىكاردىن ـ بىكار ھەدىيە ـ سوۋغا بەرمەيدۇ، ناۋادا بەرسە ئۇنىڭ بەدىلىنى تەلەپ قىلماي قالمايدۇ؛ گەرچە دەسلىپىدە ھېچنېمە ئالمايدىغان قىياپەتتە كۆرۈنسىمۇ، ئاخىر ئالماي قويمايدۇ.

ۋەزىر بولساڭ غوجايىنىڭنىڭ مال ـ مۈلكىنى ياخشى ساقلا. تاماقنى قولۇڭدا يېگىن، گېلىڭدا تۇرۇپ قالمايدۇ.



قول ئاستىڭدىكى ئەمەلدارلارنى بىر يولى چۈشەپ قويما. ئۇ - تۇننى ئايىساڭ، كاۋاپ خام قالىدۇ؛ كۆپرەك قالدۇرساڭ، كۆيۈپ كېتىدۇ. كىشىگە تۆت نوقۇت ئالتۇن بەرمەي تۇرۇپ، ئۇنىڭدىن ئون سەككىز نوقۇت ئالتۇن ئالغىلى بولماس. نەپ ئالساڭ باشقىلارنىڭ نەپسىز قالغىنىدىن ئېھتىيات قىل. بولمىسا ئۇلار يېگەن زەرلىرىڭنى نېمەت ئىگىسىگە ئېيتماي قويمايدۇ. ھەرقاچان غوجايىنىڭغىمۇ، لەشكەر ۋە پۇقرالارغىمۇ ئىنسابلىق بولغىن. داستىخاننى قۇرۇق سېلىپ، ئۆزرىنى كاتتا قىلما، يەنى ئۇلارنى ئازغىنا پۇل بىلەن مەمنۇن قىلىمەن دەپ ئويلىما. چىشىنىڭ ئارىلىقىدىن چىقىرىپ بەرگەن گۆشكە قورساق تويمايدۇ. بەلكى نېسىۋىسىنى ئاز بەرگەنلىكىڭ سەۋەبىدىن، يەنى ئازغىنا پايدىنى دەپ لەشكەر ۋە پۇقرالارنى ئۆزۈڭگە دۈشمەن قىلىۋېلىشىڭ مۇمكىن. پادىشاھقىمۇ شۇنداق، يەنى ئىنسابسىزلىقىڭ تۈپەيلى پادىشاھىڭمۇ نەزىرىدىن چۈشۈپ قالىسەن.

---

بېشى ئالدىنقىساندا.



ئەگەر خەيرخاھلىقنى خالىساڭ، باج ۋە سېلىق بىلەن جۇغلانغان پۇل ـ مالنى مەملىكەتنىڭ ۋەيران بولغان كەنتلىرىنى گۈللەندۈرۈشكە ئىشلەت؛ چوقۇم ئۇن ھەسسىلەپ دارامەتكە ئېرىشەلەيسەن، ئاللاتائالانىڭ بەندىلىرىنىمۇ نېسىۋىسىز قالدۇرمايسەن.

ھېكايەت: شۇنداق ئاڭلىغاندىمكى، پارس پادىشاھلىرىدىن بىر پادىشاھ ۋەزىرىدىن كۆڭلى قېلىپ، مەنسىپىدىن قالدۇرۇپ، ۋەزىرلىكنى يەنە بىرسىگە بېرىپتۇ. پادىشاھ مەنسىپىدىن قالغان ۋەزىرگە:

— بىر جايىنى ئىختىيار قىلغىن، ساڭا بېرەي، جەمەت ـ ئەۋلادىڭ بىلەن شۇ يەرنى ماكان تۇتقىن، — دەپتۇ.

ۋەزىر دەپتۇكى، بېيىت:

مەن كىم ئول ئاباد مۈلك ئىچرە ۋەتەن قىلماق ھەۋەس،
سايە بەر كۆڭلى بۇزۇلغانغا بۇزۇغ دىۋار، بەس.

(ئۇنداق ئاۋات جايدىن ۋەتەن تۇتماقنى ھەۋەس قىلىدىغانغا مەن كىم ئىدىم؟ مەندەك كۆڭلى بۇزۇلغانغا سايە سالىدىغانغا ۋەيرانە تام بولسىلا بولىدى.)

— ماڭا نېمەتنىڭ لازىمى يوق. ھەممە تەئەللۇقاتىمنى پادىشاھقا تۇتتۇم. ماڭا ئاۋات جايىڭمۇ لازىمى يوق. ئەگەر پادىشاھىم ماڭا مەرھەمەت قىلماقچى بولسا، ۋەيرانە كەنت ئىلتىپات قىلغاي، پېقىر ئۇ جاينى ئاۋات قىلىپ، يەنى گۈللەندۈرۈپ ئولتۇرسام.

پادىشاھ شۇئان پەرمان قىلىپ:



— ۋەيرانە كەنتتىن قانچىلىكىنى خالىسا، ئۇنىڭغا بېرىڭلار، — دەپتۇ. بىراق، پەرمانبەردارلار ھەممە يەرنى ئىزدەپ، مەملىكەت ئىچىدىن ۋەيرانە يەر تاپالماي، پادىشاھنىڭ ئالدىغا كىرىپ:

— مەملىكەت ئىچىدىن ھېچقانداق ۋەيرانە يەر تاپالمىدۇق، — دەپ ئەرز قىلىشىپتۇ. مەنسىپىدىن قالغان ۋەزىر شۇ يەردە بار ئىكەن، ئۇ دەپتۇكى:

— ئەي جان پاناھ، مەن باشقۇرغان ۋە مېنىڭ ھوقۇق دائىرەمدىكى يەرلەردە ھېچ ۋەيرانلىقنىڭ يوقلۇقى ماڭا ئايان. ئەمما، ئەمدىلىكتە مېنىڭ قولۇمدىن ۋەزىرلىك مەنسىپىنى ئېلىۋېلىپ، باشقا بىر كىشىگە بەردىڭ. ئەگەر كۆڭلىرىڭ بىرسىدە بۇ مەنسەپنى ياندۇرۇۋالماق لازىم كەلسە، ئۇنىڭ مەملىكەتنى ماڭا ئوخشاش ئاۋات، گۈللەنگەن ھالەتتە تاپشۇرۇپ بەرمىكى مۇشكۇل بولارمىكىن؟!

ۋەزىرنىڭ سەممىيلىكى، مەملىكەتنى گۈللەندۈرۈشكە سىڭدۈرگەن ئەجرىنىڭ تەڭداشسىزلىقى مەلۇم بوپتۇ. شۇنىڭ بىلەن پادىشاھ ئۆزرە ئېيتىپ، تون كىيدۈرۈپ، ۋەزىرلىكنى ئۇنىڭغا ياندۇرۇپ بېرىپتۇ.



خۇلاسە شۇكى، ۋەزىرلىكتە ۋەيرانە يەرلەرنى ئاۋات، بىچارىلەرنى شاد ۋە ئازاد قىلسا، ئۇنداق ۋەزىرنىڭ ئەل ئارىسىدا گېپى ئۆتىدىغان بولىدۇ، خەۋپ - خەتەردىن خاتىرجەم تۇرمۇش كەچۈرەلەيدۇ.

ئەگەر لەشكەر ۋەزىرنى ياخشى كۆرمىسە، ئاداۋەت بىلەن ھەممىسى بىر بولۇپ ھۇجۇم قىلسا، مالامەت ئوقىنى ياغدۇرسا، پادىشاھ لەشكەر ۋە سىپاھلارنىڭ تەرىپىنى ئېلىپ، ئۇنداق ناچار ۋەزىرنى ئەمەلدىن بىكار قىلمىقى زۆرۈردۇر.

لەشكەرگە مائاشىنى سەۋەبسىزلا ۋاقتىدا بەرمەسلىك ئۆز دۆلىتىنى نابۇت قىلغانغا باراۋەردۇر.

لەشكەر ۋە پۇقرالارنى ھەردائىم ھەقسۇبھانە ۋەتائالاغا تائەت قىلىپ تۇرۇشقا، تەقۋادار بولۇشقا تەرغىب قىلىپ تۇرماق لازىمدۇر. چۈنكى، پادىشاھلىقنىڭ ئەبەدىيلىكى ۋە ھۆكۈمرانلىقى لەشكەرنىڭ غەلىبىسى بىلەن؛ يەرنىڭ ياخشى بولۇشى دېھقان بىلەندۇر. شۇڭا، ۋەزىر بولغان كىشى ھەممىشە ۋەيرانە كەنتلەرگە سۇ باشلاپ گۈللەندۈرۈپ ئاۋات قىلغاي ۋە شۇ يوسۇندا جاھاندارچىلىق قىلغاي.

مەلۇمكى، جاھاننى ئىدارە قىلىش لەشكەر بىلەن ۋۇجۇدقا چىقىدۇ؛ لەشكەر ئالتۇن - كۈمۈش بىلەن بەرپا بولىدۇ؛ پۇل - مال ئىمارەت بىلەن قولغا كېلىدۇ؛ ئىمارەت ئادالەت بىلەن ھوسۇلغا كىرىدۇ.

بەس، ۋەزىر بولغان كىشى ئەلنى ئادالەت بىلەن سوراشتىن ھەرگىز غاپىل بولمىسۇن؛ ھەرقانچە خاتىرجەم بولسىمۇ، پادىشاھتىن ئېھتىيات قىلسۇن ۋە قورقسۇن. چۈنكى، پادىشاھتىن قورقماق باشقىلارغا قارىغاندا ۋەزىرگە تېخىمۇ ۋاجىپتۇر.



ۋەزىر بولغان كىشى نېمەت ئىگىسى، يەنى پادىشاھنىڭ يېشى ھەرقانچە كىچىك بولسىمۇ، ئۇنى كىچىك ھېسابلىمىغاي؛ چۈنكى شاھزادە ئۆردەكنىڭ چۆجىسىگە ئوخشاش بولۇپ، ئۇنىڭغا سۇ ئۈزۈشنى ئۆگىتىشنىڭ ھاجىتى يوق. پات پۇرسەتتە كىشىنىڭ ياخشىلىقى ۋە يامانلىقىدىن خەۋەر تاپىدۇ. شاھزادە بالاغەتكە يەتكەندە ئىككى ھالدىن خالىي بولمايدۇ: يا ئالىم (دانا) بولىدۇ ۋە يا نادان. ئەگەر دانا بولسا، ۋەزىرلىك ئىلكىنى سىپايىلىق بىلەن ئەمەلدىن قىسقا قىلىدۇ؛ ئەگەر نادان بولسا، تولىمۇ يامان ئۇسۇللار بىلەن مەنسەپتىن قالدۇرىدۇ. ھەرھالدا داناىدىن جاننى قۇتۇلدۇرۇپ قېلىش مۇمكىن، لېكىن ناداندىن ھېچ نەرسىنى قۇتقۇزغىلى بولماس.

ۋەزىر بولغان كىشى يەنە پادىشاھنىڭ خىزمىتىدىن ھېچ ۋاقىتتا خالىي بولمىغاي. دۈشمەنلىرى يوق چاغدا پادىشاھ ھوزۇرىنى خىلۋەت كۆرۈپ، غەيۋەت قىلىپ، يامان گەپلەرنى قىلىشقا پۇرسەت تېپىۋالمىغاي. ۋەزىر بۇ توغرىدا ھەرگىز غاپىل بولمىغاي ۋە ھەممىشە ئۆز پادىشاھىنىڭ



ئەھۋالىدىن خەۋەردار بولۇپ تۇرغاي ھەمدە ئۆزى توغرىسىدا بولۇدىغان گەپ - سۆزلەردىنمۇ خەۋەردار بولۇپ تۇرۇشى ئۈچۈن، پادىشاھنىڭ خىزمىتىدە ھەرقاچان كۆز - قۇلاقلىرى بولغاي. ۋەزىر بولغان كىشى يەنە دۈشمىنىنىڭ مەملىكىتىدىن ئۆز پادىشاھىنىڭ مەملىكىتىدىن ئاگاھ بولغاندىنمۇ زىيادىرەك ئاگاھ بولغاي.

ھېكايەت: ئاڭلىشىمچە، فەخرۇد دەۋلەگە ئىسمائىل ئىباد ۋەزىر ئىدى. ئۇ ئىككى كۈن كۆرۈنۈشكىمۇ كەلمىدى، مەھكىمىدىمۇ ئولتۇرمىدى ۋە ھېچ كىشىگىمۇ مەھكىمىدە ئولتۇرۇشقا ئىجازەت بەرمىدى.

بىر چىقىمچى فەخرۇد دەۋلەگە ۋەزىرنىڭ كەلمىگەنلىكىدىن خەۋەر بەردى. فەخرۇد دەۋلە ۋەزىرگە: «سېنىڭ كەلمىگەنلىكىڭنىڭ خەۋىرىنى ئاڭلاپ كۆپ تەڭقىسلىقتا بولدۇم. ئەگەر مەملىكەت ئەھلىدىن ۋەيا باشقا ئىشتىن كۆڭلۈڭگە ئازار يەتكەن بولسا، ئۇنى يوقىتىشقا ھەرىكەت قىلاي؛ ئەگەر مېنىڭدىن گەپ - سۆزدە بىرەر سەۋەنلىك ئۆتكەن بولسا، ئېيتقىن، ئۇنى ئۆزرە قويۇپ كۆڭلۈڭدىن كۆتۈرۈۋېتەي. بۇ ئۆتكەن ئىككى كۈندە مەھكىمىدە ئولتۇرماسلىقىڭغا نېمە سەۋەب بولدى؟» دەپ كىشى ئەۋەتتى.

ۋەزىر ئېيتتى: «خۇدا ئۆز پاناھىدا ساقلىغايكى، پادىشاھنىڭ بەندىسى توغرىسىدا تەڭقىسلىقتا قالمىقى مۇمكىن بولمايدىغان ئىش. مەملىكەتنىڭ ئەھۋالى ئۆز نىزامى بىلەن مەمۇردۇر. سائادەت ئىگىسى پادىشاھ شاد - خۇراملىق ۋە خۇرسەنلىك يوسۇنى بىلەن خۇشال يۈرگەي. ئىنشائاللا، بەندىڭىزنىڭ بۇ تەڭقىسلىقى پات پۇرسەتتە كۆتۈرۈلۈپ كەتكۈسىدۇر».



ۋەزىر ئۈچىنچى كۈنى پادىشاھ فەخرۇد دەۋلەنىڭ خىزمىتىگە ئۆز قەرەلى بىلەن كېلىپ جايىدىن ئورۇن ئالدى.

فەخرۇد دەۋلە سورىدى:

— قايسى ئىشتىن كۆڭلۈڭ پاراكەندە بولدى؟

ۋەزىر ئېيتتىكى:

— كاشغەردىن خەۋەرچى ماڭا: «پالانى كۈنى خاقان پالانى باش قوماندانغا بىر سۆز ئېيتقاندى، ماھىيىتىنى پەرق ئېتەلمىدىم» دەپ خەت ئەۋەتىپتۇ. شۇ سەۋەبتىن كۆڭلۈمدە ھېچبىر خۇشاللىق بولمىدى. چۈنكى، خاقان كاشغەردە ئېيتقان ئۇ بىر سۆزنى بىز بۇ يەردە ئاڭلىمىغان تۇرساق، ئۇنىڭ ھەقىقىتىنى ئەلۋەتتە بىلمەيمىز - دە. مانا بۈگۈن مەكتۇپ يەتتى. ئۇنىڭ مەزمۇنىدىن خاقان ئېيتقان سۆزنىڭ چىن مەنىسى روشەن بولدى. كۆڭلۈممۇ ئارامىغا چۈشتى.

بەس، ھەممە ئىقلىم پادىشاھلىرىنىڭ ئەھۋالىغا دىققەت قىلمىش، جاھاندا بولۇۋاتقان ئىشلاردىن ئاڭلىغانلىرىنى پادىشاھقا مەلۇم قىلمىش لازىمدۇر. پادىشاھ دوست ۋە ياتلارنىڭ ھال - ئەھۋالىدىن ۋاقىپ بولۇپ تۇرغاي. شۇنىڭدا سېنىڭ دوستلۇقۇڭمۇ پادىشاھقا مەلۇم بولىدۇ.



هەر كىشىگە ئۆز لايىقىدىكى ئەمەل بېرىلگەي. قابىلىيەتسىز ۋە بىلمەيدىغان كىشىگە مەنسەپ بېرىلمىسۇن. مال ـ دۇنيا كۆپەيتمەك تەمەسىدە جاھان جاھىللار ئىلكىگە تاشلىنىپ قالمىغاي. يوقسۇل ئەمەلدارغىمۇ ئەمەل بۇيرۇلمىغاي، چۈنكى نامرات ئەمەلدار قۇرۇق ياغاچقا ئوخشايدۇ؛ ئۆزى ئاۋۋال يوپۇرماققا ئىگە بولماي تۇرۇپ، ئۆزگىگە باقمايدۇ، يەنى ئۆزگىنى يوپۇرماققا ئىگە قىلمايدۇ. بۇ خۇددى قوغۇن ئورەكلىرى ۋە ئۆزگە تېرىلغۇلارغا ئوخشاش بولۇپ، ئەگەر بۇ يەرلەر ئىلگىرى سۇغىرىلغان بولسا، ئىككىنچى سۈيىگە پاتلا قانىدۇ؛ ئەگەر ئورەك قۇرۇق بولسا، يەنى ئىلگىرى سۇغىرىلمىغان بولسا، سۇنى ئۆزى تامام قېنىپ ئىچمىگۈچە ئۆزگە يەرگە ئۆتكۈزمەيدۇ. بەس، يوقسۇل ئەمەلدار ئەنە شۇ قۇرۇق ئورەككە ئوخشاشتۇر. ئاۋۋال ئۆزى ھوسۇل ھاسىل قىلىپ بولۇپ، ئاندىن كىشىگە مەنپەئەت يەتكۈزىدۇ.

ھېكايەت: ئاڭلىشىمچە، پادىشاھ ئەبۇلفەزل ئەبۇلئەممى سۇھەيل خوجەندىيگە سەمەرقەنتنىڭ دىۋانبېگىلىكىنى بەرگەنىدى. ئۇنىڭ ئۈستىگە كاتتا نام ۋە شاھانە تون ئىنايەت قىلدى.

[2] بولاغاي

سۇھەيل خوجەندىي شۇ كۈنى خاجە، يەنى پادىشاھتىن رۇخسەت ئېلىپ، سەمەرقەنتكە يولغا چىقماق نىيىتىدە خاجەنىڭ خىزمىتىگە كەلدى ۋە دۇئا قىلىپ تەنھا بېرىشنى ئىلتىماس قىلدى. شاھ ئۇنىڭ ئىلتىماسىغا ماقۇل بولدى. سۇھەيل ئېيتتى:



— پادىشاھنىڭ ئۆمرى ئۇزۇن بولغاي، ھايات بۇلاقلىرى مەڭگۈ بۇلدۇقلاپ تۇرغاي. ۋاقتىكى، قۇللىرى سەمەرقەنتكە بارغاندا، مۇھىم ئىشلارنى بىر تەرەپ قىلىش ئۈچۈن دەۋا ـ دەستۇر سورىمىقىم لازىم كەلسە، ھۆكۈم قىلىشقا توغرا كېلىدۇ. بەس، پادىشاھىم، قۇللىرىغا نىشان كۆرسىتىپ بەرگەن بولسىلا، قايسى دەۋانىڭ ھۆكۈمىگە ئۆزلىرىدىن يارلىق تەلەپ قىلسام بولىدۇ ۋە قايسى دەۋا ـ دەستۇرنى ئۆزلىرىدىن سورىماي بىر تەرەپ قىلسام بولىدۇ؟

فەزل ئېيتتى:

— ئەي سۇھەيل، چۈشەندىم، بۇ ئەندىشىنى ئۆيۈڭگە بېرىپ قىلغىن، پېقىرنىڭ دەرھال جاۋاب بەرمىكى مۈشكۈلدۇر؛ نەچچە كۈن سەۋر قىلىپ ساقلاپ تۇرغىن، مەن بۇ سوئالىڭنىڭ جاۋابىنى ئويلىشىپ كۆرەي!

سۇھەيل ئۆيىگە قايتتى.

پادىشاھ دەرھال سۇلەيمان بىن يەھياغا ئۇنىڭ، يەنى سۇھەيلنىڭ ئەمەلىنى ئېلىپ بېرىپ، تەسەررۇپ تامغىسى بىلەن ھۆرمىتىنى قىلىپ سەمەرقەنتكە يولغا سېلىپ قويدى. سۇھەيلگە بولسا:



«بىر يىلغىچە تاشقىرى چىقماي، ئۆز ئۆيىدە زىنداندا ئولتۇرغاندەك ئولتۇرسۇن!» دەپ پەرمان قىلدى. بىر يىل ئۆتكەندىن كېيىن پادىشاھ سۇ-ھەيلنى چاقىرىپ ئېيتتىكى:

—— مېنىڭ بىرسى راست ۋە يەنە بىرسى يالغان ئىككى خىل پەرمان قىلغىنىمنى، پەرمانىمدا خەلققە تائەت ھالقىسىدىن بلش تارتىپ، نەپس ـ ھەۋەس دامىغا مايىل بولۇش ۋە قىزىقىش توغرىسىدا بىرەر نەرسە ئۆگەتكىنىمنى كۆرگەنمىدىڭ؟! مەندىن قانداق ئەخمەقلىقنى كۆردۈڭ؟ مېنىڭ پەرمانىم بىرلا بولىدۇ. خالىغانلىكى ئىشقا پەرمان قىلىپ يۈرمەيمەن. كىشىدىنمۇ قورقۇنچۇم يوق. ھۆكۈمەت ئىشلىرىدا ئاجىز ئەمەسمەن. ئاجىزلار ھەققىدىكى گۇمانىڭنى ماڭا يۈكلەۋاتىسەن. مېنى مەشغۇلاتلاردا «پىيادە»، يەنى دۆلەت ئىشلىرىدا باشقىلارغا تايىنىپ سەلتەنەت سۈرىدۇ، دەپ بىلگەن ئوخشايسەن. مەنمۇ سېنىڭ شۇ پەرىزىڭنى ماقۇل كۆرۈپ، سېنى ئەمەلدىن «پىيادە» قىلدىم.

ھاياتلىقىڭدا ئەمەل تۇتۇش مۇمكىن بولۇپ قالسا، تامغا ۋە نىشان دەستىكىنى يالغانغا ئىشلەتمە. ئەگەر بىرەر ئەمەلدار پەرمانىڭغا خىلاپ ئىش قىلسا، ئۇنى ئوبدان ئەدەپلە، تىرىكلىكىڭدە ھۆكمىڭ راۋان يۈرگۈزۈلىدىغان بولسۇن. بولمىسا، سەندىن كېيىن كىشىلەر ھۆكۈمگە ئەمەل قىلمايدىغان، ھەتتا ئۆتكەن ۋەزىرلەرنىڭ ھۆكۈملىرى تەرىقىسى بىلەن ئىش قىلمايدىغان بولۇپ قالىدۇ!



بەس، پادىشاھ ۋە ۋەزىرنىڭ پەرمانى ئۈنۈملۈك ۋە كەسكىن بولسۇن، ھەشەمەت بىلەن نۇقسانسىز ئۆز جايىدا قارار تاپسۇن، بارلىق مەشغۇلاتلىرى راۋان بولسۇن.

ۋەزىر ھاراق ئىچمىگەي. چۈنكى، ھاراق ئىچىشتىن غەپلەت، مەغرۇرلۇق ۋە بىپەرۋالىق يۈز بېرىدۇ. غاپىل ۋە مەغرۇر ۋەزىردىن ئاللا ساقلىغاي.

پادىشاھمۇ ھاراققا مەشغۇل بولسا، مەملىكەت تېزلا زاۋاللىققا يۈزلىنىدۇ. بەس، ئۆزىنى شەرىئەت قائىدىسىگە خىلاپ ئىشلاردىن ھەر ۋاقىت ياخشى قوغدىغاي.

ئومۇمەن، يېقىن بايان قىلغان تەرىقىدە پۇختا ۋە مۇستەھكەم بولغىن. ۋەزىر مەملىكەتنىڭ پاسىبانىدۇر. پاسىبانىنىڭ يەنە بىر پاسىبانى بولمىقى ناھايىتى بولمىغۇر ئىشتۇر. ۋەزىرلىكنىڭ تەرىقى ئۇشبۇ رەۋىشتە بايان قىلىندى. ئەگەر نېسىۋەڭ ۋەزىرلىكتىن باش قوماندانلىققا چۈشسە، ئەلۋەتتە، باش قوماندانلىقنىڭ شەرتىنىمۇ ئوبدان تەييار قىل، كۈندىن ـ كۈنگە تەرەققىي ھاسىل بولغاي. ۋەسسالام.



## قىرىق بىرىنچى باب
## باش قوماندانلىقنىڭ رەۋىشى

ئەي نەملىك كۆزۈمنىڭ نۇرى، غەمكىن كۆڭلۈمنىڭ غەمخورى، ئەگەر باش قوماندان، يەنى لەشكەر بېشى بولساڭ، لەشكەرگە دائىم ھەم پادىشاھ تەرىپىدىن، ھەم ئۆزۈڭ تەرىپىدىن ئېھسان قىلغىن. لەشكەرلەرنىڭ ھال ـ ئەھۋالىدىن ھەمىشە ئاگاھ ۋە خەۋەردار بولغىن. لەشكىرىي ئىشلار ۋە سەپ تۈزمەكلىك تەرتىپنى ياخشى بىلگىن.

دۈشمەن بىلەن جەڭ سەپلىرىنى تۈزۈپ سوقۇشۇشقا توغرا كەلسە، ئوڭ ۋە سولغا جەڭ ماھارەتلىرىنى ئۆگەنگەن، جەڭ ئىلمىگە پۇختا ۋە جاھان كۆرگەن سەركەردىلەر ئەۋەتىلسۇن. باھادىرلارنىڭ تايانچى ۋە لەشكەرلەرنىڭ خىللىرى لەشكەرلەرنىڭ يانلىرىدا تۇرغۇزۇلسۇنكى، دۈشمەنگە قارشى ئاۋانگارت شۇلار بولغاي. ئاجىز دۈشمەنگىمۇ كۈچلۈك دۈشمەنگە قارىغان كۆزدە قارىماق لازىمدۇر.

لەشكەر بېشى سوقۇشتا بەك قارامىلىقمۇ قىلمىسۇن، بولمىسا قاراملىق تۈپەيلى لەشكەر بەربات بولىدۇ؛ جەڭدە ئۇنچىۋالا يالتايغاق ۋە قورقۇنچاقمۇ بولمىسۇن، بولمىسا دىلغۇللۇق تۈپەيلى لەشكەرلەر دۈشمەن لەشكىرىگە ئارقىسىنى قىلىپ قاچىدۇ.



لەشكەر بېشى يەنە جاسۇس، يەنى كۆز ـ قۇلاق ئەۋەتىپ دۈشمەننىڭ ئەھۋالىدىن ئاگاھ بولماقتىن زىنھار غاپىل بولمىغاي، كېچە ۋە كۈندۈز ھىمايىچى قوشۇن ئەۋەتمەكنىڭ ھازىرلىقىدا سەۋەنلىك سادىر قىلمىغاي؛ جەڭ بولىۋاتقاندا، دۈشمەن لەشكىرىگە مەغرۇر قىياپەتتە نەزەر سالغاي، ئۆز لەشكىرىگە بولسا «بۆلارنىڭ، يەنى دۈشمەنلەرنىڭ قانچىلىك كۈچى بولسۇن؟ ئۇلارنى بىر سائەتتىلا تارمار قىلىۋېتىمىز» دەپ، لەشكەرلىرىنىڭ روھىنى كۆتۈرگەي.

لەشكەر بېشى يەنە ھەممە لەشكىرىنى بىراقلا ھۇجۇمغا بۇيرۇمىغاي، تۇغ ـ نىشانلىرى بىلەن توپ ـ توپ قىلىپ ئەۋەتكەي؛ سەردارلارنى بىرىدىن ـ بىردىن قىچقىرىپ، ھەر بىرىنى بىر توپقا «پالانى ئىشقا پالانى خىدلىك بىلەن بىللە بارغىن...» دەپ مۇستەقىل باش قىلغاي.

ئۇرۇشتا يارىغىسىزلارنى ئالدىدا ماڭدۇرغاي، كىمكى جەڭنى ئوبدان قىلىپ، دۈشمەن لەشكىرىنى يىقىتىپ، مەجرۇھ قىلىپ باش ۋەيا ئات كەلتۈرسە ۋەياكى كۆڭۈلگە ياققۇدەك خىزمەت قىلسا، خىزمىتىگە يارىشا بېرىلىدىغان مۇكاپاتنىڭ ئىككى ھەسسىسىگە باراۋەر مۇكاپات بېرىلگەي؛ تون ـ سەرۇپاي كىيدۈرۈلۈپ، مائاش ـ تەمىناتى كۆپەيتىلگەي؛ بۇنداق چاغلاردا پۇل ـ مال سەرپ قىلىشتىن ئايانمىغاي، كەم ھىممەتلىكنى ئادەت قىلمىغاي. شۇندىلا پات پۇرسەتتە نىيەتكە



يەتكىلى بولىدۇ. لەشكەرلەرنىڭ ھەممىسى تون ـ سەرۇپاي ۋە ئېھسانىنى كۆرۈپ، پۈتۈن نىيىتى بىلەن نۇسرەت قازىنىپ، خىزمەت كۆرسەتمەكـ نىڭ كويىدا بولىدۇ؛ بۇ تىرىشچانلىقنىڭ سەۋەبىدىن غەلىبە قىلىپ مۇددىئايىڭغا يېتەلەيسەن. ئەگەر مەقسىتىڭ ھاسىل بولسا، ياخشىسى، ئۆزۈڭنى بېسىۋال؛ دۈشمەننى قوغلىما، ئۆز جايىڭدا مەھكەم تۇر. ئۆز ئالدىڭغا ھېچ ئىش قىلما. جەڭنىڭ لەشكەر بېشىنىڭ قولىغا قالغىنى ئىشنىڭ ئاخىرىغا يەتكەن ۋاقتىدۇر. ئەگەر داۋاملىق جەڭ قىلماقچى بولساڭ، نىشان ۋە پۇرسەتنى تېپىپ جەڭ قىل. مۇۋەپپەقىيەت قازاز ـ غاندا، لەشكەرلەرنى رىغبەتلەندۈر. ئەلۋەتتە، جەڭدىن ۋاز كەچمەك ياكى چېكىنمەك خىيالىدا لەشكەرلەرنىڭ كۆڭلىنى دېلىغۇل قىلما، بەلكى ئۇلارنىڭ كۆڭلىدە ئۆزىنى ئۆلۈمگە ئاتايدىغان جاسارەتنى تۇرغۇز. ھەر كىشى ئۆلۈمگە رازى بولسا، ئۇنى ئاسانلىقچە جايىدىن يۆتكىگىلى بول ـ مايدۇ. ئەسجەدى تەۋسىف قىلىنغان لەشكەرلەردىن بولمىغاي. بېيىت:

سىپەھسالار ئەئدادىن بەرۇ لەشكەر شىكەن ئاخىر،
كى ئاندىن سىندى كۆپ لەشكەر، ۋەلى ئۆز لەشكەرى يەكسەر.

(سەر لەشكەر شۇنداق بولغايكى، لەشكەرلىرى ئۇنىڭ ۋۇجۇدىدىن غەي ـ رەت ـ شىجائەتنى كۆرەلەيدىغان؛ دۈشمەن لەشكىرى ئۇنىڭ جاسارىتىدىن ۋەھىمىگە قالىدىغان بولسۇن).

ۋاقتىكى، نۇسرەتنىڭ مەيىن شاماللىرىدىن زەپەر غۇنچىسى ئېچىلىپ، دۈشمەن لەشكىرى تالاپەتكە ئۇچراپ قاچسا، ئارقىسىدىن كۆپ قوغلىما؛ قاچقان دۈشمەننىڭ ئارقىسىدىن قوغلىماقلىق خاتالىقتۇر، قوغلىساڭ، قانداق ۋەقەنىڭ يۈز بېرىشىنى بىلگىلى بولمايدۇ. دادام ـــ ئاللا ئۇنىڭغا ھەرەمنى رەھمەت قىلغاي ـــ مەغلۇپ بولۇپ قاچقان دۈشمەننىڭ كەينىدىن ھەرگىز قوغلىمايتتى. ئۇ جەڭ ۋە لەشكىرىي ئىشلار تەرىقىدە يېگا ـ نە، ئۇرۇش مەيدانىدا ـــ شىجائەتتە تەڭداشسىز ئىدى. سۇلتان مەھ ـ مۇدمۇ ـــ ئاللا ئۇنىڭغا مەدەت قىلغاي ـــ ئۇشبۇ ئۇلۇغۋارلىقنى ئىختىيار قىلغانىكەن. ئۇ: «يېڭىلگەن كىشى ھارغان ۋاقىتتا جېنىنى تىكىدۇ، جەڭگىۋار لەشكەر بىلەن جەڭ مەيدانىدا ئويناشقىلى بولمايدۇ، خاتا ئاتقان ئوقمۇ جايىغا تېگىدۇ» دېگەنىكەن.



يەنە ئات سېلىپ ئېچكىرىلەپ ماڭغاندا، كىرگەن يولنى كۆرگەنگە ئوخشاش، يېنىپ چىقىدىغان تەرەپنىمۇ ئوبدان كۆرۈۋال ـ ماق لازىمدۇر. ئىش ھەمىشە كۆڭۈل خاھىشىچە بولمايدۇ. بۇ سۆز ـ لىرىمنى ئۇنتۇپ قالغۇچى بولما. ئەگەر جەڭ قىلىۋاتقان ۋاقتىڭدا ئورۇنلاشقان جايىڭ ئوبدان بولمىسا، گەرچە ئارقاڭدىكى بىر قەدەم نېرىدا ئەپلىك يەر بولسىمۇ، ئارقاڭغا يانما؛ ئەگەر بىر قەدەم كەينى ـ گە چېكىنسەڭ، لەشكىرىڭمۇ دەرھال چېكىنىدۇ. شۇڭا، ئورنۇڭدا مەھكەم تۇر. مۇمكىن بولسا، بىر قەدەم ئىلگىرى ماڭ. لەشكەر جان

ۋە تەنلىرىنى سېنىڭ جىسمىڭ ۋە روھىڭغا پىدا قىلماقچى قەسەم ئىچىدىكەن، سەنمۇ ئۇلارغا ئىنئام ۋە ساخاۋەت قىلماقتىن ئايانما. ئەگەر ئۇلارغا دەماللىققا ئىنئام، تون - سەرۆپاي بېرىش، مائاشىنى كۆپەيتىش ئىمكانىيىتىڭ بولمىسا، ياخشى سۆز بىلەن بولسىمۇ كۆڭلىنى ئۇت. بىر لوقما نان ۋە بىر كاسا شەربەتنىمۇ لەشكەرلەر بىلەن تەڭ يە ۋە ئىچ. چۈنكى، شۇ بىر لوقما نان بىلەن ھاسىل بولغان نەتىجىنى ئالتۇن - كۈمۈش، تون - سەرۆپاي بىلەن ھاسىل قىلغىلى بولمايدۇ. لەشكەرلەرنىڭ كۆڭلىنى ھەمىشە خۇش تۇت. ئەگەر ئۇلار مەندىن جانلىرىنىمۇ ئايىمىسۇن دېسەڭ، ئۇلاردىن نېنىڭنى ئايىما. گەرچە ھەرقانداق بىر ئىش ھەممىگە قادىر ياراتقۇچىنىڭ تەقدىرىگە باغلىق بولسىمۇ، لېكىن تەدبىر شەرتلىرىدە قىلچە سەۋەنلىك سادىر قىلما. ھەق سۇبھانە ۋەتائالا ئىنايەت قىلىپ پادىشاھلىق مەرتىۋىسىگە يەتكۈزسە، ئەلۋەتتە پادىشاھلىق شەرتىنى ئوبدان ھازىرلىغايسەن.



## قىرىق ئىككىنچى باب
## پادىشاھلىقنىڭ ئادەتلىرى

ئەي يۈرەك پارەم، كۆزۈمنىڭ نۇرى، سۆيۈملۈك پەرزەنتىم، ئەگەر پادىشاھلىققا مەنسۇپ بولساڭ، تەقۋادار بولغىن؛ كۆز ۋە ئىلكىڭنى ئەلنىڭ يەر - جاي ۋە خوتۇن - بالىلىرىدىن يىراق تۇت.



ھەر ئىشتا ئۆز رايىڭنى پەرمانىڭغا بويسۇندۇر. ھەممە ئىشلاردا ۋەزىرىڭ بىلەن كېڭەشكىن، چۈنكى پادىشاھنىڭ خاس ۋەزىرى پاراسەتلىك كېلىدۇ.

سەۋر - قارارىڭ چېكىگە يەتسىمۇ، ئالدىراقسانلىق قىلما. ھەر ئىشقا قەدەم قويماقچى بولساڭ، ئاۋۋال شۇ ئىشنى قانداق تۈگىتىشنى كۆزدە تۇت؛ ئاخىرىنى كۆرمىگۈچە خۇلاسە چىقارما. ھەر ئىشنى كېڭىشىش بىلەن قىل. ھەرقانداق بىر ئىش سۆزلىشىش ۋە كېڭىشىش بىلەن نەتىجىلىنىدىغان بولسا، كېڭىشىشتىن باشقا ئىشنى ئادەت قىلما، ئادالەتسىزلىك، يەنى ئۆكتەملىك بىلەن بىر تەرەپ قىلماقتىن ساقلان.

بارلىق ئىشلار ۋە ھەممە سۆزلەرنى ئادالەت كۆزى بىلەن كۆر ۋە ئاڭلا، ھەممە ئىشلاردا راست ۋە يالغاننى پەرقلەندۈرۈشكە مۇيەسسەر بولالايسەن.

پادىشاھنىڭ ئەقىل كۆزى ئېچىلماي تۇرۇپ راست ۋە يالغاننىڭ پەردىسى ئېچىلماس!

قول ئاستىدىكىلەر تەپ تارتمايدىغان، يەنى ھېيىقمايدىغان بولۇپ قالمىسۇن دېسەڭ، ھەمىشە راست سۆزلۈك ۋە كەم كۈلكە بولغايسەن. ئېيتىپتۇرلاركى: «ئىشنىڭ ئەڭ يامىنى — پۇقرالارنىڭ پادىشاھقا بولغان



بويۇنتاۋلىقى ۋە پەرمانغا بويسۇنماسلىقىدۇر».

ئىنئام ۋە ئېھسانغا لايىق كىشىلەرگە ئىنئام ۋە ئېھسان دائىم يەتمەي تۇرسۇن، ئەمما خەلققە كەم كۆرۈنگىن. لەشكەر ۋە پۇقرانىڭ نەزەرىدە كۆرۈش ئىستىكى سۇسلاپ قالمىسۇن.

ئۆزۈڭنى زىنھار خار ۋە ئېتىبارسىز تۇتما.

خودايىتائالانىڭ بەندىلىرىگە رەھىم ـ شەپقەت قىلغىن. ئەمما، رەھىمسىزلەرگە رەھىمسىز بول. ئىنئام ۋە كەرەمنى ئادەت قىل.

خالايىققا ئۆزۈڭنى سىياسەتلىك ۋە ھەيۋەتلىك كۆرسەتكىن. مۇلايىم ۋە سەممىيلىكىڭنى ۋەزىرىڭگە ئاشكارا كۆرسەتمە. ئۆزۈڭنى بىر يولى ۋەزىرىڭنىڭ رايىغا موھتاج قىلىپ قويما. ۋەزىر ھەر كىمنىڭ ھەققىدە سۆز قىلسا، ئۇنى ئاڭلا، ئەمما دەرھال ھۆكۈم قىلما. ئەھۋالنى ياخشى تەپتىش قىلىپ، توغرا ـ خاتاسىنى ئايرىپ، ئاندىن شەرىئەت رۇخسەت قىلغان دائىرىدە ھۆكۈمگە پەرمان قىلغىن.

ئەگەر كىشىگە ۋەزىرلىك مەنسىپىنى بەرسەڭ، ئۇنىڭغا بارلىق ئىمتىياز ۋە ھوقۇقنى تولۇق بەرگىن، مەملىكەتنىڭ ئىشلىرى زىيانغا ئۇچرىمايدۇ. يەنە ۋەزىر مائاشتىن قىسىلىپ سەۋەنلىك سادىر قىلمىسۇن دېسەڭ، ۋەزىرنىڭ ئۇرۇق ـ تۇغقانلىرىغا ئېھسان قىلمىغاي. لېكىن، ۋەزىرنىڭ تۇغقانلىرىغا ئەمەل بۇيرۇلمىغاي. قويرۇق بىر يولى مۈشۈككە تاپشۇرۇلمىسۇن. چۈنكى، ۋەزىر ھېچقاچاندا ئۆز قاياشلىرىنىڭ ئىشىنى راستلىق بىلەن ھېساب ـ كىتاب قىلمايدۇ، پادىشاھنىڭ مال ـ مۈلكى تەمەسىدە ئۆز ئۇرۇق ـ تۇغقانلىرىنى ھامان موھتاج ۋە ھاجەتمەن كۆرسىتىدۇ. ئۇنىڭ ئۈستىگە ۋەزىرنىڭ خەلقى، يەنى ئۇرۇق ـ تۇغقانلىرى كۆچىيىپ كەتسە، ھېچكىمدىن ئەيمەنمەيدىغان، قورقمايدىغان بولۇۋالىدۇ، ھەتتا شۇ قەدەر قورقۇمسىز بولۇپ كېتىشىدۇكى، باشقىلار ئۇلار قىلغاننىڭ يۈزدىن بىرىنىمۇ قىلالمايدۇ.



ئوغرىغا رەھىم قىلمىغىن، ئۆلتۈرۈشكە توغرا كەلسە، ئەپۇ قىلما؛ ئەمما ئېھتىياتچان بولغىنكى، مۇبادا قىساس ئالماقنى كۆڭلىڭگە پۈككەن بولسا، ئەپۇ قىلغىنىڭ بىلەنمۇ ھامان قىساس ئالماقنىڭ پەيدا بولىدۇ.

خىزمەتكارلىرىڭغا رەھىم ـ شەپقەت قىلغىن. چوڭلار پادىچىغا، كىچىكلەر قويغا ئوخشاشتۇر. ئەگەر پادىچى قويىنى بۆرىدىن ساقلىمىسا، قوي ھالاك بولىدۇ.

بىراۋغا ئازار بېرىپ كۆڭلىنى ئاغرىتقان بولساڭ، قايتا دوستلىشىشقا ئىشەنچ باغلىما.

ھەممە كىشىنى لايىقىدا ئىشقا قوي، خىزمەتكارغا ئىشلىمەك لازىمدۇر، بىكارچىلىق ياراشماس. ھەر كىشىگە ئىستېداتىغا مۇناسىپ خىزمەت بۇيرۇلغاي. شارابدارلىققا لايىق كىشى خەزىنىدار قىلىنمىغايكى، ھەر كىشىنى تۈرلۈك ئىشقا قويغىلى بولماس.



شۇنداق ئېيتىپتۇرلاركى: «ئىش - ئەمەل ھال - ئەھۋالغا ماس كەلگەي». تۆھمەتخور، مەسخىرىۋازلارنىڭ تىلى گەرچە ساڭا كۆڭۈل ئازادىلىكى بەرمىسىمۇ، ئەمما مەملىكەتكە زىيان يەتكۈزەلمەيدۇ: ھەرقانچە نادان كىشىمۇ «مەن بۇ ئىشنى قىلالمايمەن» دېمەيدۇ — ئۆز نادانلىقىغا قايىل بولمايدۇ، ئۆز مەنپەئەتىنى كۆزلەپ، ھەرقانداق ئىش ۋە ئەمەلنى قوبۇل قىلىدۇ. لېكىن، ئۇ بېجىرگەن ئىش - ئەمەل نۇقسانلاردىن خالىي بولمايدۇ. شۇڭا، ئىشلار ئىش بىلگۈچىگە تاپشۇرۇلغاي، باش ئاغرىقىدىن قۇتۇلالايسەن.

ئەگەر پۇل - مېلى يوق بىرەر چاكارغا مېھرىبانلىق نەزىرىڭ چۈشۈپ، ئۇنى ئەزىز ۋە مۆكەررەم، باي ۋە كاتتىلاردىن قىلماقنى ئىرادە قىلساڭ، قانچىلىك ئىلتىپات كۆرسەتسەڭ مەيلىكى، ئۇنى پادىشاھلىق بوسۇغىسىغا، شاھىنشاھلىق داستىخىنىغا يېقىن يولاتما. ئەگەر بىرەرسى ئۇنىڭ پەرمانىنى كۆزگە ئىلمىسا، سېنىڭ پەرمانىڭنى كۆزگە ئىلمىغان بولىدۇ. شۇ سەۋەبلىك، سېنىڭ پەرمانىڭ كىشىلەر نەزىرىدە ئېتىبارسىز، ھۆرمەتسىز ئورۇنغا چۈشۈپ قالىدۇ. پادىشاھنىڭ ئەڭ كاتتا راھىتى پەرمانىنى جارى قىلدۇرۇش ۋە داد سوراشتۇر. چۈنكى، پادىشاھ ئادەملىك سۈرەتتە پۇقرالار بىلەن باراۋەردۇر. پەرق شۇكى، پادىشاھ پەرمان قىلغۇچىدۇر، پۇقرالار پەرمانىنى ئىجرا قىلغۇچىدۇر.

ھېكايەت: ئاڭلىشىمچە، سۇلتان مەھمۇدنىڭ نىساباۋەرد شەھىرىگە مەسئۇل قىلغان ئەبۇلفەتھ بۇستىي ئاتلىق بىر ھاكىمى بار ئىدى. ئۇ شۇ شەھەردە بىر كىشىنى تۇتۇپ، خاتىرجەملىكىنى بۇزۇپ، مال - مۈلكىنى مۇسادىرە قىلىپ، ئەمىلىدىن توختىتىپ زىنداندا مەھبۇس قىلدى. ئۇ كىشى نەچچە ۋاقىتتىن كېيىن تۈرلۈك ھىيلىلەر بىلەن زىنداندىن چىقىپ غەزنەيىنگە بېرىپ، سۇلتان مەھمۇدنى نەق داد سوراپ ئولتۇرغان ھالەتتە تاپتى ۋە ھاكىمنىڭ ئادالەتسىزلىكى ئۈستىدىن ئەرز قىلدى. سۇلتان مەھمۇد ئۇ كىشىنىڭ پەريادىنى ئاڭلاپ، مىرزىسىغا بۇ ئىشنى ياخشى بىر تەرەپ قىلىش توغرىسىدا يارلىق پۈتۈشكە پەرمان قىلدى. ئۇ كىشى يارلىقنى ئېلىپ خۇشال بولۇپ نىساباۋەردكە يېنىپ كېلىپ، سۇلتاننىڭ يارلىقىنى ھاكىمغا بەردى. ھاكىم خەتنى ئېلىپ «بۇ كىشىنىڭ يەنە غەزنەيىنگە بارمىقى مۇمكىن ئەمەس» دەپ ئويلاپ، پەرمانغا ئەمەل قىلمىدى. ئۇ كىشى يەنە غەزنەيىنگە بېرىپ خان يولىدا تۇردى. سۇلتان مەھمۇد باغ سەيلىسىدىن يېنىپ كېلىۋاتقاندا، يولنى توسۇپ ھاكىمنىڭ زۇلمى ئۈستىدىن قايتا شىكايەت قىلدى. سۇلتان مەھمۇد ئىلگىرىكى ئۇسلۇب بىلەن مىرزىسىغا ئىككىنچى قېتىم دەستەك (يارلىق) بېرىشكە ئەمر قىلدى. ئۇ بىچارە دېدىكى:

— بىر قېتىم كېلىپ ئېلىپ بارغان دەستەككە ئۇ زالىم ئەمەل قىلمىدى.




رحم وشفقت قیلنغای اولوغلار شبان مثل لیکی دور وکیچیکلار
قوی مانندی اگر قوینی بوری دین ساقلاماسا قوی هلاک بولغای
آزار بریب کونکلینی اغریتقان کیشیکا اعتماد قیلماغای وهم کیشی نی
بر شغل غه قویولغای خدمت کارغه کار در کار دوریکارلیق یراشماغای
وهر کیشیکا استعدادیغه مناسب خدمت بویرولغای نالیاقتلیق قه
لایق کیشی نی خزینه دار قیلماغای که هر کیشینی هر رنگ اشیقه قویغالی
بولماغای انداغکا ایت دورلار که کل عمل تحمل بنا طاعن لاد
تیلی سنکا کش اده بولماغای وملک کا خلل پیدا بولماغای وهر قانجه
نادان کیشی دین بو کارنی قیلا الماس من دیب اوز نادانلیغی غه
قایل بولماغای واوز نفعی نی کوزلاب الستی وعمل نی قبول قیلغای
ولیکن اول عمل ضلل دین خالی بولماغای ایشلارنی انینک کوچی کا
تاپشورولغای تا اوردیب سردین سالیم بولغای واگر رعایا گرغه
عین عنایت نظری توشوب انی خزینه ودفینه سیز عزیز ومکرم

سۇلتان بۇ گەپنى ئىشىتىپ، ئوڭايسىزلانغان هالدا:

— مەن ساڭا دەستەك بېرىمەن. ئەگەر ئۇ هاكىم ئەمەل قىلمىسا، بېشىڭغا تۇپراق چاچقىن، — دېدى.

دادخاھ ئېيتتى:

— ئەي جاھاننىڭ پادشاھى، سېنىڭ پەرمانىڭنىڭ راۋانلىقى تاغ-قا يېتىپ، لەئەلنىڭ جىگىرى خۇن بولغان تەقدىردىمۇ، ئۇ تاش يۈرەك زالىمنىڭ كۆڭلىگە زەررىچە تەسىر قىلمىسا، ئۇ هالدا بېشىمغا تۇپراق چاچمىقىمنىڭ نېمە لازىمى؟

سۇلتان:

— ئەي خاجە، ئۇنداق ئەمەس، خاتا دەپ قويۇپتىمەن، بېشىمغا مەن توپا چاچمىقىم لازىم، — دەپ، شۇ ناھىيەنىڭ پاشىپلىرىغا يارلىق قىلىپ غۇلاملارنى ئەۋەتتى ۋە دېدىكى:

— بېرىپ كىچىككىنە تۇرمەي ئۇ زالىمدىن بۇ بىچارىنىڭ مال-مۈلكىنى ياندۇرۇپ ئېلىپ بېرىپ، ئۇ هاكىمنى دارغا ئېسىڭلار ۋە «پادشاھنىڭ پەرمانىغا بويسۇنمىغان كىشىنىڭ جازاسى مۇشۇنداقتۇر» دەپ جار سېلىڭلار.

شۇنىڭدىن كېيىن پادشاھنىڭ پەرمانىدىن باش تارتىدىغان، يارلىققا قارشى ئىش قىلىدىغان ھېچ كىشى قالمىدى. شۇ سۆز سەۋەبىدىن خالايىق ئاسايىش تاپتىلار.

ھېكايەت: ئاڭلىشىمچە، سۇلتان مەسئۇد شجائەت ۋە مەردانىلىك تەرىقىنى ئىلكىگە ئالغان بولسىمۇ، ئەمما مەملىكەت باشقۇرۇشنىڭ تەرتىپلىرىنى بىلمەيتتى. كۆپلەپ كېنىزەكلەر بىلەن ئىشرەت قىلاتتى. تامام لەشكەرلەر پەرمانسىزلىق يۈگىنىنى قوللىرىغا ئېلىپ، ئۆز رايىچە توپىلاڭ-غوۋغا قوزغىغىلى تۇردى. پۇقرالارمۇ ھېيىقماس ۋە بىپەرۋا بولدى. پۇقرالارنىڭ ئۈمىد ئىشىكى ئېتىلگەنلىك سەۋەبىدىن كۆڭۈللىرى داغلاندى.


غنی ومحتشم ایلاماک نی اراده قیلسه کمال التفات دین انی پادشاه
لیق مدخلی غه مداخل وشهنشاه لیق نوالیغه منا ول قیلماغایکه
تا اینک فرمانینی خار کورماک بیله فرماینک حشم نظریدا بی اعتبار
وکم بولماغلیق غه انجام تاپماغای پادشاه غه هم راجع فرمان سودا
زداد سودماغلیق دور چراکه پادشاه رعیت بیله صورت دا برابر دور
بیکر فرق اولدورکه پادشاه فرمان قیلغوچی دور ورعیت فرمان
بردار ... سلطان محمودنینک
... ابوالفتح ... بر عالی
... شوال ... نعمتی نی تلاب
... موقوف قویوب اول کیشی نی
زندانده محبوس قیلدی ... اول مرد انواع
حیله لار بیله زندان دین ... غزنین غه باریب سلطان محمودنی
عین داد سوراب اولتورغان حالتی دا ... اول عامل ...

تابقای

بىر كۈنى بىر مەزلۇمە بىر كەنتتىن كېلىپ ناھىيەنىڭ ھاكىملىرى ئۈستىدىن سۇلتان مەسئۇدقا داد ئېيتتى. سۇلتان مەسئۇد ئۇ مەزلۇمەگە دەستەك بەردى. مەزلۇمە دەستەكنى ئېلىپ بېرىپ ھاكىمغا بەردى. ھاكىم نامەگە ئەمەل قىلمىدى. چۈنكى، ھاكىم بۇ مەزلۇمەنى قايتا غەزنەينگە بارالمايدۇ، دەپ ئويلىغانىدى. ئەمما، ئۇ موماي يەنە غەزنەينگە بېرىپ داد ئېيتتى. سۇلتان ئۇنىڭغا يەنە دەستەك بۇيرۇدى. موماي ئېيتتى:

— نامەنى ئېلىپ باردىم، مەزمۇنىغا ئەمەل قىلمىدى.

سۇلتان مەسئۇد ئېيتتى:

— مېنىڭ ۋەزىپەم نامە بەرمەكتۇر، ئۇ ئەمەل قىلمىسا، مەندە نېمە ئىلاج؟

موماي ئېيتتىكى:

— ئەي ۋىلايەتنىڭ ۋالىيسى، مەملىكەتنىڭ ئىگىسى، ئۇنداق پەرمان ئاڭلىمايدىغان ھاكىمغا كۆپرەك تەنبىھ بېرىپ، ئۇلارنى



مەھكەم تۇتقىن، پەرمانىڭ راۋان ۋە ئۆتىمدىغان بولغاي. بولمىسا مەملەكەتنى قانۇن - نىزام بويىچە باشقۇرالايدىغان، قەلىمى، خېتى ۋە ھۆكمىنى راۋان ئۆتكۈدەك قابىل بىرسىگە ئۆتكۈزۈپ بېرىپ، ئۆزۈڭ ئىشرەتكە مەشغۇل بولساڭ، خۇدايىتائالانىڭ بەندىلىرى زالىم ئەمەلدارلارنىڭ جەبىر - جاپاسىدىن خالاس بولسا، قالتىس ياخشى بولاتتى.

سۇلتان مەسئۇد مەزلۇمەنىڭ سۆزىدىن خىجىل بولۇپ، پەرمانىغا ئەمەل قىلمىغان ھاكىمنى دارغا ئېسىپ، ئۆزى غەپلەت ئۇيقۇسىدىن ئويغاندى. بەس، شۇنىڭدىن كېيىن ھېچ كىشىنىڭ پادىشاھنىڭ پەرمانىغا سۇسلۇق قىلغۇدەك زەررىچە ماجالى قالمىدى.

بەس، پادىشاھنىڭ ھۆكمى راۋان بولمىسا، ئۇنداق پادىشاھ شاھ دېيىشكە يارىمايدۇ. چۈنكى، پادىشاھ بىلەن ئۆزگىلەر ئارىسىدا بولىدىغان پەرق پەقەت پەرمان بىلەندۇر. پۇقرالار بىلەن پەرمان ئارىسىدا پەرمان چۈشۈرۈش ۋە پەرمانغا ئەمەل قىلىشتىن ئىبارەت پەرق مۇقەررەر مەۋجۇتتۇر. يارلىقنىڭ ئۆتكۈر، ئۈنۈملۈك ۋە راۋان بولۇشى سىياسەت سەلتەنەتنىڭ قۇدرىتى بىلەندۇر. بەس، پەرمانىم راۋان بولسۇن دەيدىكەن، پادىشاھ سىياسەت يۈرگۈزۈشتىن ھەرۋاقىت غاپىل بولمىسۇن. مەملىكەت ۋەيران بولمىسۇن دەيدىكەن، لەشكەرنى پۇقرالاردىن ئۈستۈن قويمىسۇن، پۇقرالارنىڭ مەنپەئەتىنى لەشكەرلەرنىڭ مەنپەئەتىدىن مۇھىمراق بىلسۇن. پادىشاھ پۈتكۈل ئالەمنى يورۇتقۇچى پارلاق ئاپتاپقا (قۇياشقا) ئوخشىمىقى لازىمدۇر. بىرسىگە قىلغان تەربىيەسى بەشىگە يەتكەي. بەزىسىگە يېتىپ، بەزىسىگە يەتمىسە، ئۇ پادىشاھنىڭ تەبىئىتىگە ياراشمايدۇ.



پۇقرالار ئادالەت بىلەن غالىبتۇر؛ مەملىكەت پۇقرالار بىلەن ئاۋاتتۇر. چۈنكى، بارلىق دارامەت پۇقرالار ئارقىلىق ھاسىل بولىدۇ. بەس، جەبىر ۋە ئادالەتسىزلىك تومانلىرى بىلەن مەملىكەت ئاسمىنىدىكى ئاپتاپنىڭ يۈزىنى توسۇۋالما. ئادىل پادىشاھلار بىناسىنىڭ قەسرى مۇستەھكەم بولىدۇ. زالىملارنىڭ كۆلبىسى زۇلۇمغا ئۇچرىغۇچىلارنىڭ كۆز يېشىنىڭ كەلكۈنى بىلەن خاراب بولىدۇ. مەلۇم بولدىكى، ئادالەت — ئەينى پاراۋانلىق ئېكىنزارلىقىنىڭ راۋان بولىقىدۇر؛ زۇلۇم — ۋەيرانلىق چاقمىقىنىڭ يېقىلغۇسىدۇر. ھۆكۈمالار: «ئالەمنىڭ گۈللىنىشى ۋە ئاۋاتلىقىنىڭ بولىقى ئادالەتتۇر؛ ئالەمنىڭ خاراب ۋە ۋەيران بولۇشىنىڭ سەرمايىسى ئادالەتسىزلىكتۇر» دېگەن.

بايلار ئۇلۇغ ئاللانىڭ بەندىلىرىنىڭ دەردىنى ئاڭلىماسلىقتا سېلىنىپ، غاپىللىق سادىر قىلمىغاي، خىلۋەتنى دوست تۇتمىغاي.

ئەگەر پادىشاھ لەشكەر ۋە پۇقرالاردىن بىزار بولسا، لەشكەر ۋە پۇقرالارمۇ ئامالسىز پادىشاھنىڭ خىزمىتىدىن ۋاز كېچىدۇ. شۇڭا، پۇقرا ۋە لەشكەرنى ياخشى ئاسراشتا سەۋەنلىك سادىر قىلمىسۇن. ئەگەر سەۋەنلىك سادىر قىلىنسا، پۇقرا ۋە لەشكەردىن ئايانغان پۇل - مال ئۆزگىلەرنىڭ ئولجىلىرىغا قوشۇلۇپ كېتىدۇ. لەشكەر پۈتۈنلەي



بىرلا جىنس خەلقتىن تەشكىل قىلىنمىسۇن. ھەرقانداق پادىشاھ لەشكىرىنى بىر جىنس خەلقتىن تەشكىللىسە، ئاخىر ئۆز لەشكىرىنىڭ ئىلكىدە ئەسىر بولىدۇ. سەۋەبى شۇكى، بىر جىنس خەلق بىر - بىرى بىلەن ئىجىل - ئىناق بولۇۋالىدۇ - دە، بىرسىگە يەنە بىرسىنىڭ قولى ئارقىلىق تەنبىھ بەرگۈزۈش ئىمكانىيىتى بولماي قالىدۇ. ئەگەر لەشكەر ھەر جىنستىن بولسا، بۇ جىنسنى ئۇ جىنس بىلەن ۋە ئۇ تائىپەنى بۇ جامائەت بىلەن ئىنقىلاپ ئوبدان باشقۇرغىلى بولىدۇ؛ بۇ قوۋم ئۇ قوۋمنىڭ خەۋپىدىن ئەنسىرەپ بولسىمۇ پەرمانغا بويسۇنمايدىغان ئىشنى قىلمايدۇ، پادىشاھنىڭ پەرمانىمۇ لەشكەرگە راۋان بولىدۇ. سۇلتان مەھمۇدنىڭ سەككىز مىڭ غۇلامى بار ئىدى. تۆت مىڭى تۈركىي ۋە تۆت مىڭى ھىندى ئىدى. ھەمىشە بۇنى ئۇنىڭغا ۋە ئۇنى بۇنىڭغا ئارىلاشتۇرۇپ تۇتقانلىقتىن، ھەر ئىككى جىنس ئىتائەتمەن ئىدى.

پادىشاھ يەنە لەشكەرنى ئۆز خانىسىغا غىزا ۋە شارابقا چاقىرىپ تۇرغاي، ئۇلارغا ئىھسان قىلغاي؛ كىيىم - كېچەك ئىنئام قىلىپ، خۇشال قىلىدىغان ۋەدىلەرنى بېرىپ، ئۇلارنىڭ قەلبىنى ئۈمىد - ئەندىشىگە تولدۇرغاي. ۋاقتىكى، كىشىگە ئىنئام بېرىش ئىرادە قىلىنسا، ئەگەر بەرمەكچى بولغان نەرسىنىڭ مىقدارى ئاز بولسا، ئۇ نەرسە جامائەت ئالدىدا تىلغا ئېلىنمىسۇن، خىلۋەتتە ئېيتىلسۇن؛ ئىنئامغا ئېرىشكۈچى ئاڭلاپ، ئەتراپىدا پەرۋانە بولىدۇ، ئەمما بۇ ئىش پەس ھىممەتلىك كىشىگە مەلۇم بولمىسۇن. پەس كىشىگە ھەددىدىن ئارتۇق شاھانە تارتۇق ئاتا قىلىنمىسۇن. كۆپچىلىك ئالدىدا ۋە سورۇنلاردا خەلققە ھىممەتنى مەلۇم قىلسۇن.



پېقىر سەككىز يىل غەزنەيندە سۇلتان مەۋدۇدقا ھەمسۆھبەت ۋە دوست بولدۇم. ئۇنىڭ ۋۇجۇدىدىن ئۈچ نەرسىنى ئەسلا كۆرمىدىم: بىرسى شۇكى، كىشىگە ئىككى يۈز دىناردىن كەم ئىنئام قىلغان بولسا، ئۇنى سورۇندا تىلغا ئالمايتتى؛ يەنە بىرسى ھەرگىزمۇ چىشلىرى كۆرۈنگۈدەك ئېغىز ئېچىپ كۈلمەيتتى ھەمدە ھەرقانچە ئاچچىقى كەلسىمۇ، كىشىگە «ھىممەتسىز» دېگەن سۆزدىن ئۆزگە سۆز بىلەن دەشنام قىلمايتتى.

ئاڭلىشىمچە، رۇم پادىشاھلىرىنىڭ ئادىتىمۇ شۇنداق ئىكەن. رۇم پادىشاھلىرىدا ياخشى ئادەت ۋە يېقىشلىق خىسلەتلەر كۆپ، لېكىن ئەجەم پادىشاھلىرىدا ئۇنداق قائىدە - يوسۇنلار يوق. ھەتتاكى بىرسى بىر كىشىنى ئۇرغان بولسىمۇ، تاياق يېگۈچى ھاياتىدا ئۇرغۇچىغا ھەرگىز ئۆچمەنلىك ساقلىمايدۇ، ئۇنىڭغا قايتۇرۇپ ئازار بەرمەيدۇ؛ «ئۇنى جازالايدىغانغا پادىشاھنىڭ ئىلكى بار» دەپ قارايدۇ.

ئەمدى ئۆز سۆزۈمگە قايتسام، سېنى سېخىي بولۇشقا مەجبۇرلىمايمەن؛ ئەمما ھېچقاچان پەس ھىممەت بولمىغىن. ھەتتا بېخىللىق خاراكتېرىڭنى تەبىئىتىڭدىن يوقىتالمىغان تەقدىردىمۇ، مەيلى يوشۇرۇن، مەيلى ئاشكارا بولسۇن، خالايىققا ساخاۋەت ۋە ھىممەت تۇغ-



ـرىسىدا لاپ ئۇرمىغىن، بولمىسا خەلققە دۈشمەن بولۇپ قالىسەن. دەماللىقا ئاداۋەت ئىزھار قىلمىغان بىلەن، ۋاقتى كەلگەندە ساڭا جان پىدا قىلىشتىن يۈز ئۆرۈپ، دۈشمىنىڭ بىلەن دوست بولىدۇ. شۇنىڭ ئۈچۈن، ئىمكان بار پادىشاھلىق غۇرۇرىنىڭ شارابىدىن مەست بولۇپ كەتمە ۋە مۇنۇ ئالتە خىسلەتنى زىنھار تەرك قىلما:

بىرىنچى، ھەيۋەت؛ ئىككىنچى، ئادالەت؛ ئۈچىنچى، ساخاۋەت؛ تۆتىنچى، مۇھاپىزەت؛ بەشىنچى، سەۋر-تاقەت؛ ئالتىنچى، راستچىللىق ۋە دىيانەت. قاچانكى پادىشاھ بۇ ئالتە خىسلەتتىن يىراق بولىدىكەن، پادىشاھلىق غۇرۇرىنىڭ شارابى دىمىقىنىڭ كەيپىياتىنى ئۆرلىتىپ، ئەقىل كۆزىنىڭ مەيلىنى نادانلىق ئىشكى بىلەن بەند ئېتىدۇ. ھەرقانداق پادىشاھ دۆلەت غۇرۇرىدىن مەست بولىدىكەن، پادىشاھلىقىنىڭ قۇياشىغا زاۋال يېتىپ، زۇلمەتكە پاتىدۇ. شۇڭا، پادىشاھ پادىشاھلىق ئەھكامىدىن غاپىل بولمىسۇن، بەلكى ھەممە ئەقلىم خاقانلىرىنىڭ سىرلىرىدىن ۋاقىپ بولسۇن.

دادامدىن ئەمىر قازىنىڭ ئەھۋالى توغرىسىدا مۇنداق بىر ھېكايەتنى ئىشىتكەنىدىم.

ھېكايەت: فەخرۇد دەۋلە بۇرادىرى ئەزدۇد دەۋلەدىن قېچىپ تۇرغۇدەك جاي تاپالماي، پاناھلىق تىلەپ بوۋام قابۇس بىن ۋەشمەگىرنىڭ دەرگاھىغا كەپتۇ. بوۋام ئۇنىڭغا ئامانلىق بېرىپ، ھېسابسىز ياخشىلىقلار قىلىپ، پېقىرنىڭ ھەمشىرىسىنى ئۇنىڭغا ئەقد نىكاھ قىلىپ بېرىپتۇ. بۇ نىكاھ ئۈچۈن نۇرغۇن ئالتۇن - كۈمۈش خىراجەت قىلىنىپتۇ. بۇنىڭ سەۋەبى شۇكى، مېنىڭ موماممۇ فەخرۇد دەۋلەنىڭ ھاممىسى ئىدى.



ئەزدۇد دەۋلە نىكاھ ئىشىدىن خەۋەر تېپىپ شەمسۇل - مەئالىغا نامە پۈتۈپ ئەلچى ئەۋەتىپتۇ. ئەلچى نامەنى شەمسۇل - مەئالىغا يەتكۈزۈپ بېرىپتۇ. نامەنىڭ مەزمۇنى مۇنداق ئىكەن:

«بۇرادىرىم ئەمىر ئەلى قېشىڭغا بېرىپتۇ. مەلۇمدۇركى، سەن بىلەن ئارىمىزدا دوستلۇق ۋە بۇرادەرلىك مۇناسىۋىتى مەھكەمدۇر. ئۈچىنچىمىزمۇ بىر ئىدى. ۋاھالەنكى، ئۇشبۇ بۇرادىرىم ماڭا دۈشمەندۇر. ئەلۋەتتە، ئۇنى تۇتۇپ ماڭا ئەۋەتىپ بەرسەڭ، ئۇنىڭ بەدىلىگە تەسەررۇپىمدىكى بەزى ۋىلايەتلەرنى ساڭا بەرسەم، مۇھەببىتىمىز تېخىمۇ مۇستەھكەم بولاتتى. ئەگەر يامان ئاتىلىپ قېلىشتىن ۋەھىمە يېسەڭ، ئۇنىڭغا شۇ يەردە زەھەر بەرگىن. غەرەزىمىز ھاسىل بولىدۇ، يامان ئاتىلىقمۇ بولمايسەن».

شەمسۇل - مەئالى نامەنى ئوقۇپ بولۇپ دەپتۇكى:

«سۇبھانالللا، سەندەك بىر ئۇلۇغ كىشىنىڭ پېقىرغا مۇنداق نەپرەتلىك خىزمەتنى بۇيرۇشۇڭنىڭ نېمە زۆرۈرىيىتى؟! سەن دېگەندەك قىلسام ئۆمرۈمنى قىيامەتكىچە يامان ئاتاق بىلەن ئۆتكۈزىمەن».


ويرانه بولغاى تا بوددن بهتليق كرشى كه معلوم بولماغاى وينه
يت كيشيكا چيددين ارتوق پادشاهانه عطا قيلماغاى وينه
علاوانجمن داخلق قرهمت في معلوم ايتلكاى سكز ييل فقيرغنينك دا
سلطان مودود غه هم صحبت ونديم ايرديم انينك وجوديدا اوج رشحه
هرگز كورماديم بريسى اولكه كيشيكا ايكى يوز ديناردين كم انعام قيلغانينى
انجمن دانى تبليغه سورماس ايردى مگر پروانه غه فرمان قيلور ايردى
وينه لبلارى غنچه سى اول مقدار خندان بولماس ايرديكه دندانى ژاله
سى نمايان بولغاى وينه هرقانچه قاتيغ غضبناك بولسه كشى نى دين بهت
لفظ دين اوزكا حرف سپاه دشنام قيلماس ايردى وروم سلاطين
لارى نينك دانى اوشبو سنوال داد وزا بارومى سلاطين لارى نينك
عادت مرغوب و خصلت محبوب لارى بار دوركه اول رسم عجم
پادشاهلاريدا بولماغاى آنداغكا اگر شينى سوقفالار مادامى كه
اول مغروب حيات دور دوباره انگا آزار برماكايلار استغا بيلار كيم

آنى سوقفالى پادشالار

ئەلچى دەپتۇ:

«ئەي ساھىب، ئەمىر ئەلىنى دەپ ئەزدۇد دەۋلەنى ئىلكىڭدىن چىقىرىپ قويما. ئۇ سېنى بىر تۇغقان قېرىندىشىدىن ئەۋزەل كۆرىدۇ. مېنى بۇ يانغا ئەۋەتىدىغان كۈنى سۆز ئارىلاپ، سەن توغرۇلۇق گەپ ئېچىپ: ‹خۇدايى تائالا گۇۋاھتۇركى، مەن شەمسۇل ـ مەئالىنى ناھايىتى دوست بىلىمەن. پالانى ئاينىڭ نەچچىسى، پالانى شەنبە كۈنى شەمسۇل ـ مەئالى ھامامىغا بېرىپتۇ. ھامامنىڭ ئارا ئۆيىدە پۇتى تېيىلىپ يىقىلىپ كېتىپتۇ دەپ ئاڭلاپ كۆپ بىئارام بولدۇم. قىرىق يەتتە يېشىدا قېرىلىق تەسىرىدىن قۇۋۋەت ـ ماغدۇرىدىن قالغان ئوخشايدۇ، دېدى.»

ئەلچىنىڭ بۇنى دېيىشتىن غەرىزى ئۆز پادىشاھىنىڭ شەمسۇل ـ مەئالىنىڭ ھەممە ئىشىدىن تولۇق خەۋەردار ئىكەنلىكىنى بىلدۈرۈپ قويۇش ئىكەن.

شەمسۇل ـ مەئالى شۇئان ئەلچىگە دەپتۇكى:

«ئەزدۇد دەۋلەنىڭ ئۆمرى ئۇزاق بولغاي. ئۇنىڭ پېقىرنى ئۇنتۇپ قالماي، دائىم ئەھۋالىمدىن ۋاقىپ بولۇپ، كۆڭۈل بۆلۈپ تۇرۇۋاتقانلىقى مەلۇم بولدى. لېكىن، مەنمۇ ئۇنىڭ ئەھۋالىدىن بىر دەممۇ غاپىل ئەمەسمەن. ئۇنىڭ غەم ـ ئەندىشىسىدە ئۆزۈمنىڭ غېمىنىمۇ ئۇنتۇپ قالدىم. پالانى ئاينىڭ نەچچىسى، پالانى شەنبە كۈنى، سېنى بۇ ياققا ماڭدۇرىدىغان كۈنىنىڭ ئىلگىرىكى كېچىسى، ‹پالانى يەردە مۇسەللەس ئىچىپ، پالانى جايدا يېتىپ قاپتۇ. ئۇ كۈنى نۇشتېپگەن ساقىي ئىكەن. ئەزدۇد دەۋلە ئۆگزىدىن چۈشۈۋېتىپ شوتىنىڭ ئىككى بالدىقى قالغاندا پۇتى تېيىلىپ يىقىلىپ چۈشۈپتۇ›، دەپ ئاڭلاپ تولىمۇ بىئارام بولدۇم ۋە دېدىمكى: ئىسىت، قىرىق ئىككى يېشىدا ئۇنىڭ ئەقلىگە نۇقسان يەتكىنىنى. قىرىق ياشلىق قۇدرەتلىك بىر پادىشاھ ئۆگزىدىن تۆۋەن چۈشەلىگۈسىز دەرىجىدە مەست بولغۇچىلىك مۇسەللەس ئىچىپ، يېرىم كېچىدە ئورنىدىن تۇرۇپ، مۇنداق ھادىسىگە يولۇققىنى نېمىسى؟!»


ايلكى بولغاى ايمدى اوز سوزوم كا ياندىم ايشلماى دور كه تكلف بيله
سيحى بولونغاى اما بار دون بهت بولونماغاى واگر اوز نجلى سرشتى
دين تاش قدم قويماق قه قادر بولمسه نهان وآشكارا خلايق قه
سخاوت و بهت لافيني اورولماغاى كه خلق دشمن بولغاى الحال
عداوت اظهار قيلماغان بيله وقتى دشمن بيله محاربه واقع بولسه
رنكا جان فدا قيلماق دين يوزاوروب دشمن غه يار بولغاى اما
جهد قيلب پادشاهلق غرور شرابيدين مست بولونماغاى ونهايت
بوالته خصلت ني ترك قيلماغاى اول هيبت و عدالت و سخاوت
و محافظت و مصابرت و صدق ديانت وقتي پادشاه بوالته
خصايلدين فارغ بولسه پادشاهيتي غرور به شرابى كيفيتي
دماغى غه اوملاب عقل كوزيكا نادانليق نقشى درى ميلى نى بندا ايكانكى
دهر پادشاه كه دولت غروريدين مست بولسا ناپادشاه ليغى
قويا بشميغه زوال يتيب بولماقى غه دليل دور و پادشاه

بولماسا

پادىشاھ ئەلچىگە ئۆزلىرىنىڭمۇ ئۇلارنىڭ ئەھۋالىدىن خەۋەردار ئىكەنلىكىنى بىلدۈرۈپ قويۇپتۇ.

ھەر ۋاقىت ئالەمدىكى پادىشاھلارنىڭ ھال ـ ئەھۋالىدىن خەۋەردار بولۇپ تۇرغىن. مۇبادا غاپىل بولساڭ، ئۆز ھال ـ ئەھۋالىڭدىن غاپىل بولغان بولىسەن.

يەنە بىرسى، ئەتراپىڭدىكى شاھ، مەرتىۋە ئىگىلىرى



ۋە ئەمىر بەگلەر بىلەن دوستانە ئۆت، دوست بولالمىغان تەقدىردىمۇ دۈشمەنلىشىپ قالما. ئەگەر دۈشمەنلىشىپ قالساڭ، ئاشكارا دۈشمەنلىشىپ يۈرمە. ئاڭلىشىمچە، ئىسكەندەر (زۇلقەرنەيىن) دۈشمەنگە يېقىنلاشقاندا، ئەسكەر بېشىدىن بىرسى:

— ئەي پۈتۈن ئالەمنىڭ پادىشاھى، ئەي زەپەر قۇچقۇچى ئەزىمەت، شۇ تاپتا دۈشمەن غەپلەت ئۇيقۇسىدادۇر. ئۇلارغا كېچىلەپ تۇيۇقسىز ھۇجۇم قىلساق، — دەپ مەسلىھەت بېرىپتۇ.

ئەمما، ئىسكەندەر دەپتۇكى:

— ئوغرىلىقچە زەپەر قۇچقان كىشى پادىشاھلىققا يارىمايدۇ.

پادىشاھلىقتا ئۇلۇغ ئىشلارنى قىلىشقا ئادەتلەن. قىلغان ئىشىڭنىڭ ئۇلۇغ بولمىقى لازىمدۇر. ئەپسۇسكى، فىرئەۋن دەسلەپىدىلا ئۇلۇغلۇق دەۋاسى قىلمىغان بولسا، ئالەمنىڭ پەرۋەردىگارى ئۇلۇغ ئاللا بۇ توغرىدا: «ئەنە رەببۇكۇمۇل ئەئلا» (مەن سىلەرنىڭ ئۇلۇغ رەببىڭلار بولىمەن) دېگەن سۆزنى رىۋايەت قىلماس ئىدى. ئۇنىڭ سۆزى قىيامەتكىچە پىنھان قالماس ئىدى. نامى تىلغا ئېلىنىپ، ئۇلۇغلۇق بىلەن مەشھۇر بولار ئىدى. ئەمما، ئۇ ئۆزى بىر گۇناھكار، ئەرزىمەس ۋە جاھىل مەلئۇندۇر. بۇنى دېيىشتىن مەقسەت، ئۇنى مەدھىيەلەش ئەمەس. شۇڭا، ھەر ئىش پېقىر بايان قىلغان تەرىقە بىلەن يۈرۈشتۈرۈلگەي. سەندە بولسۇنكى، ھەممەتسىز كىشىنىڭ نامى چىقمايدۇ.



ئۆزۈڭنىڭ نىشانىنى ئەزىز تۇت. ئادەتتىكى ئىشلارغا خەت - پۈتۈك ۋە يارلىق بېرىپ يۈرمە. بىراۋغا ھەددىدىن زىيادە ئالتۇن - كۈمۈش ياكى مال - دۇنيا ۋە ۋىلايەت تەسەددۇق قىلىپ بەرگەندە نىشان ئېھسان قىلغىن. ئەمما، ئۆزۈڭ بەرگەن يارلىق ۋە خەتكە خىلاپلىق قىلمىغىن. زۆرۈرىيەت تۇپەيلى ئاشكارا ئۆزرە ئېيتىپ خىلاپلىق قىلغان ھالەتتىمۇ كىشىلەر ماقۇل كۆرمەيدۇ. خۇسۇسەن، پادىشاھتىن تېخىمۇ شۇنداق.

پادىشاھلىقنىڭ شەرتى ئۇشبۇدۇر. بۇ ھۇنەر شۇ قەدەر ئۇلۇغكى، ھەر كىمگە مۇيەسسەر بولىۋەرمەيدۇ. شۇنداقتىمۇ، پادىشاھلىق شەرتلىرى يېتەرلىك بايان قىلىندى. ئەگەر ئۆزگە ھۇنەر كۆڭلۈڭگە يېقىپ قالسا، مەسىلەن، دېھقانچىلىققا ئوخشاش. شەرتلىرىنى ياخشى ئۆگەن. ھەرقانداق ھۇنەرنى تەرتىپى بىلەن مەشق قىلساڭ، ئىشلىرىڭدا روناق تاپالايسەن.

## قىرىق ئۈچىنچى باب
## دېھقانچىلىقنىڭ ئەدەپلىرى

ئەي كۆز ئىنسانىنىڭ ئابرۇيى ۋە كۆڭۈل بوستانىنىڭ خۇش بويى، ئەگەر دېھقانچىلىق ھۈنىرىنىڭ ھەشەمەتلىك تونىنى كۆڭۈل



چاھاربېغىدا كېيمەكنى ئىرادە قىلساڭ، ھەر قىسىم ئۇرۇقنى چاچىدىغان ۋاقىت ـ پەيتىنى بىلگىن. ھەر نەرسىنى ۋاقتى ئۆتمەستە تېرىغىن. ئون كۈن ئىلگىرى تېرىلغان زىرائەت ئون كۈن كېيىن تېرىلغان زىرائەتتىن ياخشىراقتۇر.

ئەگەر دېھقان بولساڭ دېھقانچىلىق ئەسۋابلىرىنى جۈپ ساقلىغىن. ئوبدان ئۇيلارنى ھەلەپ بىلەن سېمىز باق. ھەمىشە بىر جۈپ ئۇينى ئايرىپ سېمىز تۇت. جىددىي ئىش ۋاقتىدا مۇبادا بىر ئۇي ئاغرىپ قالسا، ئىش توختاپ قالىدۇ. ئورما ۋە تېرىلغۇ مەزگىلىدىن باشقا ۋاقىتلاردا يەر ئاغدۇرۇشتىن غاپىل بولما. كېلەركى يىلى قىلىدىغان تېرىقچىلىقنىڭ تەدبىرىنى بۇ يىل قىلغۇال. ھەمىشە ياۋا ئوت ـ چۆپلەر بېسىۋالىدىغان يەرنى تاللاپ تېرىقچىلىق قىلغىن، چۈنكى ئوت ـ چۆپ ئۆسمەيدىغان يەردىن زىرائەتمۇ ئۈنمەيدۇ. دېھقانچىلىقتىن مەنپەئەت ئالاي دېسەڭ، دائىم يەر تۈزلەپ، ئېتىز ـ ئېرىقنى پەرۋىش قىلىشقا مەشغۇل بول. ئەگەر باشقا بىر ھۈنەر بىلەن شۇغۇللانماقچى بولساڭ، ئىشنى تېز ۋە چىرايلىق قىل، خېرىدارىڭ كۆپ بولىدۇ. ئىشنى كەسىپداشلىرىڭدىن ئىنچىكە ۋە پۇختا قىل ھەمدە ئاز سودىغا قانائەت قىل. ھەددىدىن زىيادە سۇسلۇق ۋە ئارتۇقچە باھا تالىشىپ خېرىدارنى قاچۇرۇپ قويما. ھۈنىرىم ئارقىلىق رىزىق تاپاي، خالايىق سودىنى كۆپرەك مەن بىلەن قىلىدىغان بولسۇن دېسەڭ، ماتالىرىڭنىڭ باھاسىنى خېرىدارغا دوستانە ۋە سىلىق مۇئامىلىدە دېگىن. مولايىملىقىڭنىڭ سەۋەبىدىن خېرىدار باھا تالىشىشتىن خىجىل بولىدۇ، مەقسىتىڭمۇ تېزلا ھاسىل بولىدۇ. يۇقىرىدا بايان قىلىنغان سۈپەتلەر بىلەن سۈپەتلەنسەڭ، كەسىپداشلىرىڭ ئارىسىدا كۈچۈڭ زورىيىدۇ؛ شۇ سەۋەبلىك ئۆزگە ھۈنەرۋەنلەر رەشك قىلىدۇ، بۇنىڭ بىلەن بازار ئەھلىگە تېخىمۇ تونۇلىسەن. ئەمما، ھەرقاچان راست سۆزلەشنى ئادەت قىلغىن. بولۇپمۇ خېرىدارغا يالغان ئېيتمىغىن. بېخىللىقتىن پەرھىز قىلغىن. لېكىن، تەسەررۇپىڭدىكى ئىشلىرىڭنى ياخشى باشقۇر. دەسمايىسى ئۆزۈڭدىن ئازلارغا مەرھەمەت كۆرسەت. مۇئامىلىدە كەڭ قورساق بول. مەزلۇملار ۋە گودەكلەر بىلەن بەك كۆپ مۇئامىلە قىلىپ كەتمە. غېرىبلارغا غالىبلىق كۆرسەتمە. تىجارەتتە خىجىلچانمۇ بولما، تارتىنىپمۇ كەتمە. ئىشلارنى لايىقىدا بىر تەرەپ قىل. ئۆز پادىشاھىڭغا قارىتا راستلىقنى ئادەت قىل. لېكىن، پادىشاھ مۇلازىمىتىدە بولۇشنى ئارزۇلاپ كەتمە. شېرىكلىرىڭگە خىيانەت قىلما. دوستلىرىڭغىمۇ، ياتلارغىمۇ باراۋەر مۇئامىلىدە بول. قولۇڭدىن كەلسە، موھتاجلارغا قەرز بېرىشنى غەنىيمەت بىلگىن. ھەرگىز يالغان قەسەم ئىچمە ۋە قوپال





مۇئامىلىدە بولما. ئەگەر ياشانغان كەمبەغەل كىشىدە قەرزىڭ بولۇپ، ئۇ-نىڭ دەرھال قايتۇرۇپ بەرگۈدەك قۇدرىتى بولمىسا، كۆپ قىستىما، قو-پاللىقمۇ قىلما. تىجارەتتە خەيرلىك ۋە بەرىكەت ھاسىل بولسۇن دېسەڭ، مېھرىبان ۋە دىيانەتلىك بول. ھەرقانداق بىر ھۈنەرۋەن ئۇشبۇ رەۋىشتە بولسا، ئالەمدىكى ھۈنەرۋەنلەرنىڭ ئالىيجانابلىرىدىن سانىلىدۇ.

ھەر قوۋمنىڭ ھۈنەر - كەسىپلىرىنىڭ يارىتىلىشى، ئالاھىدىلى-كى، ئەھۋالى ۋە تەۋەلىكى جەھەتتىن يۇقىرى - تۆۋەن تامام تەرىقىنى قابىلىيىتىمنىڭ يېتىشىچە ئۇشبۇ بابتا بايان قىلىمەن.

## قىرىق تۆتىنچى باب
## مەردلىك تەرىقىنىڭ ئەدەپلىرى

ئەي كۆزلىرىمنىڭ قارىچۇقى ۋە ئەي قارىچۇقلىرىمنىڭ كۆزى، ئەگەر مەردلىكنى ئادەت قىلماقچى بولساڭ، ئاۋۋال مەردلىك ۋە ئالىي-جانابلىقنىڭ نېملىكىنى، نېمە نەرسىدىن پەيدا بولىدىغانلىقىنى ئوبدان بىلگىن.

ئىنسانلىق سۈپىتى بىلەن ئادەمدە ئۈچ خىسلەت بولىدۇ. تەبىئە-تىمدە بۇ ئۈچ خىسلەت يوق دەپ گۇۋاھلىق بېرىدىغان ھېچ ئادەم يەر-زەنتى يوقتۇر. مەيلى ئالىم بولسۇن، مەيلى جاھىل ئۆزىنى خۇدايىتائالا ئاتا قىلغان شۇ ئۈچ سۈپەت، يەنى خىسلەت بىلەن سۈپەتلەپ خۇشاللىق تاپىدۇ. ئەگەر تەڭرىم ئىنسان ئۈچۈن ئاتا قىلغان بۇ ئۈچ خىسلەت ھەرقانداق بىر كىشىدە جەم بولىدىكەن، ئۇ ھەقسۇبھانە ۋەتائالانىڭ خاس بەندىلىرىدىن بولغان بولىدۇ. بۇ ئۈچ خىسلەت: بىرىنچى، ئە-قىل؛ ئىككىنچى، راستچىللىق؛ ئۈچىنچى، مەردلىك. ھەقىقەتتىگە قارىساڭ، ئەقىل، راستلىق ۋە مەردلىك دەۋاسىنى ھېچكىم يالغان-دىن قىلمايدۇ. چۈنكى، بۇ ئۈچ سۈپەتتىن خالىي ھېچ ئىنسان مەۋجۇت ئەمەستۇر. لېكىن، يول توغرا مېڭىلمىغانلىقتىن، ئىشىك خالايىقنىڭ يۈزىگە بەند بولغاندۇر. بەس، ئاللاتائالا ئادەم تېنىنى چېچىلىپ تۇرغان تۇرلۇك ماددىلاردىن جەم قىلغان. شۇڭا، ئا-دەمزاتنى «ئالەمى كۇللى» (پۈتكۈل ئالەم) دېيىشكىمۇ ياكى «ئالەمى جۇزئى» (ئالەمنىڭ بىر قىسمى) دېيىشكىمۇ بولىدۇ. بۇ شۇنىڭ ئۈچۈنكى، ئادەم تېنىدە تەبىئەت، ئاسمان، يۇلتۇز، غەلىتە جى-سىملار، ئۇنسۇر (تۇرلۇك ئېلېمېنت)، سۇرەت، نەپەس ۋە ئەقىلدىن ئىبارەت ھەممە تەركىبلەر مەۋجۇتتۇر. بۇلارنىڭ ھەربىرى ئالاھىدە ئالەمدۇر. ئادەم ئالەمنىڭ جۇغلانمىسىدۇر. ئۇ ياراتقۇچى ئۇلۇغ ئاللا بىر - بىرىدىن پەرقلىق بولغان ئەزالارنى ۋە خىلمۇ خىل تەركى-بىي قىسىملارنى ئىنسان ۋۇجۇدىدا جەم قىلىپ تەرتىپكە سالدى، ئىنسان تەبىئىتىگە بەند ئەيلىدى، كىشىلەرنىڭ ۋۇجۇدىدا مۇجەس-سەم قىلدى. پەلەك بىلەن تەبىئەتنى ئۆز تۇرى بويىچە بىر - بىرد-





گە باغلىدى. ماھىيەتتە بىرسى بىرسىدىن پەرقلىقتۇر، يەنى ئوت،
ھاۋا، سۇ ۋە توپىغا ئوخشاش بىرسى بىرسىگە زىتتۇر. بەس، توپا ئوت
بىلەن سۇنى ئايرىپ تۇرغۇچى پاسىلدۇر، شۇڭا توپراق قۇرۇقلۇقى بى-
لەن ئوتقا، سوغۇقلۇقى بىلەن سۇغا باغلاندى. ھارارەتتە ئوت بىلەن
باغلاندى. ئوت ماھىيەتلىك تەسىرى ۋە ھارارىتى بىلەن ئاپتاپقا، يەنى
قۇياشقا باغلاندى. قۇياش يۇلتۇزلار ۋە پەلەكنىڭ پادىشاھىدۇر. تۇرلۇك
- تۈمەن ماددىلار ئەنە شۇ قۇياشنىڭ جەۋھىرىدە ئوخشىمىغان سى-
ناقلارنى قوبۇل قىلىپ، ئاندىن ئۆز ھالىتىنى مۇۋاپىق ساقلاپ
قالالايدۇ. قۇياشنىڭ جەۋھىرى بەشىنچى «ئۇنسۇر»دىندۇر. ئۇنىڭ كى-
شىنىڭ تەبىئىتىگە لايىق كېلىشىمۇ ئوشبۇ تەرز بىلەندۇر. ئەگەر تە-
بىئەتتىكى ماددىلار شۇ جەۋھەردىن بەلگىلىك قۇۋۋەتكە ئېرىشەلمىسە،
ئۆز تەرتىپى بويىچىلا ۋەيران بولغان بولاتتى. دېمەك، تەبىئەت پەلەك-
تىن، پەلەك ماددىلاردىن، ماددىلار نەپەستىن، نەپەس ئەقىلدىن قۇۋۋەت
تاپقان بولىدۇ. ئوشبۇ مىزان بويىچە قىياس قىلىنىشقا بولىدۇكى، ئادەم
جىسمىدا بار بولغان ھەرقانداق بىر نەرسە قايغۇ - ھەسرەت ۋە خاتىر-
جەملىكنىڭ دەسمايىسىدۇر. ئۇ، يەنى قايغۇ - ھەسرەت ۋە خاتىرجەم-
لىكنىڭ دەسمايىسى — تەبىئەتنىڭ تەركىبىدىن پەيدا بولىدۇ. چىراي-
نىڭ سۇرىتى، ھاياتلىق، قۇۋۋەت ۋە ھەرىكەت پەلەكتىن جەم بولىدۇ. ھەيرانلىق سەزگۈلىرى، يەنى ئىشىت-
مەك، پۇرىماق، تېتىماق، سىيلىماق ۋە كۆرمەك ماددىلاردىن ھاسىل بولىدۇ. روھقا تەئەللۇق سەزگۈلەر، يەنى
ياد ئالماق، تەپەككۇر قىلماق، خىيال قىلماق، سۆزلىمەك،
تەدبىر قىلماق نەپەستىن ھاسىل بولىدۇ. بۇلار ئىنسان تە-
بىئىتىدە بەكلا قەدىرلىك سۈپەتلەر بولۇپ، ئۇنىڭ ئەسلىي
ئورنى، پەيدا بولغان جايى توغرىسىدا خالىغانچە قىياس قى-
لىش مۇۋاپىق ئەمەستۇر.



مەردلىك، مەرىپەت، پەزىلەت ۋە ئۇلۇغلۇقلارنىڭ دەس-
مايىسى ئالىيجانابلىقتۇر. ئەقىل ئالىيجانابلىقنىڭ بەرد-
كىتىدىن تەنگە كەلگەندۇر. بەس، تەن جان بىلەن ئەھيادۇر،
جان نەپەس بىلەن بەرپادۇر. نەپەس ئەقىل بىلەن مەزمۇت-
تۇر. ھەرقانداق ماددىنىڭ ھەرىكەتتە بولۇشى جاننىڭ مەۋ-
جۇتلۇقىغا دەلىلدۇر. ھەرقانداق بىر كىشىنىڭ سۆزلەۋات-
قانلىقى ئەقلىنىڭ بارلىقىغا دەلىلدۇر. ھەرقانداق بىر تەن-
دە گەرچە جان مەۋجۇت بولسىمۇ، جان ۋە تەننىڭ ئارىسىدا
ئىللەت پەيدا بولىدىكەن، ئۇ ھالدا تەڭپۇڭلۇق تۇگۈنى بۇ-
زۇلۇپ، زەئىپلىك كۆرۈلىدۇ - دە، جاندىن تەنگە ماددا يەت-
مەيدۇ. ھەر كىمنىڭ نەپسى بىلەن جېنىنىڭ ئارىسىدا بى-
رەر ئىللەت ۋە تەڭپۇڭسىزلىق ئالامىتى كۆرۈلسىمۇ، ئە-
قلىنىڭ ماددىسى نەپەسكە يەتمەيدۇ، يەنى پىكىر، تەدبىر،



راستلىق ۋە ئادەمىيلىكتىن ھېچ نەرسە ھاسىل بولمايدۇ. ئەمەلىيەتتە، ھېچبىر ئىنسان ئادەمىيلىكنى، يەنى ئادەملىك تۇرقىنى ۋە ھوشىنى يوقاتمىغان بولىدۇ. ۋاقىتىكى، روھقا يېتىدىغان بەرىكەت، مەرھەمەتنىڭ يولى باغلىنىپ قالىدىكەن، دەۋەت قىلغان بىلەنمۇ، ئوخشاشلا مەنىسى بولمايدۇ.

بەس، دۇنيادا مەردلىك دەۋاسى قىلمايدىغان ئادەمدىن بىرسىمۇ تېپىلمايدۇ. لېكىن، ئەي سۆيۈملۈك پەرزەنتىم، تىرىش، ئەمما ئۆزگىلەرگە ئوخشاش ئورۇنسىز دەۋا قىلىدىغانلاردىن بولما. يۈكسەك بەرىكەت ئۇچۇن روھانىي يولنى كەڭ ۋە راۋان تۇت. ئۆگىنىش ۋە ئۆگىتىشتە مەنە دەۋاسىز ھاسىل بولغاي.

ھۆكۇمالار ئەقىل ۋە ئادەمىيلىكنى بىر سۈرەتتە چۈشەندۈرىدۇ. ئۇلارنىڭ قارىشىچە، ئادەم تەن، جان، سەزگۈلەر، يەنى ھېسسىي بىلىش ۋە مەنىلەرنىڭ سۈرىتىدۇر، ئادەمىيلىك ۋە سۆزلىشىشكە ئوخشاش. ئۇنىڭ تېنى مەردلىكنىڭ سۈرىتى بولۇپ، جېنى راستلىق بىلەن سەزگۈدىن تۈزۈلگەن. بۇنىڭ مەنىسى پاكلىقتۇر. ئەمما، ئۇ سۈرەت خەلققە تەقسىم قىلىنغاندا بىر گۇرۇھتىكىلەرگە تەن نېسىپ بولغان، ئۆزگە نەرسە يوق؛ بىر تائىپەگە جان ۋە تەن نېسىپ بولغان، سەزگۇ ۋە مەنە يوق؛ يەنە بىر قوۋمغا تەن، جان ۋە سەزگۇ نېسىپ بولغان، مەنە يوق؛ يەنە بىر قوۋمغا تەن، جان، سەزگۇ ۋە مەنە نېسىپ بولغان. ئۇلسا

ئەمما تەن نېسىپ بولغان گۇرۇھتىكىلەر ھەييارلار، بازار ئەھلى ۋە ئەمەلدارلار بولۇپ، ئۇلار مەردلىكى بىلەن مەرد ئاتالدى.

تەن ۋە جان نېسىپ بولغان گۇرۇھتىكىلەر ئاشكارا مەرىپەتپەرۋەرلەر ۋە تەقۋادارلار بولۇپ، ئۇلار ئادەمىيلىك پەزىلىتى بىلەن مەرىپەتسۆيەرلەر ئاتالدى.



تەن، جان ۋە سەزگۇ نېسىپ بولغان گۇرۇھتىكىلەر ئەنبىيا، ئەسفىيا (پاك كىشىلەر، ئەھلى ئىلىم) ۋە ھۆكۇمالار بولۇپ، ئۇلار ئادەمىيلىك خىسلەتلىرى بىلەن پازىل ۋە ئالىم - ئۆلىما ئاتالدى.

تەن، جان، سەزگۇ ۋە مەنە نېسىپ بولغان گۇرۇھتىكىلەر بولسا روھانىيلار ۋە مۇرسەل پەيغەمبەرلەردۇر.

ئەي ئوغۇل، تىرىش، تىرماش، تەرەققىي قىلالايسەن. ھۆكۇمالار: «مەردلىكنىڭ ئەسلىي (ماھىيىتى) ئۈچ نەرسىدۇر: بىرسى شۆكى، دېگىنىنى قىلىش؛ ئىككىنچى، سۆزىدە ۋە ئىشىدا راستچىل بولۇش؛ ئۈچىنچى، سەۋر - تاقەتنى ئادەت قىلىش. ھەرقانداق سۆيەت مەردلىككە تەئەللۇق بولغان بۇ ئۈچ خىسلەتتىن تاشقىرى بولمايدۇ» دېگەن.

بەس، ئەي كۆزۈمنىڭ نۇرى، ئەگەر مەردلىك تەرىقىنى چۈشىنىش مۇشكۇل بولسا، پېقىر ئۇنىڭ ھەد - ئەندىزىسىنى بىلگىنىڭگە قەدەر بىر - بىر بايان قىلاي.



مەلۇم بولغايكى، مەردلىك، دادىل ۋە مەردانە بولۇش؛ ھەر ئىشتا سەۋرلىك ۋە سادىق بولۇش؛ ۋەدىگە ۋاپا قىلىش؛ پاك دىل، ئىپپەتلىك ۋە دىيانەتلىك بولۇش؛ مۇسۇلمانلارغا قارىتا ياخشى پىكىرلىك ۋە خەيرخاھ بولۇش؛ ئۆز پايدىسىنى كۆزلەپ، كىشىگە زىيان سالىدىغان ئىشنى قىلماسلىق؛ ھەرقانچە زىيان تارتسىمۇ، دوستلىرىنىڭ مەنپە-ئەتىنى كۆزلەش؛ خەلققە يالغان ئېيتماسلىق، تۆھمەت، بوھتان، ئىزا ۋە غەيۋەت غۇبارىنى يەتكۈزمەسلىك؛ مۇسۇلمانلارغا مۇھىم ئىشلاردا مەدەت (ياردەم) بېرىش؛ زۇلۇم چەككەنلەرنى زۇلۇمدىن خالاس قىلىش؛ ئەگەر بۇرادىرىنىڭ بىرەر ئەيىبى كۆرۈنۈپ قالسا، دەرھال يوشۇرۇش؛ خەلقنىڭ ئېغىرىنى كۆتۈرۈشكە ھەر ۋاقىت تەييار تۇرۇش؛ دەرۋىش-لەرگە تەكەببۇرلۇق قىلماسلىق؛ تۇز (ئاش ـ تائام) يېگەن داستىخان ئىگىسىنى ئەيىبلىمەسلىك؛ خەلققە ئازار بەرمەسلىك ۋە كىشىلەرنى قە-بىھ لەقەم بىلەن ئاتىماسلىق؛ قېرىلارنى ئاتىسىدەك، تەڭ ياشتىكىلەرنى بۇرادىرىدەك، كىچىكلەرنى پەرزەنتىدەك كۆرۈش؛ خەلققە شەپقەت ـ مېھرىبانلىق يەتكۈزۈش؛ ئەلۋەتتە ئۆزىنى ھەممىدىن كەمتەر تۇتۇش؛ ئەسىرلەرگە مېھرىبان، بىچارىلەرگە يار ـ يۆلەكتە بولۇش؛ يامانلاردىن يامانلىقنى مەنئى قىلىش؛ ھەرقاچان دۇرۇس يۈرۈش ۋە راست سۆز-لەش؛ ئىمكان بار ئۆز دەردىگە ئۆزى يېتىش؛ نان ۋە تۇزنىڭ ھەققىنى ياخشى ساقلاش؛ ياخشىلىققا يامانلىق بىلەن جاۋاب قايتۇرماسلىق؛ ۋاقىتلىق بالا ـ قازانى راھەت دەپ بىلىش، دېگەنلىكتۇر. ئەگەر ياخشى مۇلاھىزە قىلساڭ، بۇ ئەخلاقلار يەنىلا يۇقىرىدا دېيىلگەن ئۈچ خىسلەتكە مۇجەسسەملىنىدۇ.



ھېكايەت قىلىنىشىچە، بىر گۆرىستاندا ھەييارلار جەم بولۇپ ئولتۇرۇشقانىدى، بىر كىشى كىرىپ سالام قىلدى ۋە ئېيتتىكى:

— مەن شەھەردىكى ھەييارلار تەرىپىدىن سىلەرگە ئەۋەتىلگەن ئەلچىدۇرمەن. ئۇلار سىلەرگە سالام ئېيتتى ۋە دېدىلەركى، ئەگەر مونۇ ئۈچ مەسىلىگە جاۋاب ئېيتالىساڭلار، سىلەرنىڭ ئاتامانىمىز بولۇشۇڭلارغا رازى بولىمىز. ئەگەر جاۋاب بېرىشكە ئاجىزلىق قىل-ساڭلار، سىلەرنىڭ ئاتامانڭلار بولۇشىمىزغا رازى بولغايسىلەر.

ھەييارلار دېدى:

— ئېيتقىن.

ئەلچى دېدى:

— مەردلىك دېگەن نېمە؟ مەردلىك بىلەن نامەردلىكنىڭ پەرقى نېمە؟ ئەگەر بىر ھەييار دوقمۇشتا ئولتۇرغان بولسا، بىر كىشى كېلىپ ئالدىدىن ئۆتسە، بىر سائەتتىن كېيىن يەنە بىر كىشى ئۇ ئۆتكۈنچىنى ئۆلتۈرمەك قەستىدە تىغ كۆتۈرۈپ كېلىپ، بۇ ھەييار-دىن: «پالانى بۇ يولدىن ئۆتتىمۇ؟» دەپ سورىسا، بۇ ھەييار ئۇنىڭغا قايسى تەرزدە جاۋاب بېرىشى كېرەك؟ ئەگەر ئۆتمىدى دېسە، يالغان

ئېيتقان بولىدۇ: ئەگەر ئۆتتى دېسە، چېقىمچىلىق قىلغان بولىدۇ. بۇ ئىككىلا جاۋاب ھەييارلىق ئادەتلىرىگە مۇخالىپتۇر.



بەس، ھەييارلار بۇ مەسىلىلەرنى ئاڭلاپ بىر - بىرىگە قاراشتى. ئۇلارنىڭ ئارىسىدىكى ھەمەدانى ئاتلىق دانىشمەن بىر كىشى مەن جاۋاب بېرەي، دېدى.

— جاۋاب بەرگىن، — دېدى ئەلچى.

ھەمەدانى جاۋاب بېرىپ ئېيتتىكى:

— سېخىيلىقنىڭ ھاسىلى شۇكى، دېگەننى ئەمەلگە ئاشۇرۇش؛ مەردلىك بىلەن نامەردلىكنىڭ ئارىسىدىكى پەرق — سەۋردۇر؛ ئەمدى، دوقمۇشتا ئولتۇرغان ھەييارنىڭ جاۋابى شۇكى، ئۇ ئولتۇرغان يېرىدىن بىر قەدەم ئىلگىرىرەك سۈرۈلۈپ ئولتۇرۇپ: «مەن بۇ يەردە ئولتۇرغاندىن بېرى ھېچ كىشى ئۆتمىدى» دېسە، راست ئېيتقان بولىدۇ.

مەردلىكنىڭ تەرىقى ئۆشبۇدۇر. بۇنى ھەييارلارغا باغلاپ بايان قىلدۇق. ئەمەلدارلار ئارىسىدا سېخىيلىقمۇ — مەردلىك ئۇدۇمىدۇر، لېكىن كەرەم قىلماق، مېھماندارچىلىق، ھەقشۇناسلىق، چىرايلىق كىيىنمەك، توغرىلىق لەشكەر ئەھلىگە كۆپرەك زۆرۈردۇر؛ كىچىك پېئىللىق، كەمتەرلىك ئەمەلدارلار ئارىسىدا ھۇنەردۇر، يەنى ئەمەلدارلار ئەمەل قىلىشقا تېگىشلىك مىزاندۇر، بىراق ھەييارلىق قائىدىسىدە ئەيىبتۇر. ئەمما سېخىيلىق - مەردلىك بازار ئەھلى ئۈچۈن شەرتتۇر. بۇ مەزمۇنلارنى ھۇنەرۋەنچىلىك بابىدا، پەسىل قاتارىدا تىلغا ئېلىپ ئۆتكەنىدۇق، شۇنداقتىمۇ بۇ يەردە ئارتۇقلۇق ۋە زىيادىلىك جۈملىسىدىن ھېساب قىلىنمىغاي!



ئادىمىيلىك سۈرىتىدىن تەن ۋە جان نېسىپ بولغان گۇرۇھ يۇقىرىدا بايان قىلىنغان ئىلىم ئەھلى ۋە تەسەۋۋۇپ ئەھلىگە تەۋە بولۇپ، ئۇلارنىڭ مەردلىكى مەرتىۋەتۇر ھەممە بۇ قوۋمنىڭ مەردلىكى ھەممە خەلقتىن زىيادىدۇر. شۇ ۋەجىدىنكى، مەردلىك — سۈرەتتۇر؛ راستلىق — جاندۇر. جانمۇ راستلىق بىلەن ھاسىلدۇر. شۇڭا، بۇ تائىپە راستچىللىق ئەدەپلىرىنىڭ ھوقۇقىنى ياخشى ساقلىسۇن. چۈنكى، ئۇلار مەرتىۋەت ئەھلىدۇر.

ئەمما، ئۇلىمالارنىڭ مەردلىكى شۇنداق بولۇشى كېرەككى، ئۇلار يۇقىرىدا تىلغا ئېلىنغان ھەممە خىسلەتلەر ۋە تەرىپلەنگەن ئەخلاقلار بىلەن سۈپەتلەنسۇن:

بىرسى شۇكى، گەپ - سۆزى ساغلام، ئېتىقادى مۇستەھكەم، نەپسى سەھەرنىڭ مەيىن شامىلىدەك روھنى جانلاندۇرىدىغان ۋە كۆڭۈلنى مەپتۇن قىلىدىغان بولۇش؛ ھەرگىز ئاچچىقلانماسلىق؛ ئېتىقاد توغرىسىدا كىشىنىڭ نىقابىنى يىرتماسلىق؛ ئەگەر بىر بىچارە بىرەر ئىشتا سەۋەنلىك سادىر قىلىپ قويغان بولسا، ئۇ ئىشنىڭ ئىلاجى مەلۇم ئالىمنىڭ قولىدىن كېلىدىغان بولسا، ئىلىمدە بېخىللىق قىل-

ئۇيغۇر كىتاب تورى www.uyghurkitab.com



ماسلىق، تەمەسىزلىك بىلەن تەلىم بېرىش؛ قىلغان تائەت ـ ئىبادەت ۋە تەقۋادارلىقىنى خەلققە ئاشكارا قىلماسلىق؛ ياخشى نام ـ ئاتاق بىلەن مەشھۇر بولۇش؛ ئەگەر كىشىگە نەسىھەت قىلماقچى بولسا، ئەلۋەتتە خىلۋەتتە قىلىش؛ كىشىدىن قىساس ئالىمەن دەپ قارامىلىق قىلماسلىق؛ ئىمكان بار خاتا پەتىۋا پىچىشتىن ساقلىنىش كېرەك. چۈنكى، خاتا پەچىلغان پەتىۋا تۈپەيلى ئۆلتۈرۈلگەن كىشىنى تىرىلدۈرۈۋېلىش مۇمكىن ئەمەستۇر. يەنە مەزھەب سۈرۈشتۈرۈپ ياكى جاھىللىق قىلىپ كىشىنى «ئىمانسىز» دېمەسلىك، چۈنكى ئۇنداق دېيىش دىنغا خىلاپ ۋە كۇپۇرلۇق سانىلىدۇ. يەنە مەزھەبكە يات بولغان ئاجايىبات كىتابلىرىنى ۋە غارايىبات ئىلىملىرىنى ئىنكار قىلماسلىق، چۈنكى بىلمەسلىك كۇپۇرلۇق سانالمايدۇ. ھېچ كىشىنى خۇدايىتائالانىڭ رەھمىتىدىن نائۈمىد قىلماسلىق قاتارلىقلار. ئەگەر ھەرقانداق بىر ئالىم ـ ئۆلىما ئۇشبۇ رەۋىشتە بولسا، ھەم مەرد، ھەم سېخىي ھېسابلىنىدۇ.

ئەمما، مەردلىكنىڭ ئەدەپلىرى توغرىسىدا ئۇستازلار تەسەۋۋۇپ ئەھلىگە ئائىت رىسالىلەردە مۇكەممەل بايان قىلىشقان. خۇسۇسەن، ئۇستاز ئەبۇلقاسىم قەشىرىي «ئەدەبۇت ـ تەسەۋۋۇف» (تەسەۋۋۇپنىڭ ئەدەپلىرى) ناملىق رىسالىسىدە؛ شەيخ ئەبۇلھەسەن مەقدەسىي «بەيانۇس ـ سەفا» (پاكلىق بايانلىرى) ناملىق كىتابىدا ۋە ئەبۇ مەنسۇر دەمەشقىي «ئەزىمەتۇللاھ» (ئاللانىڭ ئەزىمەتلىرى) دېگەن كىتابىدا سۆزلىگەن. پېقىر بۇ سۆپەتلەرنىڭ شەرتلىرىنى تامام شەرھى قىلاي دېسەم، كىتاب مەزمۇنلىرى بەكلا ئۇزىراپ كېتىدۇ. بۇ كىتابنى يېزىشتىن مەقسەت پەند ـ نەسىھەت بېرىش، سىنىڭ ئوبدان بولۇشۇڭنى ئىزدەش ئىدى. شۇڭا، تەنبىھنىڭ شەرتلىرىنى بەجا كەلتۈرۈش بىلەنلا كۇپايىلىنىمەن. ئەگەر بۇ تائىپە بىلەن ھەمسۆھبەتتە بولۇشنى خالىساڭ، ئۇلارنىڭ كۆڭۈللىرىگە ئېغىر كېلىدىغان ئىش ـ ھەرىكەت، گەپ ـ سۆزلەردىن ئېھتىيات قىلماقلىق ئۈچۈن، ئاۋۋال بۇ قوۋمنىڭ مەردلىكلىرىنىڭ شەرتلىرىنى چۈشەندۈرۈپ ئۆتەي.



ھۆرمەت ـ ھۆقۇقلىرىنى ساقلاپ، ھاياتلىق كېمىسىنى ئۆمۈر دېڭىزىنىڭ ساھىلىغا يەتكۈزگۈچە، بۇ تائىپەگە يەتكەن دىشۋارچىلىق باشقا ھېچ تائىپەگە يەتكەن ئەمەس. شۇڭا، ئۇلار رەنج ـ مۇشەققەت چېكىشتە ئۆزلىرىنى ھەممە خەلقتىن ئۈستۈن قويىدۇ. شۇنداق ئاڭلىغانىدىم، كۆڭۈلنىڭ پاكلىقى تۈپەيلىدىن شۇ قەدەر يۇقىرى دەرىجىگە يەتكەن كىشىلەرنى جوھۇتلار «ئاللانىڭ پەرزەنتى» دەپ ئاتىۋالغانىدى.

ئالەمنىڭ سەرۋەرى، ئادەم ئەۋلادىنىڭ غوجىسى پەيغەمبەر سەللەللاھۇ ئەلەيھى ۋەسەللەم ئۇ قوۋمنى كۆپرەك دوست تۇتقان. ئەلۋەتتە، مەردلىكنى بۇ تەرزدە ئادەت قىلماق



مۇشكۇلدۇر.

بۇ تائىپەنىڭ مەردلىكلىرىنىڭ تەرىقى ئىككى قىسىم بولۇپ، بىر قىسمى «فۇقەرائى تەسەۋۋۇف» (دەرۋىش)قا مەخسۇستۇر؛ يەنە بىرسى «مۇھىب» (ئاشىق)لارغا تەۋەدۇر. ئەمدى مۇشۇ ھەر ئىككى قىسىمنىڭ تەرىقىنى بايان قىلىمەن:

دەرۋىشلىك تاكى ئاخىرىغىچە شۇنداق بولىدۇكى، دەرۋىشلەر پۈتكۈل ھاياتىدا «مۇجەررەد» (يالىڭاچ) ئۆتىدۇ، يەنى ئۇلارنىڭ دۇنيالىقتا ھېچ نەرسىسى بولمايدۇ. مۇجەررەدلىك — ماھىيەتتە «تەسەۋۋۇف»تۇر.

ھېكايەت: ئاڭلىشىمچە، ئىككى سوپى بىر ـ بىرىگە ھەمراھ بولۇپ يولدا كېتىۋاتاتتى. بىرسى دەپىنە ـ دۇنيا بەرگەندىن مۇجەررەد (يالىڭاچ، ھېچ نەرسىسى يوق)، يەنە بىرسىنىڭ بەش دىنارى بار ئىدى. مۇجەررەد، يەنى ھېچ نەرسىسى يوق سوپى بىغەم ۋە خاتىرجەم يول يۈرەتتى، ھەر جايغا — قونالغۇغا كەلسە، مەيلى تىنچ بولسۇن، خاھى خەتەرلىك بولسۇن، خەۋپسىرىمەي ئۇخلايتتى، ھېچكىمدىن ئەندىشە قىلمايتتى.

ئۇ ئىككىسى يول يۈرۈپ بىر قۇدۇقنىڭ يېنىغا كەلدى. بۇ يەر ئەسلىدىلا ئوغرى، قاراقچىلارنىڭ كېلىپ ـ كېتىپ تۇرىدىغان جايى ئىدى. مۇجەررەد قۇدۇقتىن[1] سۇ ئىچىپ، خاتىرجەم ئۇيقۇغا كەتتى[2]، ئەمما بەش دىنارى بار سوپى بولسا قورقۇنچتىن ئۇخلىيالماي، نېمە قىلاي، قانداق قىلاي، دەپ توختىماي ئۇ ياقتىن بۇ ياققا ئۆرۈلۈپ تىنچ ياتالمىدى.



مۇجەررەد ئۇنىڭ نالىسىنى ئاڭلاپ ئويغىنىپ:

— نېمە بولدى ساڭا؟ — دەپ سورىدى.

— بەش دىنارىم بار ئىدى، — دېدى ئۇ، — بۇ خەۋپلىك يەردە شۇ دىنارنىڭ ئەندىشىسىدە كۆزۈمگە ئۇيقۇمۇ كەلمىدى، خاتىرجەم يولمۇ يۈرەلمىدىم؟!

مۇجەررەد دېدىكى:

— بەش دىنارىڭنى ماڭا بەرگىن، بۇنىڭ تەدبىرىنى ئۆزۈم قىلاي.

ئۇ سوپى بەش دىنارنى مۇجەررەدكە بەردى. مۇجەررەد دىنارنى ئېلىپلا قۇدۇققا تاشلىدى ۋە:

— ئەمدى نېمە قىلاي، قانداق قىلاي، دەپ ئەنسىرىشىڭنىڭ ھاجىتى قالمىدى. ئۇنىڭ تەشۋىشىدىن قۇتۇلدۇڭ. خاتىرجەم ئۇخلىغىن، — دېدى.

بەس، ماشايىخلار — ئاللاتائالا ئۇلارنىڭ سىرلىرىنى ھەم روھلىرىنى مۇقەددەس قىلغاي — نىڭ قارىشىچە، تەسەۋۋۇپنىڭ ھەقىقىتى ئۈچ نەرسىدۇر. ئۇلار: تەجرىد (تەنھالىق، يەنى دۇنيانىڭ لەززىتىدىن، مال ـ مۈلكىدىن قولىنى يىغىش)، تەسدىق



(راستچىللىق ۋە ئىخلاس بىلەن ئىبادەت قىلىش) ۋە تەسلىم (بارلىقىنى ئاللاغا تاپشۇرۇش).

كىشىنىڭ نەزىرى بىرىسىگىلا چۈشسە، ئاپەتتىن يىراق بولىدۇ. كىمىكى پۈتكۈل ئىخلاسى بىلەن توسقۇنلۇقلاردىن خالىي بولۇپ، تەسەۋۋۇپ يولىغا كىرىدىكەن، تەرىقەت شۇ كىشىگە خاس بولىدۇ. بەس، دەرۋىش تەسلىمنى ھەرقاچان ئۆزىگە لازىم تۇتقاي. ئىچكى سىرىنى ھېچبىر بۇرادىرىگە پاش قىلمىغاي. بېشىدىن ماختانچاقلىق ھەۋىسىنى يىراق قىلغاي. غەرەز ئىگىسى بولمىغاي. ھەر ئىشقا راستچىللىق بىلەن نەزەر قىلغاي. يارىتىلغان ھەر نەرسىگە ئىككى نەزەردە قارىمىغاي. ئېتىقادى ناپاكلاردىن ۋە دىنىغا خىلاپ ئىش قىلغۇچىلاردىن نەزىرىنى يىراق قىلغاي. ئەگەر كىشى ھەر نەرسىگە پاك ئېتىقاد ۋە راستچىللىق نەزىرى بىلەن قارايدىكەن، ئۇنىڭ بىلەن ھېچكىم قارشىلاشمايدۇ. ھەر كىشى سۇ يۈزىگە راستچىللىق بىلەن قەدەم قويسا، سۇ قەدىمى تەكتىدە قېتىپ مۇز بولىدۇ، مۇز ئۈستىدە يەردە يۈرگەندەك ماڭالايدۇ. ئەگەر بۇ توغرىدا بىراۋ ئەۋلىيالارنىڭ كارامەتلىرىدىن ئاجايىب ـ غارايىب ھېكمەتلەرنى نەقىل قىلسا، ئۇ سۆزلەر گەرچە ئەقىل قىياس قىلالايدىغان دائىرىدىن تاشقىرى بولغان ھالەتتىمۇ، راستچىللىقنىڭ ھەقىقەتتە ھەقىقەتلەنگەندىن كېيىن، ئۇنىڭغا ئېتىراز بىلدۈرىدىغان، ئۇنى ئىنكار قىلىدىغان خىياللارنى كۆڭۈل ئەينىكىگە يېقىن يولاتما. بەلكى ئۇ نەقىللەرنىڭ راست ۋە ھەقىقەت ئىكەنلىكىنى تەستىقلا. چۈنكى، راستچىللىقنىڭ نىشان ـ ئالامەتلىرىگە ئەقىل يۈرگۈزۈش بىلەنمۇ ۋە ياكى ئۆزىنى كۆلپەتكە سېلىش ئارقىلىقمۇ كۆڭۈلدىن جاي بەرگىلى بولمايدۇ. راستچىللىقنىڭ كۆڭۈلدىكى ئورنى پەقەت ئۇلۇغ ئاللانىڭ مەرھەمىتى ۋە ئىلتىپاتى بىلەندۇر. شۇڭا، دەرۋىش بولغۇچى ھەر نەرسىگە راستچىللىق كۆزى بىلەن نەزەر سالغاي. تېشى بىلەن ئىچى بىردەك بولغاي. كۆڭۈل ئۆيىنى تەۋھىد (ئىلاھىي بىرلىك) تەپەككۇرىدىن خالىي قىلمىغاي ۋە بۇ ھەقتىكى پىكىر ـ مۇلاھىزىلەردە ئېغىر ـ بېسىق بولغاي. تەپەككۇر ئوتىدا ئۆرتەنمىگەي. چۈنكى، تەرىقەت ئىگىلىرى تەپەككۇرنى ئوت ھېسابلايدۇ. شۇڭا، تەنھالىق (غۇربەت)، رەقس (ئۇسسۇل) ۋە سامانى شۇ ئوتقا تەسەللى ئۈچۈن سەۋەب قىلغاندۇر. ئەگەر دەرۋىشلەر شۇ خوش سۆھبەت ۋە ساماغا مايىل بولمىغان بولسا، تەپەككۇر ئوتىدا ھەممىسە كۆيگەن بولاتتى.



شەيخ ئەخىي زەندەگانىي ــ ئاللا ئۇنىڭغا رەھمەت قىلغاي ــ ئۆمرىنىڭ ئاخىرىدا سامانى مەنئى قىلغانىدى، ئەمما: «ساما سۇغا ئوخشايدۇ. سۇ ئوتتىن يىراق بولغىنى ياخشى. ئوتقا سۇ قۇيساڭ، تۈتۈن پەيدا قىلىدۇ. ئەگەر ئەللىك تەن دەرۋىشنىڭ ئارىسىدا بىر تەن ‹ئوتلۇق› بولسا، ئۇ بىر كىشىنى دەپ قىرىق توققۇز تەننى



قولدىن بەرگىلى بولماس. ساما سەيرىدىن شۇ بىر تەننىڭ جىمجىتلىقىنى ۋە ئۇنىڭغا ئەگەشمەكنى خالاپ توختاپ قالماق مۇۋاپىق ئەمەستۇر» دېگەندى.

ئەمما، دەرۋىش بولغان كىشى ئەدەپ - ئەخلاق ۋە مەرىپەتتە ئۆزىنى قەلب ۋە روھىيەت جەھەتتە بېزەپ قالماي، يەنە تاشقى جەھەتتىمۇ بېزىمەكى لازىمدۇر. ھېچ بولمىغاندا بۇ ئىككى سۈرەتنىڭ بىرسى بىلەن بولسىمۇ بېزىمەكى ۋاجىپتۇر.

بەس، دەرۋىش ئىبادەتكە ھېرىس، تىلى ئىبادەتكە باغلانغان، پىتنە - پاساتتىن خالىي، كىيىملىرى پاكىز بولغاي؛ سەپەر ئەسۋابلىرى ۋە لازىمەتلىكلىرى - ھاسا، ئۆرۈق، جايناماز، تاراغ، يىڭنە - يىپ، يەلپۈگۈچ، تىرناق ئالغۇچ ۋە مىسۋاكقا ئوخشاشلار دائىم تەييار تۇرغاي. شۇنداقتا كىيىملىرىنى يۇيۇش ۋە تىكىشتە باشقىلارغا ھاجىتى چۈشمەيدۇ. ھەتتا بۇنداق يېقىشلىق ھۈنەرلىرى ۋە خىزمەتلىرى بىلەن ھەمراھلىرىنى مەمنۇن قىلالايدۇ.

دەرۋىش يەنە دائىم سەپەر قىلىپ تۇرغاي. ناۋادا خانىقاغا بارسا، كىشىنىڭ خەيرلىك ئىشلىرىنى مەنئى قىلمىغاي، يەنى كىشىنى ئىبادەت قىلماقتىن توسمىغاي. ئاۋۋال ئوڭ ئايىغىنى سېلىپ، ئوڭ قەدىمى بىلەن خانىقاغا داخىل بولغاي. ئىجازەت بىلەن ئۆزىگە تەيىن بولغان يەردە نەرسىلىرىنى قويۇپ، جاينامىزىنى سېلىپ ئولتۇرغاي. ئولتۇرۇپ - قوپۇشتا جامائەتنىڭ ئادىتى بويىچە تەرتىپ ساقلاپ، ئىككى رەكەت ناماز ئۆتەپ ئولتۇرغاي. چىقىش - كىرىشتە سالامنى كەم قىلمىغاي. كىشىلەر بىلەن بولغان سۆھبەتتە ئەدەپ ساقلىغاي. ئورنىدىن كۆپ قوزغالمىغاي. گۇناھ بولىدىغان يەرلەرگە بېرىشتىن پەرھىز قىلغاي. خانىقادا كىشىلەر ئارا مەنىسىز گەپ - سۆزلەر بولۇپ قالسا، دەرھال تاشقىرى چىقىپ كەتكەي. جامائەت ئارىسىدا ئىززەت ۋە ھۆرمەت تاپاي دېسە، سۆھبەت خالىمايدىغان كىشى بىلەن زورىغا سۆھبەت قۇرمىغاي. ئەمما، باشقىلارنىڭ ھۆرمىتىنى ساقلىغاي. كىشىنىڭ ھۆرمىتىنى ساقلاش — دەرۋىشلەر ئادىتىدە پەرھىزدۇر.



دەرۋىش بولغان كىشى يەنە جامائەتنىڭ رازىلىقىنى ئىزدىگەي. باشقىلار قىلغان - ئەتكەنلىرىنى ئىنكار قىلسا، بىگۇناھ بولسىمۇ، جامائەتنىڭ رايىغا باققاي. ھەمىشە ئىستىغپار قىلغاي. جاپا - مۇشەققەتتىن قاچمىغاي. كىشىلەرنى مەسخىرە قىلمىغاي. جايناماز تۆپىسىدىن كەمەرەك غايىب بولغاي. قەستەن، يەنى زورىغا بازارغا بارمىغاي. جاينامازدا باداشقان قۇرۇپ ئولتۇرمىغاي. جامائەتتىن پىنھان «جەندە» تىكمىگەي، يەنى مال - دۇنيا



يىغمىغاي ۋە ئۇلاردىن يوشۇرۇنچە تائام يېمىگەي، ھەتتا بىر دانە بادام چاغلىق نەرسە بولسىمۇ ئۇلارنىڭ، يەنى جامائەتنىڭ نەزەرلىرىدىن ئۆتكۈزگەي. ھەرقانداق نەرسىنى «نجس» سۆز بىلەن ئاتىمىغاي. جامائەت ئارىسىدا ئاتىلىدىغان نام بىلەن ئاتىغاي. جامائەتنىڭ ئارىسىدا كۆپ سۆزلىمىگەي. ئۆزگە كىشىنىڭ جايىنامىزىغا دەسسىمىگەي. كىشىلەرنىڭ ئارىسىدا ھاياجانلىنىپ چۆرگۈلەپ يۈرمىگەي. كىشىنىڭ ئورنىدا ئولتۇرۇۋالمىغاي. كىشىلەر ساماغا چۈشۈپ ياقا يىرتقان ھالەتتىمۇ، ئاقساقاللاردىن بىرسى ئەمر قىلمىغۇچە ساما ۋە ئۇسسۇلغا چۈشۈشكە ئالدىرىمىغاي. زىيادە ۋە بىھۇدە سۆزلىمىگەي. ناۋادا كىشىلەرنىڭ ھەممىسى بىراقلا ساماغا چۈشكەن بولسا، ئۇلارنىڭ رازىلىقىنى ئىزدەپ ساما قىلغاي. ئەمما، ساماغا چۈشكەن، ئۇسسۇل ئويناۋاتقان چاغدا كىشىگە پېشىنى ئۇرمىغاي. ئۇستىدىكى جەندىسى يىرتىلىپ كەتكەن ھالەتتىمۇ، دەرھال سىلمۇتمىگەي؛ سالغان بولسا، باشقىلارنىڭ ئالدىغا قويۇپ قويمىغاي. ئەگەر بىرەر دەرۋىش ماختىسا، مىننەتدارلىق ئىزھار قىلىش يۈزىسىدىن رەھمەت داستىخىنىنى يېيىپ، ئۇنىڭ ئالدىغا ھەدىيە ئورنىدا بىرەر نەرسە قويغاي. ئەگەر بىرەر دەرۋىش لىباس ئىنئام قىلىپ، دوستلۇق ئىزھار قىلسا، رەت قىلماي ئالغاي ۋە ئۆزرە قويۇپ ياندۇرۇپ بەرگەي ـ ئىنساب قىلغاي. ھېچكىمدىن ئىنساب تەلەپ قىلمىغاي. ئاڭلىشىمچە، بۇ خىل سۈپەت ئاۋۋال پارسلاردا پەيدا بولغانىكەن. پارس ئەھلى كىشىگە ئىنساب قىلماقنى ئىزدەيدىكەن، ئەمما كىشىدىن ئىنساب تەلەپ قىلمايدىكەن. خوراسان ئەھلى ئۆزىمۇ ئىنساب قىلىدىكەن، كىشىدىنمۇ ئىنساب تىلەيدىكەن.



دەرۋىش بولغان كىشى ئۆز رەنج ـ مۇشەققەتنى كىشىگە تاڭماسلىقنى ۋاجىب بىلگەي. ئېغىر ـ بېسىق بولغاي. تائام ۋاقتىدا داستىخاندىن غايىب بولۇپ، ئۆزگە قوۋمنى ساقلىتىپ قويمىغاي. تائامغا جامائەتتىن ئىلگىرى قول ئۇزارتمىغاي. جامائەتتىن ئىلگىرىمۇ تائامدىن قول يىغمىغاي. جامائەتكە ماسلىشىپ ئىش تۇتقاي ۋە ئۇلارنىڭ ئىجازىتىسىز كىشىگە ئۆز نېسىۋىسىنى تارتۇق قىلمىغاي. ئەگەر كېسەللىك ئىللىتى ياكى پەرھىز تۈپەيلى تائام يېمەسلىك لازىم كەلسە، ئۆزرىنى جامائەتكە داستىخانغا تائام كەلتۈرۈشتىن ئىلگىرى ئىزھار قىلغاي. ئەگەر روزىدار، يەنى روزا تۇتقان بولسا، داستىخاندىكىلەرگە بىلىندۈرمەي، رو-



زىسنى ئاچقاي، يەنى ئىپتار قىلغاي. تەرتى سۇنمىغان ئەھۋالدا زورىغا تەرەت ئالمىغاي. ناۋادا تەرەت ئالماقچى بولسا، قىسقا كىيىم كىيگەي. تەرەتتىن كېيىن ھۆل پۇتى بىلەن جايىنامازغا دەسسىمىگەي. كەشىنى ھۆل پۇتىغا كىيمىگەي.

مەردلىك ۋە سوپىلىقنىڭ شەرتى يۇقىرىدا ئېيتىلغان تەرىقىدىدۇر. ئەمدى سوپىلارغا بولغان مۇھەببەتنىڭ شەرتى شۇكى، ھېچ كىشى سوپىلارنىڭ تەرەتلىرىگە مۇنكىر بولمىغاي. ئۇلارغا ھىيلە - مىكىر ئىشلىتىشتىن پەرھىز قىلغاي ۋە ئەيىبلىرىنى «ھۇنەر» بىلگەي. ئۇلارنىڭ سىرلىرىنى غەيرىيلەرگە ھەرگىز ئېيتىپ يۈرمىگەي. ساۋابلىق ئىشلىرىدىن مىننەتدار بولغاي، كۆزگە سىغمايدىغان قىلىقلىرىغا قارىتا ئىستىغپار ئېيتماق، توۋا قىلماق بىلەن كۇپايىلەنگەي. ئۇلارنىڭ سۆھبەتلىرىدە كىيىمنى پاكىزە كىيىپ، ھۇزۇرىدا ھۆرمەت بىلدۈرۈپ، كەمتەرلىك بىلەن جىم ئولتۇرغاي. مىننەتدارلىقىنى بىلدۈرۈش يۈزىسىدىن ئۇلار بەرگەن جەندىنى كىيگەي. ۋاقىتىكى، سوپىلار جەندىلىرىنى سالسا، ئۇمۇ ئۇلارغا ئەگىشىپ جەندىسىنى سالغاي. ئەمما، ھەر ئىشتا ئەدەپسىزلىك قىلمىغاي. كۆپ كۈلمىگەي ۋە كۆپ ئېغىرلىقمۇ قىلمىغاي. بۇنداق كىشى ئۇلارنىڭ نەزىرىدە ئەخلاقسىز ئاتىلىدۇ. ۋاقىتىكى، زەررىچە يېمەكلىك تاپسا، گەرچە ئاز بولسىمۇ، ئۇلارنىڭ ھۇزۇرىغا كەلتۈرۈپ: «ھەرقانچە ئاز بولسىمۇ، يالغۇز يېيىشكە رايىم بارمىدى» دەپ ئۆزرە ئېيتقاي. ھەرقاچان ئۇشبۇ تەرتىپتە يول تۇتۇلسا، دوستلار ئارا راستلىق ۋە مەردلىك تامام بەجا كەلتۈرۈلگەن بولىدۇ.



ئەمما ئۇلار، يەنى ئادىمىلىك سۈرىتىدىن تەن، جان ۋە ھەۋەس نېسىپ بولغان گۇرۇھ ئەنبىيا — ئۇلارنىڭ ھەممىسىگە ئاللانىڭ رەھمەتلىرى بولغاي — نىڭ راستچىللىق، سېخىيلىق ۋە ئىلىم - مەرىپىتى بىلەن مۇجەسسەملەنگەندۇر. بۇ گۇرۇھنىڭ ئەجدادلىرىدىن ھەرقانداق بىرىسىدە ئۇشبۇ ئۈچ خىسلەت، يەنى راستچىللىق، سېخىيلىق ۋە ئىلىم - مەرىپەت مەۋجۇتلا بولسا، ئۇنىڭ پەيغەمبەر ۋە ياكى زېرەك ھەكىم بولمىقى بەرھەقتۇر. چۈنكى، ئۇلار راستچىللىق ۋە مەرىپەتنىڭ ئەجدادلىرىدۇر...

ئەگەر سەن ھېلىھەم ئىلىم ۋە مەرىپەتنىڭ ھەقىقىي مەنىسىنى چۈشىنەلمىگەن بولساڭ، بىلگىنكى، مەرىپەتنىڭ مەنىسى تونۇماقلىقتۇر، يەنى نادانلىقنى تونۇپ، نادانلىققا خاتىمە بېرىپ، دىيانەت - پاكلىق يولىغا يۈز كەلتۈرمەكلىكتۇر؛ ئىلىمنىڭ مەنىسى بىلمەكلىكتۇر. بىلمەكلىكنىڭ ھەقىقىتى شۇكى، دوست ۋە ياتنىڭ دوستلۇقى ۋە ياتلىقىنى تونۇش، ياخشى ۋە يامانىنىڭ دەرىجىسىنى پەرقلەندۈرۈشتۇر.

ئىلىمنىڭ ھەممىسى بەش قىسىمدۇر، ئۇلار: ماھىيەت، كەي-



پىيات، مىقدار، سەۋەب ـ نەتىجە، ۋە يەكۈن، يەنى نېمىلىكى، قانداقلىقى، نەچچىلىكى، باھانىسى ۋە نېمە ئۈچۈنلۈكى قاتارلىقلار. ۋاقتىكى، «پالاننى تونۇمايمەن» دېيىلسە، مىقدار جەھەتتىن ۋاجىپتۇر. بۇ مەرىپەتتۇر. بۇنىڭدا، يەنى تونۇش ـ تونۇماسلىق مەسىلىسىدە تۆت ئاياغلىق ھايۋانلار ئادەم بىلەن شېرىكتۇر. چۈنكى، ھايۋان ئادەمگە ئوخشاش ئۆزىنىڭ غىزاسى، يەنى يېيدىغىنى ۋە بالىسىنى تونۇيدۇ. ئەمما ئىنساننىڭ ئىلمى زىيادىدۇر. دېمەك، ئىنسان ماھىيەت، كەيپىيات، مىقدار، سەۋەب ـ نەتىجە ۋە يەكۈندىن ئىبارەت بەش تۈرلۈك ئالاھىدىلىكى بىلەن ھايۋاندىن پەرقلىقتۇر③.

ئەي ئوغۇل، تىرىش، ھەرقانداق ئىشتا كۆپرەك ئىزدەن. ئەگەر مەرد، سېخىيلىق يولىغا كىرسەڭ، ھەممە ئادەم ساڭا كۆز تىكىدىغان بولىدۇ. شۇڭا، ئىمكانىيىتىڭنىڭ بارىچە ئۈچ ئىشتىن ئۆزۈڭنى ساقلا:

بىرسى، كۆرۈشكە بولمايدىغان نەرسىگە كۆز سالما؛ ئىككىنچىسى، تۇتۇشقا بولمايدىغان نەرسىدىن قولۇڭنى تارت؛ ئۈچىنچىسى، دېمەسلىككە تېگىشلىك سۆزدىن تىلىڭنى يىغ.

ئۈچ نەرسىنى دوست ـ دۈشمەنگە ئۇچۇق تۇت:

بىرسى، ئۆيۈڭنىڭ ئىشىكى؛ بىرسى، داستىخان؛ يەنە بىرسى، ھەمياننىڭ ئاغزى.

ئەمما، زىنھار يالغان ئېيتمىغىن. چۈنكى، ھەممە ناكەسلىكنىڭ مەنبەسى يالغان ئېيتماقلىقتۇر.



ھەرقانچە كاتتا كىشى بولسىمۇ، ئۇ سېنىڭ مەردلىكىڭگە ئېتىقاد قىلمىسا، ساڭا ئىشەنمىسە، ئۇنىڭدىن دۈشمەندىن قاچقاندەك قاچ. چۈنكى، ئۇنداقلارنىڭ يېقىنچىلىقىدىن شۆھرەتپەرەسلىك، ئىككى يۈزلىمىلىك كېسىلىگە گىرىپتار بولىسەن. ناۋادا ئۇ ئۆزىنى ساڭا تەسلىم قىلىپ، ئاجىزلىقىغا تەن بېرىپ، ساڭا ئېتىقاد قىلسا، ساڭا ئىشەنسە، ئۇنىڭ دوستلۇقىنى قوبۇل قىل. ئۇنىڭ ھەرقانداق ئىشى ئۈچۈن جېنىڭنى ـــ بارلىقىڭنى پىدا قىل. پۈتۈن ۋۇجۇدۇڭ بىلەن ياردەمدە بول. شۇندىلا سېخىيلىقىڭنى تولۇقى بىلەن يەتكۈزگەن بولىسەن. ئەمما، ئىلگىرىكى يامانلىقلىرىنىڭ ئىنتىقامىنى ئېلىشنىڭ كويىدا بولما. خىيانەت قىلىش خىيالىدىمۇ بولما. خىيانەت قىلىش مەردلىك ۋە سېخىيلىق جۈملىسىدىن ئەمەستۇر.

بىلگىن، ئەي ئوغۇل، بۇ توغرىدا سۆز كۆپ ئىدى. ھەر تائىپەنىڭ مەردلىك، سېخىيلىققا دائىر سۆپەتلىرىنى بىر ـ بىر بايان قىلسام، گەپ ئۇزىراپ كەتكۇدەك. شۇڭا، سۆزنى قىسقىلا قىلدىم. نېمە دېگەن بولسام، ئۇنى شەرھلەپ چۈشەندۈرۈشكە تىرىشتىم. مەردلىك، سېخىيلىق جۈملىسىدىن يەنە شۇنى بىلگىنكى، ئۆز نەرسەڭنى ئۆزۈڭنىڭ بىل. خەلقنىڭ نەرسىسىنى خەلق-

نىڭ بىلگىن. خەلقنىڭ مېلىدىن تەمەيىڭنى ئۈزگىن. ئەگەر مال - دۇنياغا ئېرىشىپ قالساڭ، خەلققە نېسىۋە بەرگىن. ئەمما، ئۆز مۈلكۈڭ ھېسابىدا بولمىغان نەرسىنى ئۆزۈڭنىڭ قىلىۋېلىش كويىدا بولما. ئەگەر خەلققە ئېھسان قىلغۇدەك ئىمكانىيىتىڭ بولمىسا، مەيلى، لېكىن مال - دۇنيا توپەيلى سەۋەنلىك سادىر قىلمىغىن.



كىمكى پېقىر ئېيتقان تەرىقىدە تىرىكچىلىك قىلالىسا، تامام خەلقتىن ئۇلۇغ ۋە ھەممە كىشىدىن مەرد سانالغاي، دۇنيا ۋە سائادەت شۇ كىشىگە نېسىپ بولغاي.

بىلگىن، ئەي ئوغۇل، بۇ كىتابتا نەچچە يەردە قانائەت توغرىسىدا سۆز قىلدىم. تەكرار ئېيتايكى، ناۋادا تەڭلىككە قالمىساڭلا، قانائەتچان بولغىن. ھەر ئىشتا ئېھتىيات قىلغىن. ھەسەت قىلمىغىن. ئۆزۈڭنى ھەمىشە خۇشخۇي تۇتقىن. چۈنكى، بارلىق غەم - قايغۇنىڭ مەنبەسى ھەسەتتۇر. سەمىڭدە بولغايكى، پەلەكنىڭ ئايلىنىپ تۇرۇشى سەۋەبلىك ھەممە ئادەمگە ياخشىلىقمۇ، يامانلىقمۇ يېتىپ تۇرىدۇ. ئۇستازىم — ئاللا ئۇنىڭغا رەھمەت قىلغاي — دائىم: «پەلەكتىن غەم يەتسە، بوينۇڭغا ئالغىن؛ لوقما يەتسە، قوينۇڭغا سالغىن» دەيتتى. ھەقتائالامۇ: «ساڭا نېمە يەتكۈزسەم، مەيلى ياخشىلىق بولسۇن، مەيلى يامانلىق بولسۇن، قوبۇل قىلىپ شۈكۈر ئېيتقۇچىلاردىن بول» دەپ پەرمان قىلغان.

پەلەكنىڭ تەسىرى بۇ ئىككى ئىشتىن — ياخشىلىق ۋە يامانلىقتىن خالىي ئەمەس. ۋاقتىكى، سەن بۇ تەرىقىدە يول تۇتۇپ قانائەتنى كەسىپ قىلساڭ، سېنىڭ بۇ ئازاد تېنىڭ ھېچ كىشىگە بەندە (قۇل) بولمايدۇ. شۇنىڭ ئۈچۈن، كۆڭۈل ئەينىكىڭگە تەمە توزانلىرىنى يېقىن يولاتما. شۇنى بىلگىنكى، ئادەم ئەۋلادى — مەيلى قايسى تائىپەدىن بولسۇن، ھەممىسى پاك ئاللاتائالانىڭ بەندىسىدۇر. ئادەم پەرزەنتىنىڭ بىر - بىرىدىن كەم - ئارتۇق بولۇشى تەمە ۋە ھاجەتمەنلىكىنىڭ سەۋەبىدىندۇر. قاچانكى كىشى تەمەنى كۆڭلىدىن چىقىرىۋېتىدىكەن، ئىككىلا ئالەمدە بىھاجەت بولىدۇ. ھېچ كىشىگە ھاجىتى چۈشمەيدىغان ئادەم ئەڭ ئۇلۇغ ۋە ئەڭ ھۆرمەتكە سازاۋەر كىشىدۇر؛ ئەكسىنچە تەمەخور ۋە ھاجەتمەن ئادەم ئەڭ خار كىشىدۇر.



بىلىشىڭ كېرەككى، بەزى كىشىلەر تەمەنىڭ سەۋەبىدىن ئۆزلىرىنى ئۆزىگە ئوخشاش يەنە بىرسىگە بەندە (قۇل) قىلىپ قويىدۇ.

ھېكايەت: ئاڭلىشىمچە، شەيخ شىبلى — ئاللا ئۇنىڭغا رەھمەت قىلغاي — مەسچىتكە بېرىپ ئىككى رەكەت ناماز ئۆتىدى. ئۇ جاي ھەم مەسچىت، ھەم مەكتەپ بولۇپ، بالىلار بۇ جايدا ئوقۇيتتى. بالىلارنىڭ نان يەيدىغان ۋاقتى بولدى. بالىلار نانلىرىنى يېيىشكە باشلىدى.

ئىككى بالا شەيخ شىبلىنىڭ ئالدىدا ئولتۇرغانىدى. بىرسى



بايىنىڭ ئوغلى، يەنە بىرسى كەمبەغەلنىڭ ئوغلى ئىدى. بايىنىڭ ئوغلىنىڭ قويىنىدا ھالۋا بار ئىدى. كەمبەغەلنىڭ ئوغلىنىڭ قولىدا بولسا قېتىپ كەتكەن بىر پارچە نان بار ئىدى. كەمبەغەلنىڭ ئوغلى بايىنىڭ ئوغلىدىن ھالۋا تىلىدى. بايىنىڭ ئوغلى:

— مېنىڭ ئىتىم بولۇپ «ھاۋ ـ ھاۋ» دەپ قاۋىغىن، — دېدى.

دەرۋىش بالا ئىتقا ئوخشاش قاۋىدى. بايىنىڭ ئوغلى ئۇنىڭغا بىر پارچە ھالۋا بەردى.

شەيخ شىبلى گۆدەكلەرنىڭ بۇ ئىشلىرىنى كۆرۈپ يىغلاپ كەتتى. مۇرىتلىرى يىغىنىڭ سەۋەبىنى سورىغانىدى، شەيخ شىبلى:

— قاراڭلار، بىر ۋاخ تاماق بۇ خالايىقنىڭ بېشىغا نېمىلەرنى يەتكۈزۈۋاتىدۇ؟! ئەگەر ئۇ بالا قولىدىكى شۇ قۇرۇق نانغا قانائەت قىلغان بولسا ئىدى، ئۆزى بىلەن ئوخشاش بىر بالىغا ئىت بولماس ئىدى، — دېدى.

بەس، ئەي كۆزۈمنىڭ نۇرى، مەيلى تەقۋادار كىشى بول، خاھى پاسىق كىشى، دائىم قانائەتچان بولغىن ۋە كىشىلەر ياقتۇرىدىغان ئىشلار بىلەن شۇغۇللانغىن، ئىككىلا دۇنيادا ئۇلۇغ ۋە پاك تەبىئەت ئاتىلىسەن.

ئەي كۆزۈمنىڭ نۇرى، بىلگىنكى، مەن بۇ كىتابنى قىرىق تۆت باب قىلىپ، ھەر بابتا ئاڭلىغان ۋە بىلگەن ھېكمەت ۋە مەنىلەرنى مىسال قىلىپ، قولۇمدىن كەلگىنىچە ۋە تەبىئىتىم يار بەرگىنىچە ساڭا بايان قىلدىم.



ھەر بابتا نەسىھەتلەر قىلدىم. بىراق ئەقىل بابىدا ۋە ئىلىم توغرىسىدا ھېچ نەرسە دېيەلمىدىم. ساڭا زور بىلەن زۇلۇم ئىچىدە «ئاقىل بول» دېيەلمەيمەن. چۈنكى، دانىشمەنلىكنى زۇلۇم ـ ستەم بىلەن ئۆگەنگىلى بولمايدۇ. بىلگىنكى، ئەقىل ئىككى قىسىم بولىدۇ:

بىرسى، «ئەقلى ئەزىز»دۇر، يەنى ئادەمدە تەبىئىي بولىدىغان تۇغما ئەقىل. ئۇنى كەسىپ قىلىپ ئۆگىنىۋالغىلى بولمايدۇ.

ئىككىنچىسى، «ئەقلى مەكتەپ»تۇر. ئۇ كەسىپ قىلىپ ئۆگىنىشتىن ھاسىل بولىدۇ. «ئەقلى ئەزىز» ئەقىل، زېھىن دەپ ئاتىلىدۇ. «ئەقلى مەكتەپ» دانىش، يەنى بىلىم دەپ ئاتىلىدۇ. ھەر قاچان «ئەقلى مەكتەپ»نى ئۆگەنگىلى بولىدۇ. «ئەقلى ئەزىز» بولسا خۇدايىتائالانىڭ مەرھەمىتىدۇر. شۇڭا، ئۇنى ئۆگىنىشتىن ھاسىل قىلغىلى بولمايدۇ.

دېمەك، «ئەقلى ئەزىز»نى خۇدايىتائالا ساڭا بەرگەنىكەن، «ئەقلى مەكتەپ»نى رىيازەت ۋە مۇشەققەت بىلەن بولسىمۇ ئۆگىنىپ، «ئەقلى ئەزىز»گە ھەمراھ قىل، ئىككى ئەقىل بىلەن كامال تېپىپ جاھاننىڭ دانالىرىدىن بولغايسەن. ناۋادا سەندە «ئەقلى ئەزىز»، يەنى تۇغما ئەقىل، تۇغما قابىلىيەت بولمىغان تەقدىردىمۇ، «ئەقلى مەكتەپ»نى ئۆگىنىشتىن باش تارتما. قانچىلىك ئىمكانىيىتىڭ بولسا،



شۇنچىلىك ئۆگەن. گەرچە ئەقىللىقلەر جۇملىسىدىن بولالمىساڭمۇ، ھېچبولمىغاندا جاھىل بولۇپ قالمايسەن. چۈنكى، ھېچنېمە بىلمىگەندىن بىرنى بولسىمۇ بىلگەن ياخشىدۇر. «ئاتا بولالمىساڭ، ئانا بولغىن» دېگەن ماقال بار ئەمەسمۇ!؟ قاچانكى دانا بولۇشنى ئىستىسەڭ، ھېكمەت ئۆگەنگىن. ئەقىلنى ھېكمەت ئارقىلىقمۇ تاپقىلى بولىدۇ. بىرسى ئەرىستۇ تالىستىن سورىدى:

— ئەقىلنىڭ قۇۋۋىتى نېمە ئارقىلىق بولىدۇ؟

دېدىكى:

— ئادەمنىڭ قۇۋۋىتى غىزادۇر، ئەقىلنىڭ قۇۋۋىتى ھېكمەتتۇر.

ئەمدى بىلگىن، ئەي ئوغۇل، ھەممە نەرسىنى مېنىڭ ئادىتىم، بىلگىنىم ۋە ماقۇل كۆرۈپ خالىغىنىم بويىچە جەمئىي قىلىپ، سەن ئۈچۈن بىر كىتاب قىلدىم. ھەر ئىلىمدىن، ھەر ھۈنەردىن ۋە ھەر كەسىپتىن مىسال كەلتۈردۈم. بۇ كىتابنى يىگىرمە پەسىل، قىرىق تۆت باب بويىچە تامام قىلدىم. يىگىتلىكىمدىن ياشانغانغا قەدەر خاتىرە پۈتۈش ئادىتىم ئىدى. يەتمىش ئۈچ ياشتا ئىدىم. تارىخقا تۆت يۈز ئەللىك بەش ئىدى. بۇ كىتابنى جەمئىي قىلىپ تاماملىغا يەتكۈزدۈم. بۇنىڭدىن كېيىنمۇ خۇدايىتائالا ئۆمۈر بەرسە، ئۇشبۇ ئادەت بىلەن بولغۇمدۇر. بەس، ھەر نېمىنى ئۆزۈمگە ماقۇل كۆرگەن بولسام، ساڭمۇ شۇنى ماقۇل كۆردۈم. ناۋادا بۇنىڭدىنمۇ ياخشىراق سۈپەتلەر ۋە ئادەتلەرنى بىلسەڭ، شۇنى ماقۇل كۆرگىن. ئەگەر بۇنىڭدىنمۇ ياخشىراقنى تاپالمىساڭ، مېنىڭ بۇ پەندۇ نەسىھەتلىرىمنى كۆڭلۈڭنىڭ قۇلىقى بىلەن ئاڭلاپ، ئەمەلدە كۆرسەتكىن. ئەگەر سەن ئاڭلىمىساڭ ۋە قوبۇل قىلمىساڭ، خۇدايىتائالا سائادەتمەن ۋە بەختلىك ياراتقان يەنە بىرسى ئاڭلايدۇ ۋە قوبۇل قىلىدۇ ھەم ئاڭلىغان ۋە قوبۇل قىلغانلىرىنى ئەمەلدە كۆرسىتىدۇ. بىراۋنىڭ پەند - نەسىھەتنى ئاڭلىغان كىشىنى ھەرقاچان سائادەتمەن بىلگىن.

بۇ كىتابتا دېگەنلىرىمنىڭ ھەممىسى ئىككىلا ئالەمدىكى سائادەتمەنلىكنىڭ ئالامىتى ۋە نىشانىدۇر...

ئىزاھلار:

① بۇ سۆز قول يازما تېكىستىدە «قدوق»، ھاشىيەسىدە «بولاق» يېزىلغان. قۇدۇق دەپ ئېلىندى.

② ئوتتۇرا تىرناق ئىچىدىكى مەزمۇنلار قول يازمىنىڭ ھاشىيەسىگە يېزىلغان بولۇپ، بىرئاز پەجمۇردە بولغان. بۇ ئىبارىلەر «سىددىقنامە»نىڭ قول يازمىسى بىلەن سېلىشتۇرۇش ئاساسىدا رەتلەندى.

③ قول يازمىدا مۇشۇ يەردىن باشلاپ ئاخىرىغىچە بولغان بىرنەچچە ۋاراقنىڭ ئوتتۇرىسى چىرىپ يىرتىلىپ كەتكەن، خەتلىرى پۈتۈنلەي بوزۇلغان. ئوتتۇرا تىرناق ئىچىدىكى بۇ مەزمۇنلار «سىددىقنامە»نىڭ قول يازمىسى بىلەن سېلىشتۇرۇش ئاساسىدا رەتلەندى.

(نەشرگە تەييارلىغۇچىلاردىن ئابلىمىت ئەھەت شىنجاڭ ئۇنىۋېرسىتېتى فىلولوگىيە ئىنستىتۇتىدا، ئىلھام ئابدۇللا پوسكام ناھىيەلىك جامائەت خەۋپسىزلىكى ئىدارىسىدە)

# شائىر ھەيائىي شېئىرلىرى

نەشرگە تەييارلىغۇچى: روزىمۇھەممەت مۇتەللىپ قاشتاش

**نەشرگە تەييارلىغۇچىدىن:** يېقىنقى يىللاردىن بېرى، نەچچە ئەسىرلىك تارىخنىڭ بوران ـ چاپقۇنلىرىدا ئۆزىنى پىنھان تۇتقان كۆپلىگەن دىۋان ـ مەجمۇئەلەر، قول يازما ـ ۋەسىقىلەر ئارقا ـ ئارقىدىن ئۆزىنى ئاشكارىلاپ، ئۇيغۇر كىلاسسىك ئەدەبىياتىنىڭ نەقەدەر مول مەزمۇنغا ۋە رەڭدارلىققا ئىگە ئىكەنلىكىنى نامايان قىلماقتا. شۇنىسى ئېنىقكى، ھەربىر دىۋاننىڭ، مەجمۇئەنىڭ يېڭىدىن تېپىلىشى بىزگە دىققىتىمىزدىن سىرتتا قېلىۋاتقان ئالىم ـ ئۆلىمالىرىمىزنىڭ، شائىر ـ ئەدىبلىرىمىزنىڭ يەنىلا ئاز ئەمەسلىكىنى ئەسكەرتىپ تۇرىدۇ.

بىز تۆۋەندە تىلغا ئېلىۋاتقان شائىر ھەيائىيمۇ ھازىرغىچە بىزگە مەلۇم بولمىغان شائىرلىرىمىزنىڭ بىرسىدۇر. ئۇنىڭ بىر مەجمۇئەگە بىرنەچچە پارچە شېئىرلىرى كىرگۈزۈلگەن بولۇپ، بۇ مەجمۇئە ھازىر تۈركىيە مىللىي كۇتۇپخانا يازمىلار بۆلۈمىدە A 1692/2 نومۇردا ساقلانماقتا. مەجمۇئەنىڭ نامى «ھېكايەتى ھەزرىتى سۇلايمان نەبى ئەلەيھىسسالام ۋە سىمۇرغ ۋە قىسسەئى قازا ۋە قەدەر» دېيىلگەن ھەم «چاغاتايچە يېزىلغان بىر خەلق ھېكايىسى» دەپ ئىزاھلانغان. ئەمما، مەجمۇئەنىڭ ھەممىسى چاغاتايچە ئەمەس.

جەمئىي 153 بەتتىن ئىبارەت قول يازمىنىڭ a1، a 9، a 107 بەتلىرى قۇرۇق قالدۇرۇلغان. b1 — b 8 ـ بەتلىرى ئارىسىدا چاغاتايچە مەتىن، b 9 — b 106 ۋە b 107 — b 152 ـ بەتلىرى ئارىسىدا پارسچە ئىككى مەتىن بېرىلگەن. دېمەك، قول يازمىنىڭ تىلى «چاغاتايچە» دەپ ئەسكەرتىلگەن بولسىمۇ، پەقەت b1 دىن b 8 غىچە بولغان بەتلىرىلا چاغاتايچىدۇر. قالغان قىسىملىرى پارسچىدۇر.

بۇ مەجمۇئەنىڭ كىم تەرىپىدىن، نەدە ۋە قاچان يېزىلغانلىقى، توپلام قىلىنغانلىقى ھەققىدە ئۇچۇر يوق. چاغاتايچە بولغان بىرىنچى بېتىدىن 8 ـ بېتىگىچە بولغان ئارىلىقتا شائىر ھەيائىيغا ئائىت بەش پارچە غەزەل ۋە بىر ھېكمەت بار: ئالدى بىلەن ئىككى غەزەل، ئاندىن بىر ھېكمەت، ئاندىن كېيىن يەنە ئۈچ غەزەل بېرىلگەن. گەرچە ھېكمەتتە ھەيائىينىڭ ئىسمى بولمىسىمۇ، ئەمما ئۇنىڭ ھەيائىينىڭ غەزەللىرىنىڭ ئوتتۇرىسىغا ئورۇنلاشتۇرۇلغانلىقى ۋە تىل ئالاھىدىلىكى جەھەتتىن ھەيائىيغا مەنسۇپ ئىكەنلىكىنى بىلمەك تەس ئەمەس.

قول يازمىدىكى ھەيائىينىڭ شېئىرلىرىنى «شەرق تۈركچىسى بىلەن يېزىلغان بىر مەجمۇئە: ھەيائىي ۋە شېئىرلىرى» دېگەن نام بىلەن نەشرگە تەييارلاپ، «تۈركىش ستۇدىئەس» ژۇرنىلىنىڭ 2013 ـ يىللىق 8 ـ، 9 ـ قوشما سانىدا ئېلان قىلدۇرغان فەتىھ باكىرجى بۇ شېئىرلارنىڭ تىل ئالاھىدىلىكى جەھەتتىن تەخمىن قىلىپ «16 ـ ئەسىردە ياشىغان بولۇشى مۇمكىن» دەيدۇ. بۇ ھەقتە يەنىمۇ چوڭقۇرلاپ تەتقىق قىلىش زۆرۈر، ئەلۋەتتە. تۆۋەندە بىز شائىر ھەيائىينىڭ مەجمۇئەدىكى شېئىرلىرىنى ئوقۇرمەنلەرنىڭ ھۇزۇرىغا سۇندۇق.

بو سوزلارنی تنگلا غافل    شمس عاصی تیدی با

کونکلونگده اگر بار ایسه حاجی    اندیشه طاعت

اویغوخوذدین اد یان    بولدی بیا صبح سعادت

هر کیم ایر دور    اهل سعادت بوا وجوددا

جان برلا قوپوب    قیلسه گرک ذکر عبادت

شایسته رحمت اگر    بولسه عجب ایرماس

خوش کا نیکا هر کشی کیم قیلدی قناعت    الحمد کونکل بیر و حرام

هر صوفی برحیله کاسب    معمور ایردی ... جهان

گر بیر خرابات قلور بولسه عنایت    زاهد نه بیلورسن که نظر

گر بیلماپسل نسانک سندین ...    خاک اول دین برلا ...

هر کیمگا که بولدی کرم شاه ولایت

الحبیب من جرعه جام محبت    نه تیماس من کدا ... دولت

منگا کیم محیده اوزگا بولماس    نه بردی کیم ازلده ... قدرت

ای نسیم حرنا نه یوتماق علی المندین    بکمر بر در منگا اولده قسمت

ئۇيغۇر كىتاب تورى بېكىتى
www.uyghurkitap.com

کونکل تویه طمع قیلدر نیکیدین ایدین که عاشق لارغه بو الماس قدر قیمت

حبابی عاشق اولدیم خود بمارغه

اینک چون تا رنارم بسیار غربت

اکرای ایگرای اکرا یو — مجنون بنه بولدیم من

آرام عشرا رقیبها یین — ایمان غلط قلدیم من

ظاهرلاریم تقیدیم — وحدت حالت با قلندری

سر اسیر اوی نقد تک — عنانیین بولدیم من

عنایت اصلی قیدی — ارادت و اصل قیلدی

اعتبار دین فاصلی قلدی — وجود کیسرین یولدیم من

اصلیم نیوستی عالم دین — ظاهر تقلیدی ادم دیک

محب جانی اول دم دین — ررنی تیو بولدوم من

اول قبول اول قلدی — عشق اعتبار اول ایلد

ظاهر دین کوز یوم دورد — فنا بوبوب تیدیم من

موذد الیام و موندوس پی — انداالیام اندارسی پی

هم موذا هم اندا پس — تیو حیران قالدیم من

عنایتی بیلدی — حکیم عشق دین ابتدا
عجب صنعه تیوردی — توفیقین نیش بولدیم
عاشق کشی ای کونگل — دیوانه گرک بولسه
دیوانه لاره مسکن — دیوانه گرک بولسه
امان نیشانیملانک — خانانه وصالینغه
کیچل بو عزیز جاندین — جانانه گرک بولسه
مجنون کبی لیلی نینک — عشقیدین الا منانک
کبی ده
بو جمله خلایقدین بیگانه گرک بولسه — مردانه بروب جانینک
معشوقه صرف ایله — عاشق کشی کا همت
مردانه گرک بولسه — می ایچمیش ازل کونده
بیچاره صیانینک — هر بر سوز مجلیس ده
مستانه گرک بولسه
هر کیم معشوق بر لا — آشنا بولماق گراک
اول لار اول سوالیدین — اجدا بولماق گرک
دن
او شبو کیمکه جان برلان وصالین — ایستادی معشوقه نینک

اوشبو کون اخلاص برلا  خاکپای بولماق کرک
نازیله هر نچه قیلسا  اول پری جبر و جفا
ای کونکل پس جانیله  اهل وفا بولماق کرک
خوبلار رنک فرد عشقیدین  هر کشی قیلسا قبول
هر بلای محنتی کلسه  رضا بولماق کرک
دعوی مهر محبت  ایلاکان بو دنیاده
بو جهانی تک اسیر و خان و  مان بولماق کرک

قلسه لطف و ترحم  اگر اول یار منکا
بس که جان برماک ایلتی  بولغوسی دشوار منکا
بعضی لار جنتنی ایستار  اگر اول حشر کونی
نه قیلای جنتنی کورسانکسه  دیدار منکا
نکمه عاریمنی ایبنک  بولیده قیلدیم برباد
عشق یاریده کرالماس  نیه اول عار منکا
عشق یاریده کر کماس  نیه اول عار منکا

قيلا دورلار منكا    فردوس کلی نینک صفتی
گل حسنیک قاتیده    شور گل ایر ورشار منکا
بقیمه سیا رحم کوزنی برلا    نه بولغانی جالیم
ای حیانی اکر اول    قانبستی کار منکا

محبت نینک بوستاننده    مبل کبی
گل شوقیده تنمنی    فغان قیلغوم کیلور
محب لار غمگو نکل    ملکین بوروب اندوه
محبت نینک گنجی بنهان    قیلغوم کیلور
مظهر ایماس عشق    الیشلاری مظهر تر ور
ارباغ ریاح ریح القطعه کافرلار روحی ریح الفرقه
نصرانی لار روحی ریح اللغز یهودی لار روحی
ریح الغفله عام لار روحی ایلیغ یاغ ریح
الوده مومن لار روحی ریح الوصلت عارفلار
روحی ریح محب تایب لار روحی ریح

الرحمة عایه لار روحی والله اعلم نقل است
از شیخ ابو یوسف همدانی رحمة الله علیه صفت من تبیه
وصفات مشتبهه صفات منفیه است که شناختن
نفس من عرف نفسه صفات مشتبه است که تا ثابت
شود شناختن ذات فقد عرف ربه احکام طریقت
بنجه ترتیب لار جواب التی تورور اول علم
ایکنچ حلم اوچنچ صبر تورتنچی رضا بشنچ ادب آلتنچ
اخلاص ارکان طریقت بنجه تمسالار جواب
ایغل التی تورور اول معرفت ایکنچ تسلیم اوچنچ
بیعت تورتنچ صدق بشنچ قناعت آلتنچ عزلت
بیان طریقت بنجه ترتیب لار جواب ایغل
التی اول ارادت ایکنچ مخنت اوچنچ زهد تورتنچی
تقوی بشنچ توکل آلتنچ شوق هر کیم هر
ایرسه درویش لیک دعوی قیلسه بو ارکان لارنی
بلماس بو ارکان لارنی بیلماسه دعوی باطل

1

كۆڭلۈڭدە ئەگەر بار ئىسە ئەندىشە، تائەت،
ئۆيخۇدىن ئويان بولدى يەنە سۇبھى سەئادەت.

ھەر كىمكى ئېرۇر ئەھلى سەئادەت بۇ ئۇچۇردا،
جان بىرلە قوپۇپ قىلسا كېرەك فىكرى ئىبادەت.

شايىستەئى رەھمەت ئەگەر بولسا ئەجەب ئەرمەس،
ھەق بەرگەنىگە ھەر كىشىكىم قىلسا قەنائەت.

ئەي، خەستە كۆڭۈل، پىرى خەراباتە مۇرىد ئول،
ھەر سۇفىئى پۇر ھىيلەگە سەن بەرمە ئىرادەت.

مەئمۇر ئېرۇر ئىككى جەھان ئىچرە كىشىگە،
گەر پىرى خەرابات قىلۇر بولسا ئىنايەت.

زاھىد نە بىلۇرسەنكى نەزەر يافتە كىمدۇر،
گەر بىلمەس ئېسەڭ مەندىن ئىشىت ئۇشتە رىۋايەت.

خاك ئول دىلۇ دىن بىرلە ئىشىكىندە، ھەيائىي،
ھەر كىمگەكى بولدى كەرەم شاھى ۋەلايەت.

2

ئىچىپ مەن جۇرئەئى جامى مۇھەببەت،
نە يەتمەس مەن گەداغە ئۇشبۇ دەۋلەت.

ماڭا كىم ھېچ مەھەلدە ئۆزگە بولماس،
نە بەردىكىم ئەزەلدە دەستى قۇدرەت.

ئىشىم خۇنابە يۇتماق ئىشق ئېلىندىن،
مەگەر بېرۇر ماڭا ئەۋۋەلدە قىسمەت.

كۆڭۈل تۇتما تەمەئ قەدرىڭدىن ئەمدى،
كى ئاشىقلارغا بولماس قەدرۇ قىيمەت.

ھەيائىي، ئاشىق ئولدۇم خۇبلارغا،
ئانىڭ چۈن تارتارام بىسيار غۇربەت.

3

ئىگراي ئىگراي ئىگرايۇ،
مەجنۇن تەلبە بولدۇم مەن.
ئارام قەرار قىلمايىن،
ئىمان ئەتا قىلدىم مەن.

زاھىرلارىم يىقىلدى،
ۋەجد ھالەت ياقىلدى.
سەراسەر ئۆي تاقىلدى،
ئىنايەتىن بولدىم مەن.

ئىنايەت فازىلى قىلدى،
ئىرادەت ۋاسىلى قىلدى،
ئەغياردىن فاسىلى قىلدى،
ۋۇجۇدسىزىن بولدۇم مەن.

ئەسلىم يوقلۇق ئالەمدىن،
زاھىر قىلدى ئادەمدىن،
مۇھەببەت جانى ئول دەمدىن،
ئەرنى تەيۇ بۇلدۇم مەن.

ئەۋۋەل قەبۇل ئول قىلدى،
ئىشق ئەغنىيا ئول ئەيلەدى،
زاھىردىن كۆز يۇمدۇردى،
فەنا بولۇپ تىندىم مەن.

مۇندا ئىبسەم مۇندا سەن،
ئاندا ئىبسەم ئاندا سەن،
ھەم مۇندا ھەم ئاندا سەن،
تەيۇ ھەيران قالدىم مەن.

ئىنايەتى يەتىلدى،
ھەكىم ئىشقدىن ئايتدى،
ئەجەب سۇمئە يەتۇردى،
تەۋفىق رەفىق بولدۇم مەن.

4

ئاشىق كىشى، ئەي كۆڭۈل، دىۋانە كېرەك بولسا،
دىۋانەلەرە مەسكەن ۋەيرانە كېرەك بولسا.

ئاسان يېتىشە بىلمەك جانانە ۋىسالىغا،
كەچكىل بۇ ئەزىز جاندىن، جانانە كېرەك بولسا.

مەجنۇن كەبى لەيلانىڭ ئىشقىندىن ئالاي تىپسەڭ،
بۇ جۇملە خەلايىقدىن بىگانە كېرەك بولسا.

مەردانە يۈرۈپ جانىڭ مەئشۇقە سەرف ئەيلە،
ئاشىق كىشىگە ھىممەت مەردانە كېرەك بولسا.

مەي ئىچمىش ئەزەل كۇندە بىچارە ھايائىيتەك،
ھەربىر سۆزى مەجلىسدە مەستانە كېرەك بولسا.

5

ھەر كىمە مەئشۇق بىرلە ئاشنا بولماق كېرەك،
ئەۋۋەلا ئول ماسىۋەللاھدىن جۇدا بولماق كېرەك.

كىمكى جان بىرلە ۋىسالىن ئىستەدى مەئشۇقەنىڭ،
ئۇشبۇ كۆن ئىخلاس بىرلە خاكى پا بولماق كېرەك.

ناز ئىلە ھەر نىچە قىلسا ئۇل پەرى جەبرۇ جەفا،
ئەي كۆڭۈل، سەن جان ئىلە ئەھلى ۋەفا بولماق كېرەك.

خۇبلارنىڭ دەردى ئىشقىن ھەر كىشى قىلسا قەبۇل،
ھەر بەلايى مىھنەتى كەلسە رىزا بولماق كېرەك.

دەئۋئى مىھرۇ مۇھەببەت ئەيلەگەن بۇ دۇنيادا،
بۇ ھەيائىيتەك ئەسرۇ خانۇمان بولماق كېرەك.

6

قىلمىسا لۇتفۇ تەرەھھۇم ئەگەر ئۇل يار ماڭا،
بەسكى، جان بەرمەك ئىشى بولغۇسى دۇشۋار ماڭا.

بەئزىلەر جەننەتى ئىستەر ئەگەر ئۇل ھەشر كۈنى،
نە قىلاي جەننەتى، كۆرسەتمەسە دىدار ماڭا.

نەكى ئارىمنى ئانىن يولىدا قىلدىم بەرباد،
ئىشقى بارىدا كېرەكمەس يەنە ئۇل ئار ماڭا.

قىلادۇرلار ماڭا فىردەۋس گۈلىنىڭ سىفەتى،
گۈلى ھۆسنىنىڭ قاتىدا شۇر گۈل ئېرۇر خار ماڭا.

باقماسا رەھىم كۆزى بىرلە نە بولغاي ھالىم،
ئەي ھەيائىي، ئەگەر ئۇل ئاقىبەتى كار ماڭا.

(نەشرگە تەييارلىغۇچى «شىنجاڭ ياشلىرى» ژۇرنىلى تەھرىر بۆلۈمىدە)

غالىب بارات ئەرك

# ئۇيغۇر باخشىلىرى ۋە ئەلشىر نەۋائى

تۈركىي تىللىق خەلقلەر ئەدەبىياتىنىڭ بۈيۈك پەللىسىنى ياراتقان، يۈكسەكلىككە كۆتۈرگەن، بىباھا مەنىۋى مىراس قالدۇرغان مۇتەپەككۇر، شائىر، دۆلەت ئەربابى ئەلشىر نەۋايى ئافغانىستاننىڭ قەدىمىي شەھىرى، شۇنداقلا ئۆز زامانىدىكى خوراسان دۆلىتىنىڭ پايتەختى بولغان ھىراتتا 1441 ـ يىلى 2 ـ ئاينىڭ 9 ـ كۈنى ئۇيغۇر باخشىسى ئائىلىسىدە دۇنياغا كېلىپ، 1501 ـ يىلى 1 ـ ئاينىڭ 3 ـ كۈنى شۇ شەھەردە كېسەل سەۋەبى بىلەن ۋاپات بولغان، ئۇنىڭ قەبرىسى ھازىرمۇ ھىرات شەھىرىدە ساقلانماقتا.

تۈركىي تىللىق خەلقلەر، جۈملىدىن ئۇيغۇر خەلقىنىڭ تىل ـ ئەدەبىيات، ئېتنىكا، تەزكىرىچىلىك ۋە باشقا جەھەتلەردە ئۆچمەس تۆھپىلەرنى قوشقان بۇ گىگانتنىڭ مىللەت مەنسۇبىيىتى ۋە باشقا مەسىلىلەر توغرىسىدا كۆپ ئىزدىنىشلەر بولدى، مانا شۇ ئىزدىنىشلەردە نامايان بولغان، ناھايىتى قىممەتلىك ئۆچۈر يەتكۈزگەن مۇھىم مەنبەلەرنىڭ بىرسى مىرزا مۇھەممەد ھەيدەر كۆرەگاننىڭ «تارىخى رەشىدىي» ناملىق ئەسىرىدۇر. مىرزا مۇھەممەد ھەيدەر كۆرەگان چاغاتاي ئەۋلادى تۇغلۇق تۆمۈرخاننىڭ خانلىق تەختكە چىقىشىدا ئالاھىدە رول ئوينىغان دوغلات ئەمىرى خۇدايدادنىڭ ئەۋلادى، ئۇنىڭ ئەجدادلىرى چىڭگىزخان بەرگەن سۇيۇرغال زېمىن ماڭلاي سۇيە (تارىم ئويمانلىقى ۋە فەرغانىنىڭ بىر قىسمىنى كۆرسىتىدۇ)نىڭ ھۆكۈمرانلىرى ئىدى. چىڭگىزخاننىڭ 2 ـ ئوغلى چاغاتاينىڭ ئەۋلادلىرىدىن بولمىش ياركەنت سەئىدىيە خانلىقىنىڭ قۇرغۇچىسى سۇلتان سەئىدخاننىڭ ئاتىسى، موغۇلىستان خانى مەھمۇدنىڭ ئەمرى بىلەن مىرزا مۇھەممەد ھەيدەر كۆرەگاننىڭ ئاتىسى مۇھەممەد ھۇسەيىن كۆرەگان 1495 ـ يىلى تاشكەنتنىڭ جەنۇبىدىكى ئۆرەتۆپەگە بارغان ۋە تاشكەنت قاتارلىق يەرلەردە بىرنەچچە يىل ھاكىمىيەت ئىشلىرىدا بولغان. مانا شۇ مەزگىلدە دوغلات ئەمىرلىرىنىڭ ئەۋلادى بولمىش مۇھەممەد ھۇسەيىن كۆرەگان بىلەن چاغاتاي خان نەسەبىدىن بولغان يۇنۇسخاننىڭ كەنجى قىزى، شۇ ۋاقىتتىكى موغۇلىستان خانى مەھمۇدنىڭ سىڭلىسى خوبنىگار خانىمدىن كەلگۈسىنىڭ تارىخچىسى مىرزا مۇھەممەد ھەيدەر 1499 ـ يىلى تاشكەنتتە دۇنياغا كەلگەن. ئۇ دەۋرنىڭ سىياسىي داۋالغۇشلىرىدا ياشاپ، ئوتتۇرا ئاسىيادىن بۈيۈك موغۇل ئىمپېرىيەسىنىڭ پايتەختى ھىندىستانغا قەدەر بارغان ھەمدە ياركەنت سەئىدىيە خانلىقىنى قۇرۇش، مۇستەھكەملەش ئىشلىرىغا قاتناشقان. ياركەنت سەئىدىيە خانلىقى (1514 ـــ 1680)نىڭ 2 ـ ئەۋلادى سۇلتان ئابدۇرەشىدخان 1533 ـ يىلى ئاتىسىنىڭ ئورنىغا تەختكە چىققان ۋە دوغلات ئەمىرلىرىنىڭ ھاكىمىيەتتىكى تەسىرىنى تازىلىغان. تۇيۇقتە لەشكىرىي يۈرۈشتە بولۇۋاتقان مىرزا مۇھەممەد ھەيدەر كۆرەگان

خەۋپسىرەپ، ياركەنت سەئىدىيە خانلىقىغا قايتماستىن، تۈبۈت، بەلۇجىستان، بەدەخشان ۋە كابۇللاردا بولغان. 1541 - يىلىدىن 1551 - يىلى ۋاپات بولغانغا قەدەر كەشمىردە ھۆكۈمران بولغان. مىرزا مۇھەممەد ھەيدەر كۆرەگان ئەلىشىر نەۋايى توغرىسىدا قىممەتلىك ئۇچۇر يەتكۈزگەن، سۇلتان ئابدۇرەشىدخان نامىغا ئاتالغان «تارىخى رەشىدى» ناملىق ئەسىرى 1541 - يىلىدىن 1546 - يىلىغىچە كەشمىردە يېزىلغان. ئەلىشىر نەۋايى توغرۇلۇق يېزىلغان بايانلار كىتابنىڭ 2 - قىسمى، يەنى «مۇختەسەر»دە بولۇپ، 1541 - ، 1542 - يىللىرى يېزىلغان. دېمەك، ئەينى زاماندا شېئىرىيەتتە، خەير - ئېھساندا، جامائەت ئىشلىرىدا شۆھرىتى تۈركلەر ياشىغان جايلار ۋە ئىران دىيارىغا يېيىلغان ئەلىشىر نەۋايى قازا قىلىپ 40 يىل ئۆتكەندە «تارىخى رەشىدى» يېزىلغان، ئۇنىڭ مۇئەللىپىنى شۇ ۋاقىتتىكى ئوتتۇرا ئاسىيادا يۈرۈپ مول ماتېرىياللارغا ئېرىشكەن دېيىشكە ھەقلىقمىز. شۇڭا، ھازىر «تارىخى رەشىدى»دىكى ئەلىشىر نەۋايىغا ئائىت بايانلار ئىلىم ساھەسىدە زور ئېناۋەتكە نائىل بولۇپ، ئىشەنچ بىلەن قارالماقتا.

مىرزا مۇھەممەد ھەيدەر كۆرەگان «تارىخى رەشىدى»دە: «بۇ زاتنىڭ تەخەللۇسى نەۋايىدۇر، تۈركىي شېئىرنى ئۇنىڭدىن ئىلگىرى ۋە كېيىن ھېچكىم ئۇنىڭدەك راۋان، گۈزەل، مەزمۇنغا باي ۋە ئۇنىڭچىلىك ھەددى - ھېسابسىز كۆپ نەزم ئۇسلۇبىغا كەلتۈرمەپتۇ. ئۇ زات بۇ پەنگە ئۇستازدۇر، ئۇنىڭ تۈركىي تىلدىكى شېئىرلىرى ھەزرىتى مەۋلانا جامىينىڭ پارسىي شېئىرلىرىغا ئوخشاشلا زور شۆھرەتكە ئىگىدۇر... ئەمىر ئەلىشىرنىڭ ئۈچ تۈركىي دىۋانى، بىر پارسىي دىۋانى بار. تۈركىي تىلدا ‹تەزكىرەتۇل - ئەۋلىيا›، ‹تۈركىي خەمسە›، قاتارلىق كىتابلارنى يېزىپتۇ، بۇنىڭدىن بۆلەك يازغان كىتابلىرىمۇ تولا. بىرلا پارسچە دىۋاندىن باشقا ھەممە ئەسەرلىرى تۈركىي تىلدا تەسنىپ قىلىنغان.

ئەمىر ئەلىشىرنىڭ ئەسلىي ئۇيغۇرنىڭ باخشىلىرىدىندۇر. ئاتىسىنى ‹كىچىككىنە باخشى› دەپ ئاتايتتى، ئادەتتىكى كىشىلەردىن ئىدى. ئەمىر ئەلىشىرنىڭ سۇلتان ھۈسەيىن مىرزا بىلەن كىچىك ۋاقتىدىن باشلاپ دوستلۇق ئالاقىسى بار ئىدى. سۇلتان ھۈسەيىن مىرزا پادىشاھ بولغاندىن كېيىن ئەمىر ئەلىشىر ئۇنىڭ خىزمىتىگە باردى، مىرزا ئۇنى پەرۋىش قىلدى، ئەمىر ئەلىشىر بولسا پەزىلەت ئىگىلىرىنى پەرۋىش قىلدى. شۇ ئەسىردىكى تەڭداشسىز ئالىم ۋە تەقۋادار كىشىلەرنىڭ ھەممىسى ئەمىر ئەلىشىرنىڭ تىرىشچانلىقى، تەربىيەلىشى ۋە پەرۋىش قىلىشى بىلەن كامال تاپتى. ئەمىر ئەلىشىرنىڭ بايلىقى شۇ دەرىجىگە يەتكەنكى، ھەممە مال - مۈلۈك ئۇسكۇناتلىرىدىن ھەر كۈنى ئۇنىڭغا ئون سەككىز مىڭ شاھرۇخىي كىرىم بولاتتى، ئۇنىڭ ھەممىسىنى پەزىلەت ئىگىلىرى ئىچىدىكى موھتاجلارغا سەرپ قىلاتتى... شۇ قەدەر تولا مەسچىت، لەڭگەر ۋە ئىمارەتلەرنى بىنا قىلدىكى، ئېھتىمال ئۇنىڭچىۋالا كۆپ ئىمارەتلەرنى ئالەم سەھىپىسىدە ئانچە كۆپ كىشى بىنا قىلالمىغان بولغىيدى. بۈگۈنكى كۈندىمۇ خۇراساندا بۇ ئىمارەتلەرنىڭ كۆپىنچىسى ساقلىنىۋاتىدۇ[1]. شۇ ئەسىردىكى پەزىلەت ئەھلى ئىچىدە ئۇنىڭ پەرۋىش قىلىشىغا ۋە ياردىمىگە ئىگە بولمىغان ھېچكىم يوق...»[2] دېيىلگەن. «تارىخى رەشىدى»نىڭ ھازىرغىچە تېپىلغان قول يازمىلىرى نەچچە ئون خىلغا يېتىدۇ. شىنجاڭ ئۇيغۇر ئاپتونوم رايونلۇق ئىجتىمائىي پەنلەر ئاكادېمىيەسى مىللەتلەر تەتقىقات ئورنى خەنزۇچىغا تەرجىمە قىلغان، تارىخشۇناس ۋاڭ جىلەي سېلىشتۇرۇپ ئىزاھلىغان، شىنجاڭ خەلق نەشرىياتى 1983 - يىلى خەنزۇچە نەشر قىلغان نۇسخا، ئەنگلىيە ئالىمى رۇس تەرىپىدىن دۇنيادىكى كەمتۈك نۇسخىلار ئاساسىدا ئىنگلىز تىلىغا تەرجىمە قىلىنىپ، 1895 - يىلى لوندوندا نەشر قىلىنغان نۇسخىدىن تەرجىمە قىلىنغان بولغاچقا، خەنزۇچە نۇسخىدا يۇقىرىقى مۇناسىۋەتلىك ئۇچۇرلار يوق. «تارىخى رەشىدى»نىڭ تۈركىيەدە 2006 - يىلى نەشر قىلىنغان تۈركچە نەشرىمۇ ئېلىمىزدىكى خەنزۇچە نەشرى بىلەن بىر مەنبەدىن تەرجىمە قىلىنغانلىقتىن، ئەلىشىر نەۋايى

توغرىسىدىكى مەلۇماتلار كەم. ئالىملىرىمىزنىڭ ئۇچۇر بېرىشىچە، ئەلىشىر نەۋايىغا مۇناسىۋەتلىك ئۇچۇرلار ئۆزبېكىستان پەنلەر ئاكادېمىيەسى شەرقشۇناسلىق ئىنستىتۇتىدا 1430 نومۇردا ساقلىنىۋاتقان قول يازمىسىدا[3] بولغاندىن سىرت، ئىران جۇمھۇرىيىتىنىڭ تېھران شەھىرىدە 2005 ـ يىلى نەشر قىلىنغان پارسچە نۇسخىسىنىڭ[4] 310 ـ بېتىدىمۇ يۇقىرىقى بايانلار بار. خەنزۇچە ۋە تۈركچە نەشرلىرىدە ئەلىشىر نەۋايى توغرىسىدىكى ئۇچۇرلار بولمىسىمۇ، ئۆزبېكىستاندا ساقلىنىۋاتقان قول يازما ۋە ئىراننىڭ پارسچە نەشرىدىكى ئەلىشىر نەۋايىنىڭ ئۇيغۇر باخشىسى ئائىلىسىدە تۇغۇلغانلىقىدەك ئىشەنچلىك ئۇچۇر، ئەلىشىر نەۋايىنىڭ زامانىسىدىكى ئۇيغۇر زىيالىيسى ئائىلىسىدە دۇنياغا كەلگەنلىكىنى بېكىتىشكە مەنبە بولغان[5]. مۇشۇ پاكىتلار ئاساسىدا، بۇ بۈيۈك ئالىمنىڭ مىللەت كېلىپچىقىشىنىڭ ئۇيغۇر ئىكەنلىكىنى ئىلىم ساھەسىدە ئومۇم ئېتىراپ قىلغان.

يۇقىرىدا كۆرگىنىمىزدەك، 16 ـ ئەسىردىكى تارىخچى مىرزا مۇھەممەد ھەيدەر كۆرەگاننىڭ «تارىخى رەشىدىي» ناملىق ئەسىرىدىكى «ئەمىر ئەلىشىرنىڭ ئەسلىي ئۇيغۇرنىڭ باخشىلىرىدىندۇر» دېگەن بايانى ناھايىتى روشەن، قىممەتلىك ئۇچۇردۇر. يۇقىرىقى باياندىكى «ئۇيغۇرنىڭ» ئىبارىسى ئۇنىڭ مىللەت كىملىكىنى بېكىتىشتىلا ئەمەس، ئاتا ماكانىنىڭ قەيەرلىكىنى كۆرسىتىپ بېرىشتىمۇ ناھايىتى مۇھىم ئۇچۇر ھېسابلىنىدۇ. ئۇنداقتا شۇ زاماندىكى «ئۇيغۇر» ئىبارىسى قانداق ئۇقۇمنى ئاڭلىتىدۇ؟ «ئۇيغۇر» نامىنىڭ ئۇقۇم دائىرىسىنى كۆرسىتىشتە، 11 ـ ئەسىردىكى بۈيۈك ئەللامە مەھمۇد كاشغەرىينىڭ بايانلىرىدىن باشلاشقا توغرا كېلىدۇ. مەھمۇد كاشغەرىي «دىۋانۇ لۇغاتىت تۈرك»تە: «ئۇيغۇر — بىر ئەلنىڭ ئىسمى. ئۇنىڭ بەش شەھىرى بار»[6]، دەپ يازغان ھەمدە بۇ شەھەرلەرنىڭ سۇلمى، قوچۇ، چانبالىق، بەشبالىق ۋە ياڭىبالىقنى كۆرسىتىدىغانلىقى، بۇ ئەلدىكىلەرنىڭ مۇسۇلمان ئەمەسلىكى، ئۆز دىنىغا مەھكەملىكى، ئۇستا مەرگەنلەردىن ئىكەنلىكىنى بايان قىلغان. مەھمۇد كاشغەرىي يەنە تۈركىي قەبىلىلەرنىڭ تۇرار جايلىرىنى كۆرسىتىپ، «ئۇيغۇر»[7] قەبىلىسىنى ساناپ ئۆتكەن ھەمدە «ئۇيغۇرلارنىڭ تىلى ساپ تۈركچە، لېكىن ئۆز ئارا سۆزلىشىدىغان يەنە بىر خىل شېۋىسىمۇ بار. ئۇيغۇرلار كىتابنىڭ باش قىسمىدا كۆرسىتىلگەن يىگىرمە تۆت ھەرپتىن ئىبارەت تۈركىي يېزىقنى قوللىنىدۇ. كىتاب ۋە خەت ـ چەكلىرىنى شۇ يېزىق بىلەن يازىدۇ. ئۇيغۇرلارنىڭ چىنلىقلارنىڭكىگە ئوخشايدىغان يەنە بىر خىل يېزىقىمۇ بار. رەسمىي خەت ـ چەك ۋە ھۆججەتلىرىنى شۇ يېزىقتا يازىدۇ. بۇ يېزىقنى مۇسۇلمان بولمىغان ئۇيغۇرلار بىلەن چىنلىقلاردىن باشقىلار ئوقۇيالمايدۇ. يۇقىرىدا شەھەر خەلقلىرى توغرىسىدا سۆزلىدىم... تىللارنىڭ يېنىكى ئوغۇز تىلى، توغرىسى توخسى ۋە ياغما تىللىرى، شۇنىڭدەك ئىلى، ئېرتىش، يامار، ئېدىل ۋادىلىرىدىن ئۇيغۇر شەھەرلىرىگىچە بولغان جايلاردا ياشىغۇچى خەلقلەرنىڭ تىللىرىدۇر. بۇلارنىڭ ئىچىدە ئەڭ پاساھەتلىك تىل خاقانىيەنىڭ مەركىزىي ئۆلكىسىدىكى خەلقنىڭ تىلى ھېسابلىنىدۇ...»[8]، دەپ كۆرسەتكەن. مەھمۇد كاشغەرىي زامانىسىدا ئۇيغۇر خانلىقلىرى خاقانىيە (9 ـ ئەسىردىن 1212 ـ يىلىغىچە) ۋە ئۇيغۇر (ئىدىقۇت) ئېلى (857 ـ يىلىدىن 14 ـ ئەسىرنىڭ كېيىنكى يېرىمىغىچە)نىڭ ئايرىم ھاكىمىيەتلەر ئىكەنلىكى، خەلقلەرنىڭ دىنىي ئېتىقادىدا پەرقلەر بارلىقىنى كۆرسەتكەن. بىلمەك ھاجەتكى، قوشنا ئىككى خانلىق خاقانىيە ۋە ئۇيغۇر ئېلىنىڭ ئاھالىلىرى يۇقىرىدا كۆرگەندەك بىر خىل تىلدا سۆزلىشىپ، بىر خىل يېزىق قوللانغان بولسىمۇ، دىنىي ئېتىقاد جەھەتتىكى پەرق سەۋەبلىك ئىككى ئەل ئارىسىدا سۈركىلىش، زىددىيەتلەرمۇ پەيدا بولۇپ تۇرغان، شۇ ۋەجىدىن ئۆزلىرىنىڭ خانلىق تەۋەلىكلىرىنى ناھايىتى كەسكىن پەرقلەندۈرگەن. «ئۇيغۇر» دېيىلگەن ھاكىمىيەت خاقانىيەلىكلەر تەرىپىدىن «ئۇيغۇر ئېلى» دەپ ئاتالغاندەك، ئۇيغۇر ئېلى ئاھالىلىرىمۇ كۆپىنچە ھاللاردا «ئۇيغۇر ئېلى» دەپ ئاتىغان،

قىسمەن ئەھۋاللاردا «ئون ئۇيغۇر ئېلى» دەپ ئاتىغان. شۇڭا خەنزۇچە ۋە موڭغۇلچە ماتېرىياللاردىمۇ شۇ بويىچە ئېلىنغان[9]. شۇ ۋاقىتلاردا خاقانىيە يەنە ئىسلام ئېلى دەپ ئاتىلىپ، «ئۇيغۇر ئېلى»دىكىلەرنىڭ مۇسۇلمان ئەمەسلىكىگە دىنىي ئېتىقاد جەھەتتىن قارشى قويۇلغان. يۈەن سۇلالىسى (1271 — 1368) دەۋرىدىكى خەنزۇچە يازمىلاردا «畏兀儿国»، «高昌国» دەپ يېزىلغان. مۇشۇ ھاكىمىيەتنىڭ ئىدىقۇتلىرى ئۈچۈن، گەنسۇ ئۆلكىسىنىڭ يوڭچاڭدا 1334 - يىلى ئۇيغۇر ۋە خەنزۇ تىل - يېزىقلىرىدا تىكلەنگەن تۆھپە مەڭگۈ تېشىدا «ئۇيغۇر ئېلى» دەپ ئاتالغانلىقى، ئىدىقۇتنىڭ «گاۋچاڭ ئوڭ» (高昌王) دېگەن ئالتۇن تامغىنى ئىشلەتكەنلىكى يېزىلغان[10]. مۇشۇ مەڭگۈ تاشنىڭ خەنزۇچە قىسمىدا يۈەن سۇلالىسى پادىشاھىنىڭ ئىدىقۇتقا 高昌王 دەپ نام بېرىپ ئالتۇن تامغا ئويۇپ بەرگەنلىكى، (畏兀儿之境) ئۇيغۇرلارنىڭ زېمىنىنى باشقۇرغانلىقى، (畏兀儿城池) ئۇيغۇر شەھەرلىرىنى قايتا قۇرغانلىقى يېزىلغان[11].

يۇقىرىقىلار خاقانىيەلىكلەر ۋە شۇ خانلىق ئىچىدىكىلەرنىڭ قالدۇرغان ئۇچۇرلىرى بولۇپ ناھايىتى قىممەتلىك ھەم ئىشەنچلىك. پېرسىيەلىك تارىخچى راشىددىن پەيزۇللاھ (1247 — 1318) «جامىئۇت - تەۋارىخ» ناملىق كىتابىدىمۇ ئۇيغۇر (ئىدىقۇت) ئېلىنى «ئۇيغۇر ئېلى» دەپ ئاتىغان[12]. ئىران تارىخچىسى ئاتامەلىك جۇۋەينى (1226 — 1283)نىڭ «تەۋارىخى جەھانكۇشاي»[13] ناملىق ئەسىرىدىمۇ يۇقىرىقىدەك ئاتالغان، بۇ ئەسەردە ھەتتا «ئۇيغۇر» ئاتالغۇسى مۇسۇلمان ئىبارىسىگە قارشى ھالەتتە بايان قىلىنغان[14]. ئىتالىيەدە تۇغۇلغان جەن پولان كارپىنى (1182 —1252) 1246 - يىلى 8 - ئاينىڭ 24 - كۈنى موڭغۇل ئىمپېرىيەسىنىڭ پايتەختى قاراقورۇم شەھىرىگە بارغان. ئۇنىڭ كىتابىدا ئۇيغۇر ۋە سېرىق ئۇيغۇر ناملىرى كۆرۈلىدۇ[15]. 1253 - يىلى 12 - ئاينىڭ 27 - كۈنى موڭغۇل خاقانى مۆڭكەنىڭ ئوردىسىغا يېتىپ بېرىپ، كېيىنكى يىلى 1 - ئاينىڭ 4 - كۈنى قوبۇل قىلىنىشىغا، 4 - ئايدا خاقان بىلەن بىللە موڭغۇل ئىمپېرىيەسىنىڭ ئاستانىسى قاراقورۇمغا بېرىشقا مۇيەسسەر بولغان ۋىلىيام رۇبرۇكمۇ ئۇيغۇر (ئىدىقۇت) ئېلىنى كۆرسىتىشتە «ئۇيغۇر» ئىبارىسىنى ئىشلەتكەن[16]. كۆرۈپ تۇرۇپتىمىزكى، يۈەن سۇلالىسى دەۋرى (1271 — 1368)دىكى خەنزۇچە ماتېرىياللاردا، ئۇيغۇر (ئىدىقۇت) ئېلى «ئۇيغۇر ئېلى» دەپ يېزىلغاندىن باشقا، يەنە ئىدىقۇتى 高昌王 ، ھاكىمىيەت 高昌国 دەپمۇ ئاتالغان، ئۇنداقتا 高昌 قانداق ئۇقۇم؟ خوددى مەھمۇد كاشغەرىي «قوچۇ»نى «ئۇيغۇر شەھەرلىرىدىن بىرسىنىڭ ئېتى، بەزىدە ئۇ يەردىكى شەھەرلەرنىڭ ھەممىسى شۇ نام بىلەن ئاتىلىدۇ»[17] دەپ يازغىنىدەك، بۇ نام مەلۇم ئەھۋاللاردا ئۇيغۇر شەھەرلىرى دېگەن ئۇقۇمنى ئاڭلاتقىنىدەك، يۈەن سۇلالىسى ھاكىمىيىتىدە 高昌 نامىنىڭ ئۇيغۇر دېگەن ئۇقۇمنى ئاڭلاتقانلىقىنى كۆرەلەيمىز، بۇ تەرىپىنى مىڭ سۇلالىسى (1368 — 1644)نىڭ باشلىرىدا تۈزۈلگەن قەدىمكى ئۇيغۇر تىلى بىلەن خەنزۇ تىلىنىڭ سېلىشتۇرما سۆزلۈكى «ئىدىقۇت مەھكىمىسى سۆزلۈكى»[18]دىكى (Uyghur قەدىمكى ئۇيغۇر يېزىقىدىكى نامىنىڭ ئوقۇلۇشى)، «畏兀儿» خەنزۇچە تەلەپپۇزى، «高昌» خەنزۇچە تەڭدىشى دېيىلىشى ناھايىتى ئېنىق كۆرسىتىپ بېرىدۇ، مۇشۇ تەڭداشلىقتىن يۇقىرىقى نامنىڭ «ئۇيغۇر خانى»، «ئۇيغۇر ئېلى» دېگەن ئۇقۇمنى ئاڭلاتقانلىقىنى كۆرەلەيمىز. بۇ تەرىپىنى مىڭ سۇلالىسى دەۋرىدىكى تۇرپان - قومۇل رايونىدىكىلەر بىلەن مىڭ سۇلالىسى ئارىسىدىكى ئالاقىلەردىن تۈزۈلگەن «ئۇيغۇر مەھكىمىسى ئالاقىلىرى» (高昌馆来文 ۋە 高昌馆课)لەردىنمۇ كۆرۈش مۇمكىن، بۇ ئالاقىلەر قەدىمكى ئۇيغۇر يېزىقىدىن شۇ ۋاقىتتىكى خەنزۇ تىلىغا ياكى خەنزۇ تىلىدىن قەدىمكى ئۇيغۇرچىغا تەرجىمە قىلىنغان. مىسال قىلساق: 38 - پارچىدا قەدىمكى ئۇيغۇر تىل - يېزىقىدىكى «ئۇيغۇر ئۇلۇس» سۆزلىمى خەنزۇچىغا 高昌国 دەپ تەرجىمە قىلىنغان. 42 - پارچىدا «ئۇيغۇر يېر» بىلەن 高昌地 تەڭداش قىلىنغان. 69 - پارچىدا 畏兀儿地面 سۆزى «ئۇيغۇر يېر» دەپ تەرجىمە قى-

لىنغان. مانا مۇشۇلاردىن قارايدىغان بولساق، تۇرپان ۋە بەشبالىقنى مەركەز قىلغان ئۇيغۇر (ئىدىقۇت) ئېلى ھاكىمىيىتى تېررىتورىيەسى شۇ ھاكىمىيەت دەۋرىدە ھەم شۇنىڭدىن كېيىن مەلۇم دەۋرلەرگىچە «ئۇيغۇر» دەپ ئاتالغان، بۇ خىل ئاتاشنىڭ تاكى 16 ـ ئەسىرلەرگىچە داۋام قىلغانلىقىنى كۆرەلەيمىز. مىرزا مۇھەممەد ھەيدەر كۆرەگان «تارىخى رەشىدىي»دە ئاقسۇنىڭ شەرقىدىكى رايوننى «ئۇيغۇر رايونى»[19] دەپ ئاتىغان. فىڭ جياشىڭ، چىڭ سۇلۇ ۋە مۇ گۇاڭۋېنلار تۈزگەن «ئۇيغۇرلار تارىخىغا ئائىت ماتېرىياللاردىن قىسقىچە توپلام» ناملىق كىتابتا، ئۇلار ئىگىلىگەن ئۇچۇرلىرىغا ئاساسلىنىپ، «غەربىي ئايماق ئۇيغۇرلىرى، موڭغۇل ئىمپېرىيەسى ۋە يۈەن سۇلالىسى دەۋرىدە ئۇيغۇر (畏兀儿) ياكى 高昌国 دەپ ئاتالغان»[20] دەپ ھۆكۈم چىقارغان. 17 ـ ئەسىردە ياشىغان بەلخلىق ئالىم مۇھەممەد ئىبنى ۋەلىينىڭ يەتتە توملۇق ئېنسىكلوپېدىيەلىك ئەسىرى «بەھرۇل ـ ئەسرار»دىكى ئۇچۇرلارمۇ بۇ قاراشلىرىمىزنى قۇۋۋەتلەيدۇ: «كاشغەر ــ ئالەمنىڭ مەشرىقىدىكى كاتتا ئەللەرنىڭ بىرسى. مۇستائۇفى كاشغەرنى قىتان شەھەرلىرىدىن ھېسابلايدۇ، باشقىلار ئۇيغۇرىستان دېيىشىدۇ، ئۇچىنچى ۋە تۆتىنچى ئىقلىم ئارىسىغا جايلاشقان. كاشغەر مەشھۇر مەملىكەتلەرنىڭ بىرسى، ئىسلام ئەللىرىنىڭ چېگراسى. ئۇ موغۇلىستان دالاسى، قىتان، تۈبۈت، بەدەخشان ۋە پەرغانە بىلەن چېگرالىنىدۇ. ياركەند، ئاقسۇ، خوتەن، چالىش، تۇرپان، باي، كۇسەنلەر ئۇنىڭ مەشھۇر شەھەرلىرىدۇر. (بۇ ئەلنىڭ) مەركىزىي شەھىرىمۇ كاشغەر دەپ ئاتىلىدۇ.. ئۇيغۇر ئالەمنىڭ مەشرىقىدىكى ئەللەرنىڭ بىرسى، ماۋارەئۇننەھرنىڭ شەرقىدە، تۇران زېمىنىنىڭ ھۇدۇدىغا جايلاشقان. كۆپلىگەن يۇرتلارنى ۋە شەھەرلەرنى ئۆز ئىچىگە ئالىدۇ. ئالمالىق، بەشبالىق، خاللۇخ، چىگىل، فارا كاشان، قۇم ۋە تاتار بۇ ئەلنىڭ شەھەرلىرىدۇر...[21]». «ئۇيغۇر» ھۇدۇدى ئۇقۇم دائىرىسىدىن ئالغاندا، ئۇيغۇر (ئىدىقۇت) ئېلىنىڭ تېررىتورىيەسىنى كۆرسىتەتتى. «دىۋانۇ لۇغاتىت تۈرك»نىڭ مۇناسىۋەتلىك ئۇچۇرلىرىغا مۇراجىئەت قىلىدىغان بولساق، بۈگۈر ۋە چەرچەن ئارقىلىق ئىككى ھاكىمىيەت ئۆز ئارا چېگرالانغان، مەلۇم تارىخىي دەۋرلەردە چېگراسىدا ئۆزگىرىش بولغان، جۈملىدىن چەرچەن تەۋەسىدە شەرققە ئازراق سۈرۈلگەن بولسىمۇ، بۈگۈر تەرەپتىكى چېگراسى ئاساسەن ئۆزگەرمىگەن. ۋون لېكوك بايقىغان T.M.176 نومۇردىكى مانى يېزىقىدا ئۇچۇر قالدۇرۇلغان پۈتۈككە ئاساسلانغاندا، بۇ ئەلنىڭ كەم دېگەندىمۇ 22 شەھىرى بارلىقىنى بىلەلەيمىز[22]. مەھمۇد كاشغەرىي دىنىي ئەقىدىسى تۈپەيلىدىن «ئۇيغۇر ئېلى»نىڭ ئاساسلىق ھەم مەشھۇر بولغان بەش شەھىرىنىلا تىلغا ئالغان، خالاس. شۇنداق ئېيتىشقا بولىدۇكى، «ئۇيغۇر ئېلى» خېلى چوڭ تېررىتورىيەگە ئىگە ئىدى. يۇقىرىدا تىلغا ئېلىپ ئۆتكەن تۆھپە مەڭگۈ تېشىدىكى بايان بويىچە قارىساق، مەلۇم ۋاقىت شىمالدا ئامۇ دەرياسىغا، جەنۇبتا جيۇچۈەنگە، شەرقتە ئۇدۇن (خوتەن) ۋە كاشغەرگە، غەربتە تۈبۈتكە تۇتىشاتتى[23]. يۇقىرىدا كۆرگىنىمىزدەك، 10 ـ ئەسىردە خاقانىيەدە ئىسلام دىنىنىڭ ئومۇملىششى بىلەن خاقانىيە ۋە ئۇيغۇر (ئىدىقۇت) ئېلى ئارىسىدا ئىدېئولوگىيە جەھەتتىن چوڭ پەرق كېلىپ چىققان، بۇ پەرق ئاساسلىقى دىنىي ئېتىقاد ئارقىلىق گەۋدىلەنگەن. خاقانىيە ھەتتا قوشۇن ئەۋەتىپ ئۇيغۇر (ئىدىقۇت) ئېلىنى مۇنقەرز قىلىپ، ئىسلاملاشتۇرۇشقا ئۇرۇنغان ۋە بىر قىسىم زېمىنلىرىنى تارتىۋېلىشقا مۇۋەپپەق بولغان بولسىمۇ، تولۇق ئىگىلەشكە مۇيەسسەر بولالمىغان، شۇنىڭ ئۈچۈن ئۇيغۇر (ئىدىقۇت) ئېلى دائىرىسىدىكىلەر 14 ـ ئەسىرنىڭ كېيىنكى يېرىمى، 15 ـ ئەسىرنىڭ باشلىرىدا ئاندىن مۇسۇلمانلىشىپ بولغان. ئۇيغۇر (ئىدىقۇت) ئېلىدىكىلەر كېيىنرەك مۇسۇلمان بولسىمۇ، ئۇنىڭدىن ئىلگىرى بۇ ئەل دائىرىسىدە مەلۇم ساندا مۇسۇلمانلار ياشىغان، ئىدىقۇت سالىندى تېكىن زامانىدىكى ئۇچۇرلار بۇ پىكرىمىزنى قۇۋۋەتلەيدۇ. دىنىي ئېتىقادتىكى پەرقلەر بۇ ئىككى ھاكىمىيەتنى بىر ـ بىرىدىن كەسكىن پەرقلەندۈرۈش زۆرۈرىيىتىنى تۇغدۇرغان، شۇنىڭ ئۇ-

چۈن ئۇيغۇر (ئىدىقۇت) ئېلى ۋە ئاھالىسى «ئۇيغۇر» دەپ ئاتىلىپ مۇسۇلمانلارغا قارشى قويۇلغان، شۇ ۋاقىتتا «ئۇيغۇر» نامى ئۇيغۇرلارنى ئۆز ئىچىگە ئالغان تۈركىي خەلقلەر ئىچىدە مۇسۇلمان ئەمەسلىكنىڭ بەلگىسى بولۇپ قالغان، بۇ خىل قاراش «ئۇيغۇر»لارنىڭ تۇغلۇق تۆمۈرخان (1348 - يىلى مۇسۇلمان بولغان، ئۇنىڭ دەۋرىتى بىلەن 160 مىڭدىن ئارتۇقراق ئۇيغۇر، موڭغۇل ئاھالىسى مۇسۇلمان بولغان) ۋە كېيىنكى ئەۋلادلىرى زامانىدا تەلتۆكۈس مۇسۇلمان بولغانغا قەدەر داۋاملىشىپ قالماي، كېيىنكى ۋاقىتلاردىمۇ شۇ تەۋەلىكنى كۆرسىتىدىغان جۇغراپىيەۋى نامغا ئايلانغان. خاقانىيە ئاھالىلىرى، ئالتۇن ئىل ئۇدۇن ھاكىمىيىتى تەۋەسىدىكى ئاھالىلەر گەرچە كېلىپچىقىشى جەھەتتىن بىردەك، يەنى ئۇيغۇر بولسىمۇ، 11 - ئەسىرلەردە ئۆزلىرىنى «ئۇيغۇر» دەپ ئاتىماستىن «تۈركىي» دەپ ئاتىغان، ناۋادا ئۇلار شۇ تارىخىي دەۋردە ئۆزلىرىنى «ئۇيغۇر» دەپ ئاتىغان بولسا، خانلىق تەۋەلىكىدە سەۋەنلىك كۆرۈلۈپ قالماستىن، دىنىي ئېتىقادىدىمۇ سەۋەنلىك كۆرۈلگەن بولاتتى، شۇنىڭ ئۈچۈن خاقانىيەلىكلەر ئۆزلىرىنى دىنىي ئېتىقاد ۋە ھاكىمىيەت تەۋەلىكىنى پەرقلەندۈرۈش ئېھتىياجى بىلەن «ئۇيغۇر» دەپ ئاتاپ قېلىشتىن ئېھتىيات قىلغان. شۇنىڭ ئۈچۈن، بابۇر ياشىغان 16 - ئەسىردىمۇ بۇرۇنقى ھۇدۇدلىرى بويىچە، خاقانىيە تەۋەلىكىدىكىلەر كاشغەرلىك (مەسىلەن، ئەھمەد ھاجى بەگ سۇلتان مەلىك كاشغەرىينىڭ ئوغلى ئىدى[24]، دېيىلگەن، كاشغەردىكى تۇغقانلىرىغا سوۋغا يوللىغانلىقىنى تىلغا ئالغان) دېيىلسە، ئۇيغۇر (ئىدىقۇت) ئېلى دائىرىسىدىن بولغانلارنى «ئۇيغۇر» (مەسىلەن، ئابدۇلكەرىم ئەشرىت ئۇيغۇر ئىدى. سۇلتان ئەھمەد مىرزا قېشىدا ئىشىكئاغا ئىدى. سېخىي ۋە مەردانە كىشى ئىدى)[25]، دەپ ئاتىغان. مانا مۇشۇلاردىن قارايدىغان بولساق، 11 - ئەسىردىن 16 - ئەسىرگىچە تارىم ۋادىسىنى مەركەز قىلغان ھالدا ھازىرقى ئوتتۇرا ئاسىيانىڭ خېلى كەڭ دائىرىسىدە ئۇيغۇر تىللىق ئاھالىلەر ياشىغان، ئۇلار مەلۇم يەرلىك ھاكىمىيەتلەرگە بۆلۈنگەن، شۇ قاتاردا ھازىرقى ئۇيغۇرلارنىڭ بىۋاستە ئەجدادى بولغان خاقانىيەلىكلەر ۋە «ئۇيغۇر ئېلى»دىكىلەر ئىككى ھاكىمىيەتتە ياشىغان ھەمدە ئوخشاشمىغان دىنىي ئېتىقادتا پەرق بولغان ۋاقتى تۆت ئەسىردەك داۋام قىلغان، شۇڭا ئۇلارنىڭ بىر - بىرى بىلەن كەسكىن پەرقلىنىدىغان دىنىي ئېتىقادى مۇھىم بەلگە بولۇپ قالغان، «ئۇيغۇر» نامى شۇ ۋاقىتتا مۇسۇلمان ئەمەسلىكنىڭ بەلگىسى بولۇپ قالغان. «ئۇيغۇر ئېلى»دىكىلەر مۇسۇلمانلاشقاندىن كېيىن، بۇ نام جۇغراپىيەلىك ئاتالغۇ سۈپىتىدە قوللىنىلغان ۋە 16 - ئەسىردىن كېيىن تەدرىجىي ئۇنتۇلغان، پەقەت ئىسلامغا مۇشەررەپ بولمىغان سېرىق ئۇيغۇرلارلا بۇ نامنى قوللىنىپ 20 - ئەسىرگە قەدەم قويغان. «ئۇيغۇر» نامى 20 - ئەسىرنىڭ 20 - يىللىرىدىن باشلاپ خەلقىمىزنىڭ مىللەت كىملىكى سۈپىتىدە سابىق سوۋېت ئىتتىپاقىدا باشلاپ قوللىنىلدى، دىيارىمىزدا شۇلارنىڭ تەۋسىيەسى بىلەن 1934 - يىلىدىن باشلاپ قوللىنىلدى.

ئەمدى «باخشى» سۆزىگە كېلىدىغان بولساق، تۈرك رونىك يېزىقىدىكى مەڭگۈ تاشلاردا، 11 - ئەسىردىكى مەدەنىيىتىمىزنىڭ پىرامىدالىرى بولغان «دىۋانۇ لۇغاتىت تۈرك» ۋە «قۇتادغۇ بىلىك»تە بۇ سۆزلەم كۆرۈلمەيدۇ. زامانىمىزغا يېتىپ كەلگەن يازما مەنبەلەر چەكلىك بولغانلىقى ئۈچۈن، ئورخۇن ئۇيغۇر خانلىقى، خاقانىيە دەۋرلىرى ھەم تېررىتورىيەلىرىدە «باخشى» ئىبارىسى بولمىغان دېيەلمەيمىز، لېكىن بۇ سۆزلەم ئۇيغۇر (ئىدىقۇت) ئېلىدە كەڭ دائىرىدە قوللىنىلغان. ئۇنداقتا باخشى نامىنىڭ كۆرۈلۈشى نېمىدىن دېرەك بېرىدۇ؟ ھازىرقى ئۇچۇرلاردىن قارىغاندا، «باخشى» نامى ئەمەلىيەتتە، ئۇيغۇر (ئىدىقۇت) ئېلىدە كەڭ دائىرىدە قوللىنىلغانلىقتىن، شۇ دەۋردىكى ئىجتىمائىي، ئىقتىسادىي ۋەسىقىلەردە خېلى كۆپ كۆرۈلگەن. ئۇيغۇر (ئىدىقۇت) ئېلى تەۋەسىدە قەدىمكى ئۇيغۇر يېزىقىدا يېزىلغان ئىجتىمائىي - ئىقتىسادىي ۋەسىقىلەردە تۇڭما باخشى، باخشىم ئۇلۇغ گاۋ باخشى، باخشىمقا، باخشىقا، باخشىتىن، باخشى... دېگەن-

دەك ئىبارىلەر خېلى كۆپ ئۇچرايدۇ، يەنە قۇش تەمۇر باخشى، تۇغما باخشى، تورچى باخشى، تۇرى باخشى، بۇداشىرى باخشى، قايىمتۇ باخشى... دېگەنگە ئوخشاش، كىشى ئىسىملىرىغا ئۇلىنىپمۇ كەلگەن. قەدىمكى ئۇيغۇر يېزىقىدىكى ئىجتىمائىي، ئىقتىسادىي ۋەسىقىلەرنى تەتقىق قىلغان، نەشرگە ھازىرلىغان تەتقىقاتچى ئىسرائىل يۇسۇپ ۋە پىروفېسسور مەترېھىم سايىتلار بۇ نامنى «باخشى، ئۇستاز»، پىروفېسسور گېڭ شىمىن «ئۇستاز» (师傅)، پىروفېسسور لى جىڭۋېي «ئۇستاز» (师傅، 法师) دەپ تەرجىمە قىلغان.

«باخشى» نامىنىڭ كېلىپ چىقىشى توغرىسىدا قاراشلار ھەر خىل، جۇملىدىن پارسچىدا شامان ئۇستازى باخشى دېيىلەتتى...[26] دېگەندەك. بارتولد، بىلوكفىت قاتارلىق ئالىملار بۇ نامنى سانسكرىت تىلىدىكى «بىكشۇ» (قەلەندەر، تىلەمچى، ئەلكېزەر، راھىب) دېگەن سۆزلەمدىن كېلىپ چىققان دەپ ئوتتۇرىغا قويغان بولسىمۇ، باشقا ئالىملار تەرىپىدىن رەت قىلىنغان. رامستېد، پېللىئوت ۋە گابائىنلار خەنزۇ تىلىدىكى (法师 دىن ئۇستاز، روھانىي)، (博士 ئالىم، ئۆلىما) سۆزىدىن كېلىپ چىققان، دەپ قارىغان. رادلوف تۈركىي ئىبارە «باق»قا «چى» ياكى «شى»نىڭ ئۇلىنىشىدىن كېلىپ چىققان، دەپ قارىغان[27]. رادلوفنىڭ قارىشىچە بولغاندا، ئۇيغۇر (ئىدىقۇت) ئېلى دەۋرىدە «باق» سۆزى ئۆگەتمەك، تەربىيەلىمەك مەنىسىدە قوللىنىلغان. فۇئاد كۆپرۈلۈ بۇ نامنى ئاۋۋال ئۇيغۇر (ئىدىقۇت) ئېلىدە «باقچى» شەكلىدە ئوتتۇرىغا چىققان ھەمدە شۇ دەۋردە بۇددا تەلىماتىنى ئۆگەتكۈچىنى كۆرسەتكەن، دەپ قارىغان[28]. فىرانسىيە تۈركولوگى خامىلتون، ئەنگلىيەلىك ئالىم كىلاۋسون، سابىق سوۋېت ئىتتىپاقىلىق ئالىملاردىن نادېلىيېف، تېنىشېف، شېرباخ؛ ۋېنگرىيەلىك كارمېنگېسلار بۇ نامنى خەنزۇچە 博士 سۆزىدىن كېلىپ چىققان، دەپ قارىغان. ئەزەر تۈركلىرىدىن چىققان ئالىم ئەخمەت جافەر ئوغلۇ بۇ نامنى ئىزاھلاپ: (1) مۇئەللىم، ئۆگەتكۈچى مەنىسىدە قوللىنىلغانلىقىنى كۆرسەتكەن ھەمدە ۋ.باڭ ۋە گابائىن «قەدىمكى ئۇيغۇر تىلى ـ يېزىقى ئۇستىدە تەتقىقات» ناملىق 1930 ـ يىلى نەشر قىلىنغان كىتابىغا كىرگۈزگەن قەدىمكى ئۇيغۇر تىلىدىكى ئەسەردە؛ مالوف نەشرگە تەييارلاپ 1928 ـ لېنىنگرادتا نەشر قىلدۇرغان، رادلوفنىڭ «قەدىمكى ئۇيغۇرچە ھۆججەتلەر» ناملىق كىتابىدا بۇ سۆزگە سانسكرىتچە بىكشۇدىن كەلگەنلىكىنى، موڭغۇلچىدا «باكشى» دېيىلىدىغانلىقىنى ئىزاھلىغانلىقىنى كۆرسەتكەن؛ (2) ئۇستاز، (3) تېۋىپ، دوختۇر مەنىلىرىدە كېلىدىغانلىقىنى ئىزاھلىغان[29].

«ئۆتۈكەن تۈركچە سۆزلۈكى» ناملىق كىتابتىكى بايانلارمۇ يۇقىرىقىلار بىلەن ئاساسەن ئوخشاش، يەنى بۇ نامنى سانسكرىتچە «بىكشۇ» ياكى خەنزۇچە «博士» سۆزىدىن كېلىپ چىققان، مۇئەللىم، ئۆگەتكۈچى، ئۇستاز، تېۋىپ، ھېكىم مەنىلىرىدە دېيىلىش بىلەن بىللە، قەدىمكى تۈركىي تىللىق خەلقلەردە پال ئاچىدىغان، ئاغرىقلارغا شىپالىق بېرىدىغان، قوبۇز چېلىپ شېئىر ئوقۇيدىغان دىندار، قام (شامان)، قوشاقچى، دەپ شەرھلەنگەن[30].

شەيخ سۇلايمان ئەپەندى «ئوسمانلىيچە ـ چاغاتايچە لۇغەت»تە: سازەندە، مۇغەننىي، ئاشىق، مۇتەرىب، قوشاقچى، مۇزىكانت، دەپ كۆرسەتكەن[31]. ئەمىر نەجىپ تۈزگەن «ئۇيغۇرچە ـ رۇسچە لۇغەت»تە: (1) دىۋانە، ھېكىم، ئوتاچى. (2) ئاشىق، مەدداھ، قوشاقچى. (3) يازغۇچى، ئۆگەنگۈچى، دېيىلگەن[32]. مۇناسىۋەتلىك مەنبەلەرنى ئىزدەپ كۆرىدىغان بولساق، مىڭ سۇلالىسى دەۋرى (1368 ـــ 1644)نىڭ باشلىرىدا تۈزۈلگەن «خەنزۇچە ـــ ياتلارنىڭ تىلىچە سۆزلۈك»تە 师傅 سۆزلىمىنىڭ ئاستىغا (把黑失 باخشى) دەپ ئىزاھلانغان[33]. كىلاۋسون ۋە دورفېر قاتارلىق ئالىملارنىڭ قارىشىچە، بۇ نام ئالدى بىلەن خەنزۇ تىلىدىن تۈركىي تىلغا، تۈركىي تىلدىن موڭغۇل ۋە پارس تىللىرىغا كىرگەن[34]. 13 ـ ئەسىردە يېزىلغان «موڭغۇللارنىڭ مەخپىي تارىخى» ناملىق كىتابتىمۇ باخشى سۆزلىمى كۆرۈلگەن[35]. باخشى سۆزى موڭغۇللاردا ھازىرغىچە

قوللىنىلغان ھەمدە مەلۇم بىلىم سەۋىيەسىگە ئىگە كىشىلەرنى باخشى دەپ ئاتىغان، ھازىرمۇ ئوقۇتقۇچىلارنى «باخشى» دەپ ئاتايدۇ. كۆپرۈلۈ ۋە لىگەتىنىڭ يېزىشىچە، تۈركىي تىللىق خەلقلەر ئىسلام دىنىغا ئېتىقاد قىلغاندىن كېيىن، بۇ سۆزنىڭ ئەسلىدىكى مەنىسى ئۇنتۇلۇپ، ئەسلىدىن شامان ۋە بۇددا ئەقىدىلىرى سىڭگەن «باخشى» سۆزى پەقەت «قەدىمكى ئۇيغۇر يېزىقى بىلەن تۈركىي تىل ۋە موڭغۇل تىللىرىنى يازىدىغان كاتىپ»[36] دېگەن ئۇقۇمنى ئاڭلىتىدىغان بولغان. كېيىنكى ۋاقىتلاردا يەنە تېۋىپ، ھېكىم مەنىلىرىنىمۇ ئاڭلىتىدىغان بولغان. 18 - ئەسىردە تۈزۈلگەن «مانجۇچە بەش تىللىق لۇغەت»تىمۇ باخشى بىلەن 博士 نىڭ تەڭداشلىقى كۆرسىتىلگەن.

خەنزۇ تىلىدىكى 博士 سۆزلىمى ناھايىتى ئۇزاق تارىخقا ئىگە، يېغىلىق دەۋرىدە (مىلادىيەدىن بۇرۇنقى 5 - ئەسىردىن مىلادىيەدىن بۇرۇنقى 3 - ئەسىرگىچە) مەمۇرىي دەرىجە بولماستىن ئىلىم ئىگىلىرىنىڭ ئومۇمىي نامى بولغان. يېغىلىق دەۋرىنىڭ ئاخىرلىرىدىن چىن سۇلالىسى دەۋرىگىچە سىياسىي ئاتالغۇ بولۇشقا يۈزلەنگەن ھەمدە مۇراسىمبېگىنى كۆرسەتكەن. چىن سۇلالىسى (مىلادىيەدىن بۇرۇنقى 221 - يىلىدىن مىلادىيەدىن بۇرۇنقى 206 - يىلىغىچە)دە 70 نەپەر 博士 بولغان. خەن سۇلالىسى (مىلادىيەدىن بۇرۇنقى 206 - يىلىدىن مىلادىيە 220 - يىلىغىچە) چىن سۇلالىسى دەۋرىدىكى بويىچە داۋاملاشتۇرۇپ قوللانغان، جۈملىدىن خەن ۋۇدى زامانىدا كۇڭزى تەلىماتىغا ئېتىبار بىلەن قارالغان. مىلادىيەدىن بۇرۇنقى 136 - يىلى بەش تەپسىر ئەركانبېگى (五经博士) تەيىنلەپ شاگىرتلار تەربىيەلەنگەن. ئومۇمەن ئالغاندا، 博士 مىلادىيەنىڭ ھارپىسىدىكى ئوتتۇرا تۈزلەڭلىكتە ئۇستاز (ئوقۇتقۇچى)، دۆلەت ئۇستازى بولغان، جۈملىدىن ھاكىمىيەت ئىشلىرىدا يولۇققان قىيىن مەسىلىلەرگە جاۋاب بەرگەن، خاننىڭ مەسلىھەتچىسىلىك، مۇشاۋىرلىق رولىنى ئارتقۇرغان. تاڭ سۇلالىسى (618 — 907) خانلىق ئوقۇل تەسىس قىلغاندا، خانلىق ئوقۇلنىڭ ئوقۇغۇچىلىرى 博士 ئاتالغان، ئۇلار ئوقۇپ بىرەر ئىشنىڭ ماھارەتلىك كىشىسىگە ئايلانغان، جۈملىدىن قانۇن، ھېساب، شىپاگەرلىك ئىلمىنىڭ بىلگىلىرى 博士 دەپ ئاتالغان[37].

ئومۇمەن، «باخشى» سۆزىنىڭ كېلىپچىقىشى توغرىسىدا قاراشلار بىرقەدەر كۆپ، ئەمما خەنزۇچە 博士 سۆزىدىن كېلىپچىققان دېگەن قاراش ئومۇمىيراق، شۇنداقتىمۇ يازما ماتېرىياللارنىڭ كەمچىل بولۇشى سەۋەبلىك، «باخشى» سۆزىنىڭ ئېتىمولوگىيەسى، تارقىلىشى، قوللىنىش دائىرىسىنى تېخىمۇ ئىنچىكىلەپ كۆرسىتىشتە چوڭقۇرلاپ تەتقىق قىلىش زۆرۈر، شۇڭا كەسكىن ھۆكۈم چىقىرىشقا تېخى بالدۇر. «باخشى» ئىبارىسى تۈركىي تىللاردا ھازىرغىچە ساقلىنىپ، قوللىنىلىپ كەلمەكتە: بۇ سۆز قىپچاقچىدا: يازغۇچى؛ ئوسمانلى تۈركچىسىدە: يازغۇچى، كاتىپ؛ چاغاتاي ئۇيغۇر تىلىدا: يازغۇچى، كاتىپ، ناخشىچى، جەرراھ (دوختۇر) مەنىلىرىدە قوللىنىلغان. تۈركىي تىلدىن باشقا موڭغۇلچە (ئوقۇتقۇچى)، تۇبۇتچە (ئۇستاز)، سوغداقچە (دانىشمەن)، رۇسچە (قىرغىز شامانىنى كۆرسىتىدۇ...) تىللىرىدىمۇ بار. خەنزۇ تىلىدىن يەنە كورېيە، ياماتو (ياپون)، مانجۇ تىللىرىغىمۇ كىرگەن. چاغداش تۈركىي تىللاردىن قازاق تىلىدا باخشى، قام، شامان، ئاقىنلارنى؛ قىرغىز تىلىدا شامان، باخشى، تېۋىپ مەنىلىرىدە؛ ئۆزبېك تىلىدا ئاقىن، داخان مەنىلىرىدە قوللىنىلماقتا.

ئۇنداقتا «باخشى» ئاتالغۇسى نەۋايى ئەسەرلىرىدە كۆرۈلەمدۇ؟ قانداق كىشىلەر «باخشى» دېيىلگەن؟ نەۋايى قەلىمىدىن بىر مىسال كەلتۈرسەك، «ۋەقفىيە»سىدە مۇنداق جۈملە بار: «زامانىنىڭ ئۇلۇغ شەۋكەتلىك دانىشمەنلىرى ۋە فازىللىرى، دەۋرانىنىڭ گوزەل ئەخلاقلىق قازىلىرى ۋە ئالىملىرى، ‹تۆمۈرىي› نەسلىدىن بولغان ئەمىرزادىلەر، ‹ئارلاتىي› ئىسىملىك رەئىسلەر، ‹تارخان› رەسىملىك دۆلەتمەنلەر، ‹قۇبات› نەسىللىك نامدارلار، ‹قوڭرات› ھەسەبلىك بەرقارارلار، ‹ئۇيغۇرىي› سۈپەتلىك باخشىلار، ‹ئۇيغۇر› مەرتىۋە-

لىك ياخشىلار، «چۆلى»لىك باياۋىنىدا جان پىدالىق قىلغان جاندارلار، «بايىرىي»لىق كۆڭلىرىدە خىزمەتكار-لىق قىلغان پىداكارلار، «جالايىرلار، شاۋقۇنلىرى ۋە «قاۋچىنلار»نىڭ، سۈرەنلىرى (بۇ زامان – دەۋرانىدا) مەۋجۇت ئىدى. ئۇلارنىڭ ھەربىرىگە بىر مەقسەت ۋە پادىشاھانە ئىنايەت بەخش ئېتىلدى. ھەرقايسى بىر مۇناسىپ مەنسەپ بىلەن ئۇلۇغلاندى. ھەر بىرىنى شاھانە تەربىيەلەرگە مۇشەررەپ ۋە بىر مۇۋاپىق خىز-مەتكە مەشغۇل قىلىندى»[38]، دېيىلگەن. مانا بۇ جۈملىدىمۇ ئۇيغۇر نامىنى سۈپەت ۋە مەرتىۋە تەرىقىسىدە قوللانغان ھەمدە «باخشى»لىق بىلەن باغلىغان، بۇ يەردە يەنە «ئۇيغۇر»لارنىڭ مەلۇم ئاھالىنى كۆرسىتىدى-غانلىقىنى، لېكىن تۈركىيلەر ئىچىدە مەلۇم سالماقنى تەشكىل قىلىدىغانلىقىنىمۇ كۆرۈش مۇمكىن. ئۆزبېك ئالىملىرى ئىشلىگەن «نەۋايى ئەسەرلىرى لۇغىتى» ۋە «نەۋايى ئەسەرلىرى تىلىنىڭ ئىزاھلىق لۇغىتى» قاتارلىق ئەسەرلەردە «باخشى» سۆزلىمىنىڭ كاتىپ، مىرزا[39]، يازغۇچى دېگەن مەنىلەردە قوللى-نىلغانلىقىنى كۆرسەتكەن[40]. يۇقىرىقى ئەھۋالدىن قارىغاندا، مىرزا كاتىپلىق ئىشىنى قىلغۇچىلارنىڭ ئاساسەن ئۇيغۇرلاردىن كېلىپچىققانلىقى، ئەينى ۋاقىتتا مەلۇم تەبىقە بولۇپ شەكىللەنگەنلىكىنى، جەم-ئىيەتتىمۇ مۇئەييەن ئورنى بارلىقى، ئۇلارنىڭ مۇشۇ ئىشلارغا، جۈملىدىن «باخشى»لىققا ۋارىسلىق قىلىپ كەلگەنلىكىنى كۆرۈش مۇمكىن. زەھىرىددىن مۇھەممەد بابۇر(1483 ــ 1530)نىڭ يېزىشىغا قارىغاندا، 16 – ئەسىردىكى موغۇللاردا «ئۇستا جەرراھ»نىمۇ «باخشى» دېيدىغان ئادەت بولغان، بۇ «باخشى»لار ھەر خىل يارىنى گىياھ يىلتىزى بىلەن ساقايتقان، بەزى كېسەللەرگە مەلھەم دورا، بەزىلىرىگە ئىچىدىغان دورا بەرگەن، سۇنۇق كېسەللىرى ۋە باشقا كېسەللەرنىمۇ ساقايتقان[41]. موغۇللار موڭغۇللارنىڭ ئىسلام دىنىغا كىرگەنلىرىنىڭ كېيىنكى ئەۋلادلىرى ھەمدە كۆچمەن چارۋىچىلىق بىلەن مەشغۇل بولغان مەلۇم ساندىكى تۈركىي قوۋملارنىڭ ئاتىلىشى بولۇپ، قىسمەن ئاتالغۇلارنى ھېسابقا ئالمىغاندا تۈركىي تىلدا سۆزلىشىپ كەلگەن، مانا بۇلاردىن قارىغاندا، «باخشى» ئىبارىسى ئەلىشىر نەۋايى زامانىدا «تېۋىپ، ھې-كىم» مەنىسىدىمۇ قوللانغانلىقىنى كۆرەلەيمىز.

ئاتامەلىك جۇۋەينى «تەۋارىخى جەھانكۇشاي»نىڭ كىرىش سۆزىدە، ئۇيغۇر تىل – يېزىقىنىڭ بىلىم – مەرىپەتنىڭ يۈكسەك چوققىسى[42] دەپ قارالغانلىقىنى يازغان. چىڭگىزخان نايمان قەبىلىسىنى يوقاتقاندا، نايمان ئېلىنىڭ مۆھۈردارى ئەسىرگە چۈشكەن، بۇ كىشى ئۇيغۇر ئالىمى تاتاتۇڭا بولۇپ، چىڭگىزخاننىڭ ئۆتۈنۈشى بىلەن ئۇيغۇر يېزىقى بىلەن موڭغۇل تىلىنى خاتىرىلەپ، قۇدرەت تېپىۋاتقان موڭغۇل ھاكىمى-يىتى ۋە خەلقىنى يېزىقلىق مۇيەسسەر قىلغان. ئاتامەلىك جۇۋەينىنىڭ يېزىشىچە، چىڭگىزخان ئۆزىنىڭ ئويى بويىچە ياساق ۋە يارلىقلىرىنى جاكارلىغان، لېكىن شۇ چاغلاردىمۇ تاتارلار (شۇ زامانىدا موڭغۇللار شۇنداق ئاتالغان)نىڭ يېزىقى بولمىغانلىقى ئۈچۈن، موڭغۇل پەرزەنتلىرىنىڭ ئۇيغۇر يېزىقىنى ئۆگى-نىپ، ياساق ۋە يارلىقلىرىنى خاتىرىلىشىنى يارلىق قىلغان، نەتىجىدە ياساق قامۇسى بارلىققا كېلىپ خەزىنىدە ساقلانغان[43]. بۇنىڭغا ئوخشاش مەلۇماتلار پولان كارپىنى تەرىپىدىنمۇ خاتىرىلەنگەن[44]. ئۇي-غۇرلارنىڭ ۋە تىلىنىڭ موڭغۇللار ھۆكۈمرانلىقى دەۋرىدىكى رولى توغرىسىدا پىروفېسسور، دوكتور لاسزىد راسونيى «موڭغۇللارنى ئۇيغۇرلار مەدەنىيەتكە باشلاپ كىردى. موڭغۇللار ئىستېلاسىدا ئۇيغۇر يې-زىقىنى قوللانغان، دىپلوماتىيەدە ئۇزۇن مەزگىل ئۇيغۇر تىلىنى قوللانغانىدى. گويۈك خان (1248 – يىلى ئۆلگەن) پاپا بىلەن ئۇيغۇرچە يېزىقتا ئالاقە قىلغان. موڭغۇللارنىڭ دىپلوماتلىرى ئۇيغۇرلاردىن، قىسمەن-لىرى كېرەيىتلەردىن ۋە ئۆڭگۈتلەردىن ئىدى»[45] دەپ يازغان. ئاكادېمىك ۋىلىيام بارتولد موڭغۇللار دەۋرىدە ئۇيغۇرلار موڭغۇللارنىڭ غوجىسى بولغان دەپ يازغان. تۈركىيەلىك ئالىم، دوكتور باھائىددىن ئۆگەل «جۇڭگودا موڭغۇل سەنئىتىنىڭ كۇلتۇر تىلى ئۇيغۇرچە ئىدى»[46] دەپ يازغان. «ئۇيغۇرلارنىڭ قىسقىچە تا-

رىخى»نى يېزىش گۇرۇپپىسىدىكى ئالىملار، «موڭغۇللار ۋە يۈەن سۇلالىسى دەۋرىدە نۇرغۇن ئۇيغۇرلار يۈەن
سۇلالىسى ياكى باشقا جايلاردا ئۆزلىرىنىڭ ئەقىل ـ پاراسىتىنى تەقدىم قىلدى. بۇلارنىڭ ئىچىدە ئەڭ
مەشھۇرلىرى قوچۇ ئىدىقۇتى جەمەتى، مىڭسۇسى جەمەتى، كىچىك يۈنشى توقلان جەمەتى، قارايىغاچ بۇي-
رۇق جەمەتى، شيې جەمەتى، ليەن جەمەتى، گۈەن جەمەتى، سارابان جەمەتى، ئارىق قىيا جەمەتى، تاتاتوڭا
جەمەتى... قاتارلىق 29 جەمەت. بۇ جەمەتتىكىلەردىن ھەربىي ئالىم ـ سانغۇنلار، سىياسىيونلار، ئىقتى-
سادشۇناسلار، كوڭزىچى ئۆلىمالار، شائىر ـ يازغۇچىلار، مۇزىكانتلار، خەتتات ـ رەسساملار، ئەلچى ـ
دىپلوماتلار، تىلشۇناس ـ تىلماچلار، تارىخشۇناسلار چىققان»[47] دەپ يازغىنىدەك، ئەينى تارىخىي دەۋردە
ئۇيغۇرلارنىڭ رولى ئىنتايىن چوڭ بولغان، شۇنداقلا ئىككى ئارىدىكى مۇناسىۋەت ئىنتايىن زىچ بولغان.
ئومۇمەن، 1209 ـ يىلىدىن كېيىن ئۇيغۇرلار بىلەن موڭغۇللارنىڭ مۇناسىۋىتى تېخىمۇ قويۇق بولۇپ،
ئۇيغۇرلار موڭغۇل ئىمپېرىيەسى تەۋەسىدىكى بارلىق ھاكىمىيەتلەرگە تارىلىپ، ئىمپېرىيەنىڭ سىيا-
سەت، ئىقتىساد، مەدەنىيەت ۋە باشقا ساھەلىرىدە ئۈچەس تۆھپىلەرنى قوشقان، شۇڭىمۇ مۇشۇ دەۋرگە
ئائىت ماتېرىياللاردا ئۇيغۇرلار توغرۇلۇق خاتىرىلەرمۇ كۆپ. بارتولدنىڭ پىكرى بىلەن ئېيتقاندا، موڭ-
غۇللارنىڭ ئۇستازى، موڭغۇل ئىمپېرىيەسىنىڭ 1 ـ تۈركۈم ئەمەلدارلىرى ئۇيغۇرلار ئىدى[48]. راخىۋىس-
نىڭ، ئەينى چاغدا «تۈركىيلەر ئىچىدە ئۇيغۇرلارنىڭ كۈچى ئەڭ كۈچلۈك ئىدى، تارىخىي نامەلەردە كۆ-
رۈلگەن (يۈەن سۇلالىسى) ئوردىسىنىڭ 945 ئەمەلدارى ئىچىدە خان ئوردىسىنىڭ مەسلىھەتچىسى، كا-
تىپ، يەرلىك ئەمەلدار ياكى سوتچى بولغانلارنىڭ 469 نەپىرى ئۇيغۇر. بۇلاردىن نۇرغۇن كىشىلەر نامدار
ئەدىب ۋە خەتتاتلاردىن بولغان، 1264 ـ يىلى خەنلىن ئاكادېمىيەسى قايتا قۇرۇلغاندا، ئۇلار ئاساسلىق
ئەزالىرىدىن بولغان. ... قۇبلەيخان دەۋرى ۋە ئۇنىڭدىن كېيىن ئۇيغۇرلار داۋاملىق موڭغۇللارنىڭ ئۇستا-
زى بولغان. ... ئۇيغۇرلار بىلەن موڭغۇل ھۆكۈمدارلىرى ئارىسىدىكى مۇناسىۋەت قەدىمدە ئۆرنەكلىك
ئەھمىيەتكە ئىگە ئىدى. موڭغۇل ئىمپېرىيەسى ۋە يۈەن سۇلالىسىنىڭ سىياسەت، ئىقتىساد ۋە مەدەنىيەت
پائالىيەتلىرىدە ئۇيغۇرلارنىڭ تەسىرى زور ئىدى»[49] دەپ يازغىنىدەك، بۇ دەۋردە ياشاپ ئۆتكەن ئۇيغۇر تا-
رىخىي شەخسلەر كۆپ بولۇپ، ئۇلارنىڭ رولى ۋە تەسىرىمۇ چوڭ ئىدى. قىتانلارنىڭ ھۆكۈمرانلىقىغا
چۈشۈپ قالغان ئۇيغۇرلار (ئۇيغۇر ئىدىقۇت ئېلى بىلەن خاقانىيە خانلىقى) ھەر زامان قىتانلارنى يوقىتىش
ئىستەكلىرىدە بولغان. 1209 ـ يىلى ئۇيغۇر ئېلىنىڭ ئىدىقۇتى بارچۇق ئارت تېكىن قىتانلارنىڭ نازا-
رەتچىسى ــ «شاۋكېم»نى ئۆلتۈرگەن ھەمدە چىڭگىزخانغا ئەلچى ئەۋەتىپ تەۋەلىك بىلدۈرگەن. شۇ
ۋاقىتلاردا موڭغۇللارنىڭ ھۆكۈمرانلىقىدىكى خەلقلەر ئىچىدە ئەڭ مەدەنىيەتلىك خەلق ئۇيغۇرلار بولغا-
لىقتىن، موڭغۇللارنىڭ شۇنىڭدىن كېيىنكى بويسۇندۇرۇش يۈرۈشلىرى ھەم ھاكىمىيەت ئىشلىرىغا قاتى-
نىشىپ ئاجايىپ زور روللارنى ئوينىغان. شۇنىڭدىن باشلاپ ئۇيغۇرلارغا بىۋاسىتە ھۆكۈمرانلىق قىلىۋاتـ
قان چاغاتاي خانلىقىدىلا ئەمەس، يۈەن سۇلالىسى (1271 ــ 1368)، تۆمۈرىيلەر ئىمپېرىيەسى (14 ـ ئە-
سىرنىڭ ئوتتۇرىلىرى قۇرۇلۇپ، 1502 ـ يىلى يىمىرىلگەن)، ئالتۇن ئوردا خانلىقى، ئىلخانىيە (1260
ــ 1355) خانلىقلىرىدىمۇ ئۆز رولىنى نامايان قىلغان. گەرچە يۇقىرىقى ھاكىمىيەتلەردە مۇسۇلمان ئۇي-
غۇرلار بار بولسىمۇ، ئۇيغۇر (ئىدىقۇت) ئېلى تېررىتورىيەسىدىن بارغانلار خېلى سالماقنى تەشكىل قىلـ-
غان، جۈملىدىن ئۇيغۇر (ئىدىقۇت) ئېلىدىن بارغانلار ئىچىدە بۇددىست، لاما، نېستورىي مۇخلىسلىرى
كۆپ بولغان. فىرانسىيە پادىشاھى لويىس IX نىڭ يارلىقى بويىچە موڭغۇل ئىمپېرىيەسىنىڭ ئاستانىسى-
گە بېرىپ مۆڭكە خاننى زىيارەت قىلغان ھەمدە ئاستانىدە ئۈچ ئايدىن ئارتۇق تۇرغان ۋىلىيام رۇبرۇك
1255 ـ يىلى پادىشاھىغا سۇنغان دوكلاتىدا: «موڭغۇللار ئۇيغۇرلارنىڭ يېزىقىنى ئىشلىتىپتۇ، ئۇلارنىڭ

ئىچىدىكى ئاساسلىق پۈتۈكچىلەر ئۇيغۇرلاردىن ئىكەن، نېستورىي دىنىدىكىلەرمۇ ئاساسەن ئۇلارنىڭ تىل ـ يېزىقىنى ئوقۇپ چۈشىنەلەيدىكەن»[50] دەپ يازغان بولسا، چىڭگىزخاننىڭ تۇنجى ئوغلى جوجىنىڭ نەسەبىدىن بولغان ئەبۇلغازى باھادۇرخان (1605 ـــ 1664) چاغاتاي ئۇيغۇر تىل ـ يېزىقىدا يازغان «شەجەرەئى تۈرك» ناملىق ئەسىرىدە، چىڭگىزخان زامانىدا ئۇيغۇر ئىدىقۇتىنىڭ بارچۇق ئارت تېكىن ئىكەنلىكىنى بايان قىلغاندىن كېيىن، «ئۇيغۇر خەلقى (ئەبۇلغازى باھادۇرخان بۇ بايانىدا ئۇيغۇر ئىدىقۇت ئېلى ئاھالىلىرىنى كۆزدە تۇتقان)دە تۈركىي تىلى بىلەن ئوقۇغان كىشى كۆپ ئىدى. دەپتەردارلىقنى، دىۋان ھېسابلىرىنى ياخشى بىلەتتى. چىڭگىزخاننىڭ نەۋرىلىرىنىڭ زامانىسىدا ماۋارەئۈننەھر، خۇراسان ۋە ئىراقتا دىۋانلار ۋە دەپتەردارلارنىڭ بارچىلىرى ئۇيغۇر ئىدى. خەنزۇلارنىڭ يۇرتلىرىدىمۇ چىڭگىزخان ئوغلانلىرى دىۋان ۋە دەپتەردارلارنى ئۇيغۇر خەلقىدىن قوياتتى. چىڭگىزخاننىڭ ئورنىغا ئولتۇرغان ئوغلى ئۆكتاي خۇراسان، ماۋارەئۈننەھر ۋە تۇراننى ئۇيغۇر قۇتقۇز دېگەن كىشىگە تاپشۇرغانىدى. ئۇ ياخشى ھېسابدان ئىدى. ئۈچ يۇرتنىڭ ئېلىم ـ سېلىقىنىڭ ھېسابىنى ياخشى يولغا قويۇپ، ئۇنى يىغىپ، ھەر يىلى ئۆكتاي قائانغا ئەۋەتىپ تۇراتتى»[51] دەپ يازغان. يۈەن سۇلالىسى دەۋرىدە خەنزۇ تىل ـ يېزىقىدا شېئىر يازغان، نېستورىيان دىنى مۇخلىسى بولغان ئۇيغۇر شائىرى ما زۇچاڭ (1279 ـــ 1338)نىڭ تاڭغۇت يولى (خېشى كارىدورى)دا يۇرتىنى ئەسلەپ يازغان «لىڭجۇدا» ناملىق شېئىرىدا يېزىشىچە، ئۇيغۇرلار يۇرتىدىكى ياشانغانلاردا ساۋاتسىز كىشى بولمىغان[52]. ئەبۇلغازى باھادۇرخاننىڭ بايانلىرى ۋە ئەلىشىر نەۋائىينىڭ «بەدايىئۇل ـ بىدايە» (گۈزەل باشلىنىش) ناملىق دىۋانىغا 1469 ـ يىلىدىن كېيىنرەك يازغان «دىباچىسى»دىكى زامانىدىكى ئۇستاز شائىرلار سەككاكىي ۋە لۇتفىيغا باھا بېرىپ يازغان «ئۇيغۇر تىلىنىڭ پاساھەت ئىگىلىرىدىن، تۈرك سۆزلىرىنىڭ بالاغەت ئەھلىدىن بولغان مەۋلانا سەككاكىي ۋە مەۋلانا لۇتفىي ـــ ئۇلاردىن بىرسىنىڭ شېرىن بېيىتلىرىنىڭ شۆھرىتى تۈركىستاندا ھەددى ـ ھېسابسىز، يەنە بىرسىنىڭ يېقىملىق غەزەللىرىنىڭ تارقىلىشى ئىراق ۋە خۇراساندا چەك ـ چېگراسىزدۇر، شۇنداقلا دىۋانلىرىمۇ مەۋجۇت»[53]، دېگەنلىرى بۇ ئىككى تىلنىڭ ئەمەلىيەتتە بىر تىل، يەنى ئۇيغۇر تىلى ئىكەنلىكىنى كۆرسەتكەنلىكىنى قوشساق تېخىمۇ چۈشىنىشلىك بولىدۇ. مانا بۇلاردىن كۆرۈپ تۇرۇپتىمىزكى، ئۇيغۇر (ئىدىقۇت) ئېلىدىن ھەرقايسى موڭغۇل خانلىقلىرىغا بارغانلار ئىچىدە نۇرغۇن زىيالىيلار بولغان، شۇلاردىن خېلى كۆپ قىسمى «باخشى» (كاتىپ، ئوقۇتقۇچى) بولغان. «ئۇيغۇر»لار گەرچە دەسلەپكى ۋاقىتلاردا مۇسۇلمان بولمىسىمۇ، كېيىنچە بارغان جايلىرىدا ھۆكۈمدارلىرى بىلەن بىرلىكتە ئىسلام دىنىغا كىرىپ مۇسۇلمانلىققا مۇشەررەپ بولغان. ئۇلار ئەسلىدىن ئۇيغۇر (ئىدىقۇت) ئېلى تېررىتورىيەسىدىن بولغانلىقى ئۈچۈن، مۇسۇلمان بولۇشتىن ئىلگىرى «ئۇيغۇر» دەپ ئاتىلىپ، مىللەت، ۋەتەن، مەرتىۋە تەۋەلىكىنى بىلدۈرگەن، ئۇلار مۇسۇلمان بولغاندىن كېيىن، گەرچە «ئۇيغۇر» نامىنىڭ دىنىي تۈسى يوقالغان بولسىمۇ، جۇغراپىيەلىك تەۋەلىكى ۋە تەبىقە ـ كەسىپ تەۋەلىكى داۋاملىق مۇشۇ نامدا نامايان بولغان، شۇنىڭ ئۈچۈن ئەلىشىر نەۋائىينىڭ ئاتا ـ بوۋىسىدىن «ئۇيغۇرىي»، سۇپەتلىك باخشىلار، «ئۇيغۇر، مەرتىۋىلىك ياخشىلار»دىن ئىكەنلىكى ئۇزۇن زامان ئەستىن كۆتۈرۈلمىگەن. ھىندىستان موغۇل ئىمپېرىيەسىنىڭ قۇرغۇچىسى زەھىرىدىن مۇھەممەد بابۇرمۇ «بابۇرنامە»سىدە بىرقانچە قېتىم ئەلىشىر نەۋائىينى تەرىپلىگەن، جۈملىدىن «تاغ ئېتەكلىرىدە ئۇيغۇر مەجەم (مەنجەم) دېگەن ئىككى تاغ ئېتىكى بار»[54] دېيىلگەن ئەنجاننىڭ «ئاھالىسى تۈرك. شەھىرى ۋە بازىرىدا تۈركچە بىلمەيدىغان ئادەم يوق. خەلقىنىڭ تىلى يېزىق تىلىغا ئۇيغۇن كېلىدۇ. مىر ئەلىشىر نەۋائىينىڭ ئەسەرلىرى ھىر (ھىرات)دا ۋۇجۇدقا كەلگەن بولسىمۇ، لېكىن مۇشۇ تىل[55] بىلەن يېزىلغان»[56] ئىدى، دەيدۇ. بابۇرنىڭ بۇ بايانىمۇ ئەلىشىر نەۋائىي تىلىنىڭ شۇ ۋاقىتتىكى ئەدەبىي تىل

ئۇيغۇر تىلى ئىكەنلىكىنى، شۇ ۋاقىتتا تۈركچە دېيىلگەن ئەنجانلىقلار تىلىنىڭ شۇ ۋاقىتنىڭ ئەدەبىي يېزىق تىلى بولغان ئۇيغۇر «يېزىق تىلىغا ئۇيغۇن كېلىدۇ»غانلىقىنى كۆزدە تۇتسا كېرەك. ئاتاقلىق شەرقشۇناس بارتولد: «بابۇر 16 ـ ئەسىرنىڭ بېشىدىلا كىلاسسىك شائىر مىر ئەلىشىر نەۋايىنىڭ ئەسەرلىرىنىڭ تىلى شۇ ۋاقىتلاردا پەرغانە ۋە ئەنجان شەھەرلىرىدىكى ئاھالىلەرنىڭ تىلى ئىدى، دەپ قارىغانىدى. 1888 ـ يىلى رادلوف بابۇرنىڭ بۇ قارىشىغا قوشۇلماي، مىر ئەلىشىر نەۋايىنىڭ تىلى پەقەت شەرق مەدەنىيىتىنىڭ غەربكە كۆرسەتكەن تەسىرى ئاستىدا ئۇيغۇر ئەدەبىي تىلىنىڭ (رادلوفنىڭ مۆلچەرىچە، 1310 ـ يىللاردا يېزىلغان، تىلى «ساپ ئۇيغۇر تىلى» دېيىلگەن «قىسسەسۇل ـ ئەنبىيا») تەسىرىدە شەكىللەنگەن تىل ئىدى، دەپ كۆرسىتىشكە تىرىشتى»[17] دەپ يازغىنىدەك، نەۋايى ئەسەرلىرىنىڭ تىلى ئەكتىدىن ئۇيغۇر ئەدەبىي تىلى ئىدى[18]. بابۇر يەنە «ئەلىشىر بەگ تەڭدىشى يوق ئادەم ئىدى. تۈركىي تىلدا شۇنداق شېئىرلارنى يېزىپتۇكى، ھېچكىم ئۇنىڭچىلىك كۆپ ھەم ياخشى يازغان ئەمەس»[19] دەپ كۆرسەتكەن. بابۇر 1507 ـ يىلى ھىراتتا تۇرغان مەزگىلدە ھىراتنى ئايلاپ چىققان، شۇ قاتاردا ئەلىشىر نەۋايىنىڭ باغچىسى ۋە «ئەلىشىر بەگنىڭ ئۇنسىيە ناملىق ئۆيلىرى، مەقبەرىسى، قۇدسىيە ناملىق مەسچىتى جامەئى، خەلاسىيە ۋە ئىخلاسىيە ناملىق مەدرىسەسى ۋە خانىقاسى، سەفائىيە ۋە شىفائىيە ناملىق ھاممام ۋە شىپاخانىسى ــ ھەممىسىنى قىسقا ۋاقىت ئىچىدە ئايلاپ چىقتىم»[20] دەپ يازغانلىرىدەك، ئەلىشىر نەۋايىنىڭ سالدۇرغان جامائەت ئەسلىھەلىرى خېلى زامانلارغىچە ئاۋامغا مەنپەئەت يەتكۈزۈپ تۇرغانلىقىدا شۈبھە قالمايدۇ. شۇنىڭ ئۈچۈن ئېيتساق، ئەلىشىر نەۋايى زامانىسىنىڭ مەشھۇر كىشىسى بولغانلىقتىن، ئۇ توغرىسىدىكى ئۇچۇرلار خېلى زامانغىچە كەڭ دائىرىگە تارقالغان. شۇڭا، بابۇر ۋە مىرزا مۇھەممەد ھەيدەرگە ئوخشاش نۇرغۇن كىشىلەر بۇ ھەقتىكى ئىشەنچلىك ئۇچۇرلارغا ئېرىشكەن.

قىسقىچە خۇلاسە قىلساق، مۇتەپەككۇر ئەلىشىر نەۋايى ئەسەرلىرىدىن بېرى ئۇيغۇر خەلقى تەرىپىدىن قەدىرلىنىپ، ئۆگىنىلىپ، يادلىنىپ كېلىنمەكتە. ئۇنىڭ ئەسەرلىرى يالغۇز ئۇيغۇر خەلقى تەرىپىدىنلا ئەمەس، پۈتكۈل تۈركىي تىللىق خەلقلەر تەرىپىدىن قەدىرلەنگەن، ئۆگىنىلگەن، ھازىرمۇ ھەم شۇنداق. ئۇنىڭ ئەسەرلىرى ئۇيغۇر دىيارىدا ناھايىتى كۆپ كۆچۈرۈلگەن، مەدرىسەلەردە ئۆگىنىلگەن، ئائىلىلەردە ئوقۇلغان. ئۇنىڭ شېئىر، غەزەللىرى مەشرەپلەردە ناخشا قىلىپ ئېيتىلىپ، مۇقاملارغا تېكىست قىلىپ بەستىلەنگەن. ئۇيغۇرلارنى ئۆز ئىچىگە ئالغان تۈركىي خەلقلەرنىڭ بەش ئەسىردىن بۇيانقى ھاياتىدا مەنىۋى ئوزۇق بولۇپ كېلىۋاتقان، شېئىرىيەتنىڭ يۈكسەك پەللىسىنى ياراتقان ئەسەرلەرنىڭ مۇئەللىپى بولغان ئەلىشىر نەۋايى ئەسلىي نەسەبىدىن ئۇيغۇر بولۇپ، شۇ زاماندىكى تارىخچى مىرزا مۇھەممەد ھەيدەر كۆرەگان قالدۇرغان ناھايىتى روشەن ئۇچۇر بۇ تارىخىي رېئاللىقنى روشەنلەشتۈرۈپ بەردى. مىرزا مۇھەممەد ھەيدەر كۆرەگاننىڭ قالدۇرغان ئۇچۇرىنى شۇ زاماندىكى يادىكارلىقلاردىكى ئاساسلار بىلەن تەھقىقلەپ كۆرىدىغان بولساق، ئەلىشىر نەۋايىنىڭ ئاتا ـ بوۋىسىدىن «باخشى» دېيىلىشىمۇ، ئەينى دەۋر رېئاللىقىنىڭ بەزى مۇئەممالىرىنى يېشىپ بەرگەن. خۇددى رۇبرۇك، پولان كارپىنى، ئەبۇلغازى باھادۇرخان... قاتارلىقلار يازغاندەك، چىڭگىزخان ئەۋلادلىرىنىڭ ئوردا ـ سارايلىرىدا ئۇيغۇرلار ئۇلارنىڭ ھاكىمىيەت ئىشلىرىغا قاتنىشىپ چوڭ روللارنى ئوينىغان، ئۇلارغا ئۇستاز بولغان، كاتىپلىق قىلغان. ئۇيغۇرلاردىن بولغان بىلگىلەر شۇ زامانلاردا باخشى دەپ ئاتالغان، بۇ نام ئۇيغۇرلاردىن موڭغۇل ۋە پارسلارغا قەدەر تارقالغان. موڭغۇللار ئۆز ھاكىمىيەتلىرىدە مۇھىم ئورۇندا تۇرۇپ كەلگەن، ئىسلامىيەتتىن بۇرۇنقى دىنداشلىرى «ئۇيغۇر»، يەنى ئۇيغۇر (ئىدىقۇت) ئېلىدىكىلەر موڭغۇللار بىلەن بىللە ئىسلام دىنىغا كىرگەن، ھاكىمىيەت ئىشلىرىدىكى ياردەمچىلىرى ۋە ئۇستازلىرىنى شۇلاردىن ئۆگىنىپ «باخشى» دەپ ئاتى-

خان. موغۇل ھۆكۈمرانلىرى چىڭگىزخاننىڭ ئەۋلادلىرى ئۇيغۇر تىلىنى ئاساس قىلغان تىلنى ئۆگىنىپ ئىشلەتكەن. شەرقشۇناس بارتولدنىڭ پىكرى بىلەن ئېيتقاندا، ئۇيغۇر يېزىقى ۋە تىلى بىلەن ھۆججەت يېزىپ، ئۇنى باشقۇرىدىغان ئەمەلدارلار چاغاتاي ۋە ئەمىر تۆمۈر دەۋرىدە كۆپ بولغان[①]. بۇ ئادەت خېلى زامانغىچە داۋام قىلغان. بۇنىڭغا موغۇلىستان خانلىرىغا ئائىت يازمىلار ۋە موغۇل نەسەبلىك كىشىلەردىن ياركەنت سەئىدىيە خانلىقىنىڭ قۇرغۇچىسى سۇلتان سەئىدخان، ئۇنىڭ ئوغلى سۇلتان ئابدۇرەشىدخان، مىرزا مۇھەممەد ھەيدەر كۆرەگان، خىۋە خانى ئەبۇلغازى باھادۇرخان، تۈرك نەسەبلىك ھىندىستان بۈيۈك موغۇل ئىمپېرىيەسىنىڭ قۇرغۇچىسى زەھىرىددىن مۇھەممەد بابۇر، شاھ مەھمۇد بىننى فازىل چوراس... لارنىڭ چاغاتاي ئۇيغۇر تىل - يېزىقىدا ئىجادىيەت بىلەن مەشغۇل بولغانلىقى، تېمۇر ئىمپېرىيەسىنىڭ قۇرغۇچىسى ئەمىر تېمۇر كۆرەگان ۋە بۈيۈك موغۇل ئىمپېرىيەسىنىڭ قۇرغۇچىسى زەھىرىددىن مۇھەممەد بابۇر (ئاتا تەرەپتىن تۈركىي تىللىق خەلقتىن كېلىپ چىققان، ئانا تەرەپتىن چىڭگىزخانغا تۇتىشىدۇ)لارنىڭ ئىجادىيەت ۋە ھاكىمىيەت ئىشلىرىدا تۈركىي ئۇيغۇر تىلىنىڭ ناھايىتى مۇھىم ئورۇندا تۇرغانلىقى بۇنىڭ دەلىلىدۇر. مانا مۇشۇلارغا ئاساسلانغاندا، «ئۇيغۇر باخشىلىرى» موغۇللار ھۆكۈمرانلىقى دەۋرىدە ناھايىتى مۇھىم ئورۇندا تۇرغان. «ئۇيغۇر باخشىلىرى» ئۇلار چىڭگىزخان ۋە ئۇنىڭ ئەۋلادلىرىنىڭ يۈرۈشلىرىگە ھەمدە ھاكىمىيەت ئىشلىرىغا قاتنىشىپ، موغۇل قوشۇنىنىڭ ئات تۇياقلىرى يەتكەن جايلارغا كەڭ دائىرىدە تارقىلىپ، شۇلار بىلەن بىللە ھاكىمىيەتچىلىك ئىشلىرىدا بولغان. «ئۇيغۇر» نامى گەرچە ئىسلامىيەتتىن كېيىن بۇددا ۋە باشقا دىندىكىلەرنىڭ بەلگىسى بولۇشتىن قالغان بولسىمۇ، يۇرتىنىڭ ۋە تەبىقىسىنىڭ نامى سۈپىتىدە قوللىنىلىپ كەلگەن. ئۇلارنىڭ «باخشى» دەپ ئاتىلىشى ئەينى ۋاقىتتا موغۇل ھاكىمىيەتلىرىدە ئۇستاز، كاتىپ بولغانلىقلىرىدىن بولۇپ، كېيىنچە كۆرسىتىدىغان مەنە دائىرىسى كېڭىيىپ تېۋىپلارنىمۇ كۆرسىتىدىغان بولغان. دېمەك، ئەلىشىر نەۋايى ئۇيغۇرلارنىڭ مەدەنىيەت - مەرىپەت بىلەن مەشغۇل بولىدىغان ئائىلىسىدە تۇغۇلۇپ مەدەنىي بىر مۇھىت ئىچىدە ئۆسكەن، شۇڭىمۇ كېيىنكى ئىجادىيەتلىرىدە زور مۇۋەپپەقىيەتلەرگە ئېرىشكەن. ئەلىشىر نەۋايى بىلىملىك ئۇيغۇر ئائىلىسىدە ئۆسۈپ يېتىلگەنلىكى ئۈچۈن، كۆپ سانلىق ئەسەرلىرى شۇ زاماندىكى ئۇيغۇر تىلىدا ئىجاد قىلىنغان، ئۇيغۇر تىلى شۇ دەۋر ئەدەبىي تىلىدا يېتەكچى ئورۇندا تۇرغانلىقتىن، نەۋايىنىڭ مەدەنىي مىراسى تەدرىجىي بارلىق تۈركىي تىللىق خەلقلەرنىڭ مەنىۋى مىراسىغا ئايلىنىپ كەتكەن.

ئىزاھلار:

① تۈركىيەلىك فارىت رېجەپ تونچۇرنىڭ يېزىشىچە، نەۋايى ئۆزى پۇل چىقىرىپ مەھەللە، جامە، مەسچىت، مەدرىسە، شىپاخانا، ھاپىزلار مەكتىپى قۇرغان، ھەتتا خان ئوردىسىغىمۇ ئىقتىسادىي ياردەملەرنى بەرگەن. ئۇ، يۇقىرىقى جامائەت ئەسلىھەلىرىنى قۇرۇپلا قالماي، كۈندىلىك چىقىملىرىنى ئۈستىگە ئالغان بولۇپ، ھازىرقى ھېساب بويىچە 3 - 4 مىليارد لىراغا يېتىدىكەن. نەۋايى ھىراتتا قۇرغان كۆۋرۈك، مەدرىسە ۋە باشقا ئەسلىھەلەرلا 3751 ئورۇندىن ئاشقان. قاراڭ: فارىت رېجەپ تونچۇر «ئەلىشىر نەۋايى»، تۈركىيەنىڭ «Size» ژۇرنىلىنىڭ 1984 - يىلى 3 - ئاينىڭ 25 - كۈندىكى 116 - سانىدىن تەرجىمە قىلىنىپ، «شىنجاڭ مىللەتلەر ئەدەبىياتى تەتقىقاتى» ژۇرنىلىنىڭ 1985 - يىللىق خەنزۇچە 1 - سانىدا ئېلان قىلىنغان، 51 - بەت.

② مىرزا مۇھەممەد ھەيدەر كۆرەگان: «تارىخى رەشىدىي (1)»، شىنجاڭ خەلق نەشرىياتى 2007 - يىلى ئۇيغۇرچە نەشرى 430 — 432 - بەتلەر.

③ شىنجاڭ ئۇيغۇر ئاپتونوم رايونلۇق ئىجتىمائىي پەنلەر ئاكادېمىيەسى مىللەتلەر ئەدەبىياتى تەتقىقات ئورنىنىڭ مەسئۇللۇقىدا يېزىلغان: «ئۇيغۇر ئەدەبىياتى تارىخى (2)»، مىللەتلەر نەشرىياتى 2006 - يىلى ئۇيغۇرچە نەشرى، 208 - بەت.

④ ئەلىشىر نەۋايى: «پەرھاد - شىرىن»، مىللەتلەر نەشرىياتى 2011 - يىلى ئۇيغۇرچە نەشرى، 2 - بەت.

⑤ ئەلىشىر نەۋايى: «مىزانۇل - ئەۋزان»گە تۈركىيە تىل قۇرۇمى تەرىپىدىن يېزىلغان بېغىشلىما. ئىبراھىم مۇتئىي ئۇيغۇرچىلاشتۇرۇپ نەشرگە تەييارلىغان: «نىزامىددىن ئەلىشىر نەۋايى»، شىنجاڭ ئۇيغۇر ئاپتونوم رايونلۇق ئۇيغۇر كىلاسسىك ئەدەبىياتى ۋە ئون ئىككى مۇقام تەتقىقات جەمئىيىتى ئۇيۇشتۇرغان، ئابلىمىت ئەھەت نەشرگە تەييارلىغان: «بۈيۈك شائىر ئەلىشىر نەۋايى»، شىنجاڭ خەلق نەشرىياتى 2001 - يىلى ئۇيغۇرچە نەشرى، 89 - بەت.

⑥⑦⑧⑰ مەھمۇد كاشغەرىي: «دىۋانۇ لۇغاتىت تۈرك»، شىنجاڭ خەلق نەشرىياتى 2008 - يىلى ئۇيغۇرچە نەشرى، 27 -، 28 -، 29 -، 94 -، 854 - بەتلەرگە قاراڭ.

⑨ غالىب بارات ئەرك: «ئۇيغۇر ئىدىقۇت ئېلى توغرىسىدا»، «تۇرپانشۇناسلىق تەتقىقاتى» 2000 - يىللىق تۇنجى سانىغا قاراڭ.

⑩ قاھار بارات، ليۇ يىڭشېڭ: «ئىدىقۇت گاۋچاڭ ۋاڭلىقى تۆھپە مەڭگۈ تېشىنىڭ قەدىمكى ئۇيغۇرچە تېكىستى ئۈستىدە سېلىشتۇرما ۋە تەتقىقات» «شىنجاڭ ئىجتىمائىي پەنلەر تەتقىقاتى»، 1985 - يىللىق ئۇيغۇرچە 1 - سان.

⑪ چېن گاۋخۇا تۈزگەن: «يۈەن دەۋرىدىكى ئۇيغۇر ۋە قارلۇقلارغا دائىر ماتېرىياللار»، شىنجاڭ خەلق نەشرىياتى 1986 - يىلى نەشرى، 74 - بەت.

⑫ راشىددىن: «جامىئۇت - تەۋارىخ»، سودا باسمىخانىسى 1983 - يىلى خەنزۇچە نەشرى، 1 - جىلد 1 - كىتاب، 122 -، 242 -، 251 - بەتلەرگە قاراڭ.

⑬⑭㊷㊸ ئاتامەلىك جۇۋەينى: «تەۋارىخى جەھانكۇشاي»، جياڭسۇ مائارىپ نەشرىياتى 2005 - يىلى خەنزۇچە نەشرى، 7 -، 19 -، 22 -، 180 - بەتلەر.

⑮⑭ گېڭ شىمىڭ، خې باۋجى تەرجىمە قىلىپ تۈزگەن: «پىلان كارپىنىنىڭ موڭغۇل ئېلىگە سەپىرى رۇبرۇكنىڭ شەرققە سەپىرى»، جۇڭخۇا كىتابچىلىق ئىدارىسى 1985 - يىلى خەنزۇچە نەشرى، 49 -، 76 - بەتلەرگە قاراڭ. يۇقىرىقى ئىككى كىشىنىڭ سەپەرنامىسىنىڭ يۇ داجۈن ۋە سەي جىچۈنلەر تەرجىمە قىلىپ تۈزگەن، ئىچكى موڭغۇل ئۇنىۋېرسىتېتى نەشرىياتى 2009 - يىلى خەنزۇچە نەشر قىلغان نۇسخىسىنىڭ 38 - بېتىگە سېلىشتۇرۇپ كۆرۈڭ.

⑯㊿ يۇ داجۈن ۋە سەي جىچۈن تەرجىمە قىلىپ تۈزگەن: «پىلان كارپىنىنىڭ موڭغۇل ئېلىگە سەپىرى رۇبرۇكنىڭ شەرققە سەپىرى»، ئىچكى موڭغۇل ئۇنىۋېرسىتېتى نەشرىياتى 2009 - يىلى خەنزۇچە نەشرى، 209 -، 214 -، 215 - بەتلەر.

⑱ خۇ جېنخۇا، خۇاڭ رۈنخۇا رەتلىگەن: «ئىدىقۇت مەھكىمىسى سۆزلۈكى» مىللەتلەر نەشرىياتى 1984 - يىلى نەشرى، 43 - بەت. شۇنىمۇ ئىزاھلاش ھاجەتكى، ئەنە شۇ مىڭ سۇلالىسى دەۋرىدە تۈزۈلگەن »مۇسۇلمانلار مەھكىمىسىنىڭ سۆزلۈكى» (回回馆杂字) ناملىق پارس ۋە خەنزۇ سۆزلۈكىدە 高昌 نىڭ تەڭدىشى قىلىپ تۈركى (turkī)، ئوقۇلۇشى 八儿士 دېگەن سۆزلۈك كىرگۈزۈلگەن. يۇقىرىقىلاردىن كۆرىمىزكى، 高昌 شۇ ۋاقىتتا جۇغراپىيەلىك ئاتالغۇ بولماستىن، ئاھالە توپىنى، يەنى ئۇيغۇرلارنى كۆرسىتىدىغان ئاتالغۇ بولغان.

⑲ مىرزا مۇھەممەد ھەيدەر كۆرەگان: «ئوتتۇرا ئاسىيا موغۇللىرىنىڭ تارىخى — تارىخى رەشىدىي»، 1 - جىلد، شىنجاڭ خەلق نەشرىياتى 1983 - يىلى خەنزۇچە نەشرى، 8 - بەت.

⑳ فېڭ جياشىڭ، چېڭ سۇلۇ، مۇگۇاڭۋېن تۈزگەن: «ئۇيغۇرلار تارىخىغا ئائىت ماتېرىياللاردىن قىسقىچە توپلام»، مىللەتلەر نەشرىياتى 1981 - يىلى 2 - نەشرى، 103 - بەت.

㉑ مۇھەممەد ئىبنى ۋەلىي: «بەھرۇل - ئەسرار»، «شىنجاڭ ئىجتىمائىي پەنلەر تەتقىقاتى» ژۇرنىلى 1993 - يىللىق ئۇيغۇرچە 3 - سان، 83 -، 84 - بەتلەر.

㉒ ئابىتاكىئو: «غەربىي ئۇيغۇر ئېلىنىڭ تارىخى ئۈستىدە تەتقىقات»، شىنجاڭ خەلق نەشرىياتى 1985 - يىللىق خەنزۇچە نەشرى، 313 - بەت.

㉓ چېن گاۋخۇا تۈزگەن: «يۈەن دەۋرىدىكى ئۇيغۇر ۋە قارلۇقلارغا دائىر ماتېرىياللار»، شىنجاڭ خەلق نەشرىياتى 1986 - يىلى نەشرى، 72 - بەت.

㉔㉕㊶(54)(56)(59)(60) زەھىرىددىن مۇھەممەد بابۇر: «بابۇرنامە»، مىللەتلەر نەشرىياتى 1992 - يىلى ئۇيغۇرچە

نەشرى، 2 ـ، 38 ـ، 42 ـ، 136 ـ، 199 ـ، 319 ـ، 360 ـ بەتلەر.

㉖ ز. رۇنتۇ: «باخشى سۆزىنىڭ مەنىسى»، «تىل ۋە تەرجىمە»، 1989 ـ يىللىق خەنزۇچە 3 ـ سان، 53 ـ بەت.

㉗㉘㊱ يۈسۈپجان ياسىن: «باخشى نامىنىڭ تارىخىي مەنبەسى ھەققىدە قىسقىچە بايان»، «شىنجاڭ تەزكىرىسى»، ئۇيغۇرچە 1994 ـ يىللىق 4 ـ سان، 52 ـ، 53 ـ، 53 ـ بەتلەر.

㉙ ئەخمەت جافەر ئوغلۇ: «قەدىمكى ئۇيغۇر تىلى لۇغىتى»، تۈركىيە تىل قورۇمى نەشرىياتى 1968 ـ يىلى تۈركچە نەشرى، 31 ـ بەت.

㉚ ياشار چاغبايىر تۈزگەن: «ئۆتۈكەن تۈركچە لۇغىتى»، ئۆتۈكەن نەشرىياتى 2007 ـ يىلى ئىستانبۇل تۈركچە نەشرى، 439 ـ بەت.

㉛ شەيخ سۇلايمان ئەپەندى: «ئوسمانلىچە ـ چاغاتايچە لۇغەت»، بۇداپىشت، 1902 ـ يىلى نەشرى، 20 ـ بەت.

㉜ ئەمىر نەجىپ تۈزگەن: «يېڭى ئۇيغۇرچە سۆزلۈك» (رۇسچىدىن تۈركچىگە ئىكلىل قوربان تەرجىمە قىلغان)، ئاتا تۈرك يۈكسەك تىل قورۇمى نەشرىياتى 1985 ـ يىلى ئەنقەرە نەشرى، 28 ـ بەت.

㉝㉞ نيۇ رۇجى: «باخشى سۆزى توغرىسىدا»، «تىل ۋە تەرجىمە» ژۇرنىلى، 1990 ـ يىللىق خەنزۇچە 2 ـ سان، 74 ـ بەت.

㉟ ز. رۇنتۇ: «باخشى سۆزىنىڭ مەنىسى»، «تىل ۋە تەرجىمە» ژۇرنىلى ، 1989 ـ يىللىق خەنزۇچە 3 ـ سان، 53 ـ بەت.

㊲ شۇ ليەندانىڭ باش مۇھەررىرلىكىدە تۈزۈلگەن: «جۇڭگونىڭ تارىخىي دەۋرلەردىكى مەنسەپ، تۈزۈم ئاتالغۇلىرى لۇغىتى»، ئەنخۇي مائارىپ نەشرىياتى 1991 ـ يىلى خەنزۇچە نەشرى، 945 ـ بەت.

㊳ مۇھەممەتتۇردى مىرزىئەھمەت نەشرگە تەييارلىغان: «ۋەقفىيە»، شىنجاڭ ئۇيغۇر ئاپتونوم رايونلۇق ئۇيغۇر كىلاسسىك ئەدەبىياتى ۋە ئون ئىككى مۇقام تەتقىقات جەمئىيىتى ئۇيۇشتۇرغان: «ئەلىشىر نەۋايى ئەسەرلىرى»، شىنجاڭ خەلق نەشرىياتى 2001 ـ يىلى ئۇيغۇرچە نەشرى، 222 ـ بەتكە قاراڭ.

㊴ مىرزا كەلىمىسىگە دەۋر نۇقتىسىدىن قاراش لازىم، ئەينى تارىخىي دەۋردە ھاكىمىيەت چىڭگىزخان نەسەبىگە تاللىق دەپ تونۇلغانلىقتىن، تۈركىي خەلقلەردىن بولغان ھۆكۈمدارلار خان دەپ ئاتالمىغان، ھەتتا ئىمپېراتور تۆمۈرلەڭ ـــ ئەمىر تۆمۈر كۆرەگان ئەۋلادلىرىمۇ «مىرزا» دەپ ئاتالغان. ئەمىر تۆمۈر كۆرەگانىنىڭ ئەۋلادى بولغان بابۇر بۇ توغرىدا: «شۇ كۈنگىچە تېمۇر بەگنىڭ ئەۋلادىنى سەلتەنەت ئىگىسى بولغىنىغا قارىماي مىرزا دەپ ئاتايتتى. مۇشۇ قېتىم مېنى پادىشاھ دەپ ئاتاش توغرۇلۇق پەرمان چىقاردىم» دېگەن بايانىدىن كۆرىدىغان بولساق، چىڭگىزخان زامانىدىن كېيىن داۋام قىلىپ كېلىۋاتقان ئادەت 1508 ـ يىلى بابۇر تەرىپىدىن تۈركىي پادىشاھلىرىنى يەنە «پادىشاھ» ئاتاش يارلىقى بىللە ئورنىنى تاپقان، ئۇلارنى «مىرزا» دەپ ئاتاش ئەمەلدىن قالغان. قاراڭ، زەھىرىددىن مۇھەممەد بابۇر: «بابۇرنامە»، مىللەتلەر نەشرىياتى 1992 ـ يىلى ئۇيغۇرچە نەشرى، 407 ـ بەت.

㊵ ئۆزبېكىستان پەنلەر ئاكادېمىيەسى: «نەۋايى ئەسەرلىرى تىلىنىڭ ئىزاھلىق لۇغىتى»، ئۆزبېكىستان پەن نەشرىياتى 1983 ـ يىلى تاشكەنت، ئۆزبېكچە نەشرى، 231 ـ بەت. پەرسا شەمىيېۋ، س . ئىبراھىموف تۈزگەن: «نەۋايى ئەسەرلىرى لۇغىتى»، غاپۇر غۇلام نامىدىكى ئەدەبىيات ـ سەنئەت نەشرىياتى، 1972 ـ يىلى، تاشكەنت، ئۆزبېكچە نەشرى، 99 ـ بەت.

㊺ لاسزىد راسونيى: «تارىختا تۈركلۈك»، 1971 ـ يىلى ئەنقەرە، تۈركچە نەشرى، 112 ـ بەت.

㊻ پېتىر زىيمى: «ئۇيغۇر يېزىقىدا يېزىلغان ئۇيغۇر يازمىلىرىغا دائىر بەزى چۈشەنچىلەر»، «تۈرك تىلى تەتقىقاتى يىللىقى»، 1986 ـ يىلى ئەنقەرە، تۈركچە نەشرى، 230 ـ بەتتە كەلتۈرۈلگەن نەقىلدىن.

㊼ «ئۇيغۇرلارنىڭ قىسقىچە تارىخى»نى تۈزۈش گۇرۇپپىسى تۈزگەن: «ئۇيغۇرلارنىڭ قىسقىچە تارىخى»، مىللەتلەر نەشرىياتى 2009 ـ يىلى خەنزۇچە نەشرى، 118 ـ بەت.

㊽ بارتولد: «موڭغۇل ئىستېلاسىدىن بۇرۇنقى تۈركىستان»، شاڭخەي قەدىمكى ئەسەرلەر نەشرىياتى 2007 ـ يىلى خەنزۇچە نەشرى، 440 ـ بەت.

㊾ راخۇېس: «جۇڭگوغا موڭغۇللار ھۆكۈمرانلىق قىلغان دەۋردىكى تۈركلەر»، باھائىددىن ئۆگەل قاتارلىقلار تۈزگەن، 1964 ـ يىلى تەيۋەندە نەشر قىلىنغان «خەنزۇشۇناسلىق ۋە تۈركولوگىيە»، 281 ـ بەت. پېتىر زىيمىنىڭ «بۇددا

دىنى ۋە ئۇيغۇر جەمئىيىتى» (مىللەتلەر نەشرىياتى 2007 ـ يىلى خەنزۇچە نەشرى، 22 ـ بەت) ناملىق كىتابىدا كەلتۈرگەن نەقىلدىن ئېلىندى.

51 ئەبۇلغازى باھادۇرخان: «شەجەرەئىي تۈرك»، شىنجاڭ خەلق نەشرىياتى 2002 ـ يىلى ئۇيغۇرچە نەشرى، 35 ـ بەت. بۇ بايانلاردا خەنزۇچە ۋە ئۇيغۇرچە نۇسخىسىدا ئازراق پەرق بار. جۈملىدىن ئۇيغۇرچىدىكى مىزداران ۋە گىلان خەنزۇچە نۇسخىدا ماۋارەئۇننەھىر ۋە تۇران دەپ تەرجىمە قىلىنغان. بۇ ئەسەرنىڭ 1874 ـ يىلى پېتېربورگدا نەشر قىلىنغان، بارون دېمايسوننىڭ فىرانسۇزچە تەرجىمىسى بىلەن بىللە بېرىلگەن چاغاتاي ئۇيغۇر يېزىقىدىكى نۇسخىسىنىڭ چاغاتاي ئۇيغۇرچە يېزىقىدىكى قىسمىدا «مازاندىران، كېلان» دەپ يېزىلغان، كىتابخانىلارغا چۈشىنىشلىك بولۇشىنى كۆزدە تۇتۇپ خەنزۇچىدىكى جاي نامىلىرى ئېلىندى.

52 ئابدۇشۈكۈر مۇھەممەتئىمىن: «ئۇيغۇرلاردا ئىسلام مەدەنىيىتى»، شىنجاڭ خەلق نەشرىياتى 2002 ـ يىلى ئۇيغۇرچە نەشرى، 153 ـ بەت.

53 شىنجاڭ ئۇيغۇر ئاپتونوم رايونلۇق ئۇيغۇر كىلاسسىك ئەدەبىياتى ۋە ئون ئىككى مۇقام تەتقىقات ئىلمىي جەمئىيىتى ئۇيۇشتۇرغان: «ئەلىشىر نەۋايى ئەسەرلىرى»گە كىرگۈزۈلگەن، مۇھەممەتتۇردى مىرزىئەخمەت نەشرگە تەييارلىغان «بەدايىئۇل ـ بىدايە» (دىباچىسى)، شىنجاڭ خەلق نەشرىياتى 2001 ـ يىلى ئۇيغۇرچە نەشرى، 44 ـ بەت.

55 زەھىرىددىن مۇھەممەد بابۇرنىڭ بۇ بايانلىرىدىن، ئەلىشىر نەۋايى ئىجادىيىتىدە تۈركىي تىلنىڭ ئەنجاندا قوللىنىلغان شېۋىسىدە ئەسەر يازغان دېگەن مەنە بالقىپ تۇرىدۇ. زامانىمىزدىكى ئاتاقلىق تىلشۇناسلىرىمىزدىن مىرسۇلتان ئوسمان ۋە مەرھۇم خەمىت تۆمۈرلەر بىرلىكتە يېزىپ ئېلان قىلغان، «چاغاتاي تىلى، توغرىسىدىكى قاراشلىرىمىز» ناملىق ماقالىسىدە ناھايىتى چوڭقۇر تەتقىقاتلار بىلەن «چاغاتاي تىلى»نىڭ كېلىپچىقىشى، راۋاجلىنىشى، تەتقىق قىلىنىش ئەھۋاللىرى تېرەن بايان قىلىنغان. مۇشۇ ئەسەردە يەنە ئەلىشىر نەۋايى ئەسەرلىرىنىڭ تىلىنىڭ ئۆزبېك تىلى ۋە ئۇيغۇر تىلى بىلەن سېلىشتۇرۇلۇپ، ئۇيغۇر تىلى ئىكەنلىكى توغرىسىدا ئىلمىي يەكۈن چىقىرىلغان. قاراڭ: بارات رەجەپ نەشرگە تەييارلىغان: «خەمىت تۆمۈر ئىلمىي ماقالىلىرى»، مىللەتلەر نەشرىياتى 2006 ـ يىلى ئۇيغۇرچە نەشرى، 299 ـ بەت. «شىنجاڭ ئۇنىۋېرستېتى ئىلمىي ژۇرنىلى» 1993 ـ يىللىق ئۇيغۇرچە 1 ـ سانىدىمۇ ئېلان قىلىنغان.

57 ۋ . ۋ. بارتولد: «ئوتتۇرا ئاسىيادىكى تۈركىي خەلقلەر تارىخى توغرىسىدا ئون ئىككى لېكسىيە»، مىللەتلەر نەشرىياتى2010 ـ يىلى ئۇيغۇرچە نەشرى، 224 ـ بەت.

58 مەرھۇم تىلشۇناس خەمىت تۆمۈر بىلەن مىرسۇلتان ئوسمان بىرلىكتە يازغان «چاغاتاي تىلى، توغرىسىدا قاراشلىرىمىز» ناملىق ئەسىرىگە مۇراجىئەت قىلساق، تېخىمۇ مۇپەسسەل بايانلارغا ئېرىشەلەيمىز، بۇ ئەسەر «شىنجاڭ ئۇنىۋېرستېتى ئىلمىي ژۇرنىلى»نىڭ 1993 ـ يىللىق 1 ـ سانىدا ئېلان قىلىنغان ۋە مىللەتلەر نەشرىياتى 2006 ـ يىلى نەشر قىلغان «خەمىت تۆمۈر ئىلمىي ماقالىلىرى» ناملىق كىتابقا كىرگۈزۈلگەن.

61 ۋ . ۋ. بارتولد يازغان، ئۇيغۇر سايرانى رۇسچىدىن تەرجىمە قىلغان: «ئوتتۇرا ئاسىيادىكى تۈركىي خەلقلەر تارىخى توغرىسىدا ئون ئىككى لېكسىيە»، مىللەتلەر نەشرىياتى 2010 ـ يىلى ئۇيغۇرچە نەشرى، 320 ـ بەت.

(ئاپتورى چاقىلىق ناھىيەلىك تېلېگراف شىركىتىدە)

ئۇيغۇر كىتاب تور بېكىتى www.uygurkitab.com

تۇرغۇن ئىبراھىم

# ئۇيغۇرلاردا كىلاسسىك مۇزىكا ـ مۇقام ھادىسىسى ھەققىدە

كىلاسسىك مۇزىكىلار، خەلق ئاھاڭلىرى، ئەلنەغمىلەر، خەلق مۇقاملىرى، شۇنداقلا ئون ئىككى مۇقام تەتقىقاتىنىڭ نىشانى ئۇيغۇر مۇزىكا ـ كۈي ئىجادىيىتىگە يېڭىچە يول ئېچىش، ئۇيغۇر مۇزىكا كۈيلىرىنى يەنىمۇ بېيىتىپ ئىنسانىيەت مەدەنىيىتىگە ئىزچىل تۆھپە قوشۇشتۇر. كىلاسسىك ئاھاڭلارنى قېزىش، رەتلەش، بولۇپمۇ ئۇيغۇرلاردىكى مۇقام ھادىسىسىنى تەتقىق قىلىش ئۇنىڭ مۇھىم تەتقىقات تېمىلىرىدىن بىرىسى.

ئۇيغۇرلاردا مۇقام ھادىسىسى ناھايىتى قەدىمدىن باشلاپ پەيدا بولۇشقا باشلىغان، تارىخىي ئىزچىللىق، ۋارىسلىق، ئۈزۈكسىز مۇكەممەللىشىش ئىچىدە ئىلگىرىلەۋاتقان بىباھا سەنئەت خەزىنىسى. بۇ بىباھا سەنئەت خەزىنىسىنىڭ تارىخىي تەرەققىياتى توغرىسىدا غەيرەتجان ئوسمان مۇنداق يازغان: «يىپەك يولى مۇزىكا مەدەنىيىتى بويىچە ئاتاقلىق تەتقىقاتچى جۇ چىڭباۋ ئەپەندى ‹جۇڭگو ئۇيغۇر مۇقاملىرىنىڭ بارلىققا كېلىش، تەرەققىي قىلىش تارىخى ھەققىدە قىسقىچە بايان› ناملىق ماقالىسىدە ‹مۇقام ئۇيغۇر سەنئىتى خەزىنىسىدىكى بىباھا گۆھەر› دەپ كېلىپ، ئۇنىڭ ۋۇجۇدقا كېلىش، گۈللىنىش ۋە راۋاجلىنىش دەۋرىنى مۇنداق ئىزاھلايدۇ: بىرىنچى، ئويغىنىش دەۋرى (ئەڭ قەدىمكى دەۋردىن مىلادىيە 4 ـ ئەسىرگىچە)؛ ئىككىنچى، گۈللىنىش دەۋرى (مىلادىيە 4 ـ ئەسىردىن 8 ـ ئەسىرگىچە)؛ ئۈچىنچى، ئۆزگىچە تەرەققىيات دەۋرى (مىلادىيە 8 ـ ئەسىردىن 14 ـ ئەسىرگىچە)؛ تۆتىنچى، قوشۇلۇش دەۋرى (مىلادىيە 14 ـ ئەسىردىن 16 ـ ئەسىرگىچە)؛ بەشىنچى، قېلىپلىشىش دەۋرى (16 ـ ئەسىردىن 19 ـ ئەسىرگىچە)»①.

ئۇيغۇر ئون ئىككى مۇقامىنىڭ ئانا مەنبەسى خەلق ئاھاڭلىرى ياكى خەلق مۇقاملىرى، يادرولۇق مەزمۇنى كىلاسسىك مۇزىكىلاردۇر. خەلق مۇقاملىرىغا «غەربىي يۇرت»نىڭ ھەرقايسى تارىخىي دەۋرلەرنىڭ سىناقلىرىدىن مۇۋەپپەقىيەتلىك ئۆتكەن نادىر مۇزىكا ۋە كۈيلەر جەۋھىرى، مول فولكلور مەدەنىيەت جەۋھەرلىرى جۇغلانغان ھەم بۇ خىلدىكى مۇقاملاردا يەرلىك ئالاھىدىلىك كۈچلۈك بولىدۇ. مەلۇم مەنىدىن ئۇنى خەلقنىڭ ھاياتى، قەلبى، فولكلور مەدەنىيىتى بىلەن بىۋاستە باغلانغان ئانا گەۋدە دېيىشكە بولىدۇ. كىلاسسىك مۇزىكا ـ كۈيلەر مانا مۇشۇ ئانا گەۋدە ئاساسىدا شەكىللەنگەن ۋە راۋاجلانغان بولۇپلا قالماي، يېڭى تارىخىي دەۋردىكى ئون ئىككى مۇقاممۇ خەلق ئاھاڭلىرى ۋە خەلق مۇقاملىرىدىن ئىبارەت مۇشۇ ئانا گەۋدە ئاساسىدا بارلىققا كەلگەن ۋە راۋاجلانغان. باشقىچە ئېيتقاندا، ئۇيغۇر ئون ئىككى مۇقا-

① غەيرەتجان ئوسمان: «قەدىمكى تارىم مەدەنىيىتى»، شىنجاڭ ئۇنىۋېرسىتېتى نەشرىياتى، 2007 ـ يىلى 5 ـ ئاي نەشرى، 452 ـ بەت.

مىنىڭ مەنبەسىنى خەلق مۇقاملىرى ۋە كىلاسسىك ئاھاڭلاردىن سۈرۈشتۈرۈشكە بولىدۇ. بىزنىڭ ئون ئىككى مۇقامنى ئەۋلادتىن - ئەۋلادقا ئۇلاشتۇرالىشىمىز ھەمدە ئۇنىڭغا مۇۋەپپەقىيەتلىك ۋارىسلىق قىلالىشىمىزنىڭ سەۋەبىمۇ ئۇنىڭ خەلقىمىزنىڭ ھاياتى، قەلبى، فولكلور مەدەنىيىتى بىلەن چەمبەرچاس باغلانغان ئۆلمەس خەلق ئاھاڭلىرى بولغانلىقىدا ئىدى.

ئۇيغۇر خەلق مۇقاملىرى دائىرىسىگە دولان رايونىغا تارقالغان «دولان مۇقامى»، تۇرپان ۋىلايىتىگە تارقالغان «تۇرپان مۇقامى»، قومۇل ۋىلايىتىگە تارقالغان (ئاساسلىقى قومۇل شەھىرى بىلەن ئاراتۈرۈك رايونىغا تارقالغان) «قومۇل مۇقامى» قاتارلىقلار كىرىدۇ. ئىلى ۋادىسىغا تارقالغان «ئىلى خەلق ئاھاڭلىرى»، لوپنۇر، خوتەن، ئاتۇش، قەشقەر، كۇچا خەلق ئاھاڭلىرىمۇ ئۇيغۇر خەلق مۇقاملىرىغا مول ئوزۇق بولغان. ئۇيغۇر خەلق مۇقاملىرىدىكى ئورتاق ئالاھىدىلىكلەر مۇنۇلار: بىرىنچىدىن، بارلىق خەلق مۇقاملىرى ئۇيغۇر مۇقام سەنئىتىنىڭ ئورتاق بىر قانۇنىيىتى بولغان ئون ئىككىلىك سىستېمىغا ئىگە بولغان، 12 يۈرۈش مۇقامدىن تەشكىل تاپقان. يەنى، مەيلى ئون ئىككى مۇقام بولسۇن ياكى يەرلىك مۇقاملار بولسۇن، شەكلىنىڭ قانداق بولۇشىدىن قەتئىينەزەر ھەممىسى 12 يۈرۈشتىن ئىبارەت بۇ سىستېمىغا ئىگە؛ ئىككىنچىدىن، مەيلى ئون ئىككى مۇقام بولسۇن ياكى خەلق مۇقاملىرى بولسۇن، قۇرۇلما جەھەتتىن ھەممىسى ئوخشاشلا مۇزىكا، ناخشا، ئۇسسۇلدىن تەركىب تاپقان؛ ئۈچىنچىدىن، مەيلى ئون ئىككى مۇقام بولسۇن ياكى خەلق مۇقاملىرى بولسۇن چالغۇلارنىڭ سەپلىنىشى نىسبەتەن كۆپ خىل؛ تۆتىنچىدىن، ھەرقايسى مۇقاملارنىڭ ئۆز تەركىبىدىكى نەغمىلەرنىڭ ئاھاڭ تۈسىنى بەلگىلەيدىغان ئورتاق مېلودىيەگە ئىگە مۇھىم مۇقەددىمىسى بولىدۇ، شۇنداقلا مۇقام تېكىستلىرىنىڭ تۈزۈلۈشىدىمۇ بەزى ئوخشاشلىقلار ساقلانغان؛ بەشىنچىدىن، ھەممە مۇقاملارنىڭ شەكلى ۋە قۇرۇلمىسى ئاساسەن ئوخشاش، يەنى ھەربىر مۇقام چوڭ نەغمە، داستان ۋە مەشرەپتىن تەشكىل تاپقان، ئەمما ھەرقايسى مۇقاملار ھەجمى، مۇكەممەللىك دەرىجىسى، كۈي رىتىمى، خۇسۇسىيەتلىرى پەرقلىنىدۇ.

يالغۇزەك (نەي)، بۇرغا، بورىيا، بالىمان، ناغرا، دۇمباق، غونقا، بەرباب (پىپا)، راباب، جاللا، قالۇن، ئەگرى ساپلىق پىپا، ئۇد، سىبىزغۇ («تۈركىي تىللار دىۋانى»دا نەي دېيىلگەن)، ئىكمە (ئىگەمە) قاتارلىق قەدىمكى چالغۇلار بىلەن روياپقا چىقىرىلغان «خۇ مۇزىكىسى»، «كۇسەن مۇزىكىسى»، «قوچۇ مۇزىكىسى»، «سۇللۇغ مۇزىكىسى»، «ئۇدۇن مۇزىكىسى»، «ئىۋىرغول مۇزىكىسى»، «مۇقدۇر نەغمىسى» (قەدىمكى قومۇل ئوردا نەغمىسى بولۇپ، ئىۋىرغول مۇزىكىسىنىڭ بىر تۈرى بولسا كېرەك)، «ئاتەش سۇمرۇغ»، «باھار بۇلبۇل ناۋاسى» دېگەندەك بىر قاتار ئۇسسۇل - نەغمە، مۇزىكا - كۈي سىستېمىلىرىنىڭ بولغانلىقىنى تىلغا ئالغانىدۇق. ھېچكىم غەربىي يۇرتنىڭ قەدىمكى ئۇ نامدىكى مۇزىكا - كۈيلىرىنى خەلق ئاھاڭلىرى ياكى كىلاسسىك خەلق ئاھاڭلىرىغا تەۋە ئەمەس دېيەلمەسلىكى مۇمكىن. بۇلارنى ھازىرقى ئون ئىككى مۇقام ياكى «تەۋارىخى مۇسىقىيۇن»دا تىلغا ئېلىنغان ئون ئالتە مۇقامنىڭ ئاساسى ياكى قەدىمىي ھالىتى دەپ قاراشقا بولامدۇ، يوق؟ ئىككىنچى، قەدىمكى چالغۇلىرىمىز بىلەن دىۋاندا تىلغا ئېلىنغان چالغۇلار ئوتتۇرىسىدا، «تۈركىي تىللار دىۋانى» (تۆۋەندە «دىۋان» دەپ ئېلىنىدۇ)دا تىلغا ئېلىنغان چالغۇلىرىمىز بىلەن «تەۋارىخى مۇسىقىيۇن»دا تىلغا ئېلىنغان چالغۇلار ئوتتۇرىسىدا ئورتاقلىقلارنىڭ بارلىقىنى ئەسلىگىنىمىزدە، قەدىمكى چالغۇلار بىلەن روياپقا چىقىرىلغان قەدىمكى مۇزىكا - كۈيلەر، بولۇپمۇ سۈي ۋە تاڭ دەۋرىدىكى شائىرلارنىڭ شېئىرلىرىدا تەسۋىرلەنگەن يۇقىرىقى نەغمىلەرنىڭ ھازىرقى كىلاسسىك ئاھاڭ ۋە مۇقاملار بىلەن ئورتاقلىقى، مەلۇم باغلىنىشى ۋە ۋارىسلىق تەرەپلىرى بارمۇ، يوق؟ ئۈچىنچى، بىز ئۇيغۇر ئون ئىككى مۇقام ناملىرىدىن «راك»، «ئۇششاق»، «ئۆزھال»، «ئىراق»، «ناۋا»، «چارىگاھ»، «سىگاھ»، «پەنجىگاھ»، «مۇشاۋرەك»، «بايات»، «چەبىيات» ۋە «ئەجەم» قاتارلىقلارنىڭ مۆجىزىي تىلغا ئالغان مۇقام

نامىلىرى ئىچىدە بارلىقىنى كۆرگىنىمىزدە، ئون ئالتە مۇقامنىڭ مۇقام يۈنىلىشىگە قاراپ تەرەققىي قىلىشىنى يەنىمۇ ئالدىغا سۈرۈشكە، سۇي ـ تاڭ دەۋرلىرىدىكى «غەربىي يۇرت مۇزىكا ـ كۈيلىرى»گە چېتىپ قاراشقا بولامدۇ، يوق؟ ئومۇمەن، بۇ نۇقتىلار بىزنىڭ «مۇقام ھادىسىسىنىڭ ئوتتۇرا ئەسىرلىك تەرەققىيات باسقۇچى» مەسىلىسى ھەققىدىكى چۈشىنىشىمىزنى چوڭقۇرلاشتۇرۇشتا يېقىندىن دىققەت قىلىشقا تېگىشلىك مەسىلىلەردۇر.

مەركىزىي ئاسىيا قەدىمكى مۇزىكا ئىلمى تەتقىقاتىدا ئوتتۇرا ئاسىيالىق ئەبۇ ناسىر فارابى (870 ـ 950) شەرق مۇزىكا نەزەرىيەسىنىڭ ئاساسچىلىرىدىن بىرسى دەپ قارالماقتا ھەمدە ئۇنىڭ بۇ جەھەتتىكى ئىلمىي ئەمگەكلىرىگە يۇقىرى باھا بېرىلمەكتە. ئەمما، ئۇنىڭ ئىلمىي ئەمگەكلىرى ئىچىدە غەربىي يۇرت مۇزىكا ـ كۈي سەنئىتىگە ئائىت مەزمۇنلار قانچىلىك سالماقنى ئىگىلەيدۇ؟ بۇ جەھەتتە سېلىشتۇرما تەتقىقات نەتىجىلىرى بەكلا ئاز بولغانلىقتىن بۇ مەسىلىگە ئوچۇق بىر نېمە دېمەك تەس.

فارابى قاراخانىيلار خانلىقىغا تەۋە ئوترار (فاراب) قەلئەسىدە توققۇز ئوغۇزلارغا مەنسۇپ بىر ئائىلىدە تۇغۇلغان. 30 ياشلاردىن ئاشقاندا باغداد، دەمەشق شەھەرلىرىگە، كېيىن مىسىرغا بېرىپ ئىلىم تەھسىل قىلغان. ئۇ شۇ دەۋردىكى چالغۇلارنىڭ ھەممىسىنى چالالايدىغانلىقى، بولۇپمۇ كۈيلەرنى نەي ۋە تەمبۇردا ئىجاد قىلالايدىغانلىقى مەلۇم. مۆجىزىي قالۇننىڭ كەشپ قىلىنىشىنى ئۇنىڭغا باغلايدۇ. ئابدۇشۈكۈر مۇھەممەدئىمىننىڭ تەتقىقاتىغا ئاساسلانغاندا، فارابىنىڭ شۇ دەۋردە ئۇلۇغ مۇزىكا نەزەرىيەچىسى ھەم ماھىر مۇزىكانت ئىكەنلىكى مۇنداق ئىككى مەنبەدىن كەلگەن. بىرسى، فارابىنىڭ ئوتتۇرا ئاسىيا تۈركىي مۇزىكىچىلىقىنىڭ نەزەرىيەسىگە ۋارىسلىق قىلغانلىقى ھەمدە ئۇنى راۋاجلاندۇرغانلىقى بولسا، يەنە بىرسى فارابى ئىلگىرىكىلەرنىڭ مۇزىكىشۇناسلىققا دائىر قاراشلىرى بىلەن تونۇشقانلىقى ئىكەن. ئۇ مۇزىكا ئىلمىگە ئائىت نۇرغۇن ئەسەرلەرنى يېزىپ قالدۇرغان. «كىتابۇل مۇسىقۇل كەبىر» (مۇزىكا توغرىسىدا چوڭ كىتاب)، «كالام فىيۇل مۇسىقى» (مۇزىكا توغرىسىدا) دېگەن ئەسەرلەر ئۇنىڭ ھەممە ئېتىراپ قىلغان ۋەكىللىك ئەسەرلىرىدۇر. ئۇ بۇ ئەسەرلىرىدە كۈينىڭ پەيدا بولۇشى، مۇزىكا تۈرلىرى، چالغۇلار، كۈيلەرنىڭ ئىجراسى، تاۋۇش قاتارلىقلار ھەققىدىكى نەزەرىيەۋى مەسىلىلەرنى ئوتتۇرىغا قويۇپلا قالماي، ئۇد، تەمبۇر، نەي، راۋاب قاتارلىق چالغۇلارنىڭ پەدىلىرى، تارلىرى، كۈي ۋە مۇقاملارنىڭ ھاسىل بولۇشى، رىتىم، كۈي بېزەكلىرى ھەم مۇقاملار ھەققىدە دەسلەپكى شەرھلەرنى يېزىپ قالدۇرغان. ئالاھىدە تىلغا ئېلىشقا تېگىشلىك تەرىپى ئۇنىڭ ئەسەرلىرىدە مۇقاملارنىڭ كۈي شەكىللىرى، ئۇنىڭ تارماقلىرى، كۈيلەرنىڭ پەدە ئاساسى بىلەن بىۋاسىتە باغلىق بولغان ھەرپ بەلگىلىرى يېزىپ قالدۇرۇلغانىكەن. فارابىنىڭ ئەرەب ـ پارس مۇزىكا سەنئىتىگە قوشقان تۆھپىلىرىدىن بىرسى ئۇنىڭ ئەسلىدىكى توققۇز كۈيلۈك (يۈرۈش) ئەرەب ـ پارس مۇزىكىسى (بەلكىم پارسلارنىڭ «دەستىگاھ»، «نۇسخە»، سۈرىيەنىڭ «مۇۋەششەھ»، ئىراقنىڭ «پەسىل» ناملىق مۇقاملىرىنىڭ دەسلەپكى شەكلى بولسا كېرەك)نى 18 گە كۆپەيتكەنلىكى ھەمدە 15 ھەرپلىك نوتا قوللانغانلىقىدىن ئىبارەت. بىز بۇ يەردە يۈسۈپ سەككاكىينىمۇ مۇزىكا ئىلمى تەتقىقاتى بويىچە ئەبۇ ناسىر فارابى ۋە لۇتفىيلار بىلەن بىر ئورۇنغا قويىمىز. «تەۋارىخى مۇسىقىيۇن»دا: «سەككاكىي مۇزىكىچىلارنىڭ ئون ئالتىنچى پىرى ھەم مۇزىكا ئىلمى بويىچە رىسالىلەرنى يازغان، ‹بايات› ناملىق مۇقامنى ئىجاد قىلغان، شاگىرتلىرىغا ئۆگەتكەن» دەپ يېزىلغان. يۈسۈپ سەككاكىي مىلادىيە 1228 ـ يىلى ئالمالىقتا تۇغۇلغان ھەم چاغاتاي ئوردىسىدا ئىشلەپ 1306 ـ يىلى ئالمالىقتا ئالەمدىن ئۆتكەن. مازارى ھېلىمۇ چاپچال ناھىيەسىنىڭ خۇنخاي دېگەن يېرىدە. لېكىن، بۇ ئەدىبنىڭ ئىلمىي ئەمگەكلىرى ھەققىدىكى تەتقىقات چوڭ بوشلۇق بولغاچقا، ئۇنىڭ مۇزىكا ئىلمى تەتقىقاتلىرىنى بۇنىڭدىن ئارتۇقچە ئېيتالمايمىز.

بىز قەدىمكى چالغۇلارنىڭ شەكلى بىلەن ئۇسسۇل ـ ساما تەسۋىرلىرىنى مىڭئۆي تام رەسىملىرىدىن، مۇزىكا ـ كۈي ناملىرىنى «تەۋارىخى مۇسىقىيۇن»دەك ئەسەرلەردىن، سۇي ـ تاڭ سۇلالىلىرىنىڭ ئوردا خاتىرىلىرىدىن، شۇ دەۋرلەردىكى شائىرلارنىڭ شېئىرلىرىدىن، شۇنداقلا چالغۇ ناملىرىنى «تۈركىي تىللار دىۋانى»غا ئوخشاش مەنبەلەردىن بىلىش ئاساسىدا ئۇيغۇر كىلاسسىك مۇزىكا ـ كۈيلىرىنىڭ تارىخىي تەرەققىياتى، شۇنداقلا مۇقام ھادىسىسى ھەققىدىكى تونۇشىمىزنى چوڭقۇرلاشتۇرالىساقمۇ، لېكىن قەدىمكى كۈي ـ مۇزىكىلارنىڭ مېلودىيە مەسىلىسىگە كەلگەندە تېڭىرقاپ قالىمىز، ھەتتا يېقىنقى زاماندا يېزىلغان «تەۋارىخى مۇسىقىيۇن»دىنمۇ بىرەر مۇقام ـ كۈينىڭ كۈي شەكلى (مېلودىيەسى)نى ئۇچرىتالمايمىز. «تەۋارىخى مۇسىقىيۇن»نىڭ مۇئەللىپىمۇ مۇقاملارنىڭ مېلودىيەلىرى ھەققىدە ئېغىز ئاچمىغان. دېمەك، ئۇيغۇر كىلاسسىك مۇزىكا ـ كۈيلىرىنىڭ نوتا خاتىرىسىنىڭ بولمىغانلىقى بىزنى قەدىمكى مۇزىكا ـ كۈيلىرىمىزنىڭ زادى قانداق كۈيلەر ئىكەنلىكىدىن خەۋەرسىز قالدۇرغانىدى. شۇ ۋەجىدىن بىز پەقەت ھازىر ئۇچرىشىۋاتقان كۈي ۋە ئۇسسۇللۇق كۈي ـ مۇزىكىلارنىڭ مېلودىيەسىدىكى ئۆزگىچىلىك، يانداشتۇرۇلغان ئۇسسۇللاردىكى ھەرىكەت ھالەتلىرى، تېكىست، شۇنداقلا خەلق ئاھاڭلىرى ياكى مۇقام ۋارىسلىرىنىڭ ئىجادىيەت شەكلىنى تەتقىق قىلىش ئارقىلىق بىرەر نەتىجىگە ئېرىشىشتىن باشقا تاللاش يولىنىڭ يوقلۇقىنى ھېس قىلىۋاتىمىز. شۇڭا، بۇ جەھەتتىكى تەتقىقاتنى چوڭقۇرلاشتۇرۇش ھازىرقى مۇقاملار بىلەن قەدىمكى كۈيلەرنىڭ باغلىنىشىنى يورۇتۇشنىڭ مۇھىم بىر تەرىپى.

ھازىرقى نۇرغۇن خەلق ئاھاڭلىرىمىز ھەرگىزمۇ يېقىنقى دەۋرنىڭ مەھسۇلى ئەمەس. ئۇنىڭ يىراق تارىخىي مەنبەسى، ئارخېئولوگىيەلىك ۋە يازما ئاساسى بار. خەلق ئاھاڭلىرىمىز مېلودىيە جەھەتتىنمۇ يىراق دەۋردىكى ئەجدادلارنىڭ تۇرمۇشىنى مەنبە قىلغان. شۇنىڭ بىلەن بىللە ئەجدادلىرىمىزنىڭ قەدىمكى دىنىي ئېتىقادىدىن قالغان، شۇنداقلا ئوۋ ئوۋلاشتىكى نۇرغۇن ھەرىكەت ھالەتلىرى بىزنىڭ ھازىرقى ئەلنەغمىلىرىمىزگە يانداشتۇرۇلغان ئۇسسۇل ـ ھەرىكەتلەرنىڭ كېلىش مەنبەسى بولغان. دىنىي ئاھاڭلارمۇ خەلق ناخشا ـ مۇزىكا ئاھاڭلىرىنىڭ تەرەققىياتىغا تەسىر كۆرسەتكەن ئامىللارنىڭ بىرىسى بولغان. ئابدۇشۇكۇر مۇھەممەدئىمىن: «ياۋروپانىڭ دىنىي مۇزىكىلىرى ھازىرقى زامان مۇزىكا، سىمفونىيە، ئوپېرالىرىنىڭ ئۇلىنى تۈزگەنىدى. دىنىي مۇزىكىلارمۇ خەلق مۇزىكا كۈيلىرىدىن ئېلىنغان. ئىتالىيەنىڭ مىلان شەھىرىدىكى پوپ سىن. ئەنمۇ پولۇس (340 — 397) خەلق مۇزىكىلىرىدىن خىرىستىيان نەغمىلىرىنى قۇراشتۇردى.»[1] دەپ يازغان. مەتتىمىن ھوشۇر: «بۈگۈنكى تەتقىقات ئۇيغۇرلاردا مۇقام ھادىسىسىنىڭ شەكىللەنگەن ۋاقتىنىڭ ئىككى مىڭ يىلدىن ئىلگىرى ئىكەنلىكىنى كۆرسەتتى. ئۇنىڭ تارىخىي يىلتىزى مىلادىيەدىن ئىلگىرىكى شامان، مانى دىنلىرىنىڭ بايرام پائالىيەتلىرىگىچە تۇتىشىدۇ»[2] دەپ يازغانىدى.

مۇزىكا ئىجادىيىتىنى مەلۇم شەكىل بىلەن خاتىرىلەش تارىختا يېزىق ئىجاد قىلىنىشتىن ئىلگىرىلا مەيدانغا كەلگەن دەپ قارىلىۋاتقاچقا، قەدىمكى كۈي ـ نەغمىلەرنىڭ خاتىرىلىنىش شەكلى مەسىلىسى ئىزچىل تۈردە كىلاسسىك مۇزىكا تەتقىقاتىدىكى قىزىق تېمىلاردىن بىرىسى، تەتقىقاتچىلارنى قىيناۋاتقان گەۋدىلىك مەسىلە بولۇپ كەلگەن. شۇنىڭ ئۈچۈن، بىز غەربىي دىيارنىڭ سۈي ـ تاڭ دەۋرلىرىدە زور شۆھرەتكە ئېرىشكەن كۈيلىرى ھەم باشقا كىلاسسىك كۈيلەرنىڭ نوتا خاتىرىسى ھەققىدە كۆپ ئۇچۇرغا ئىگە ئەمەسمىز. نوتا ئىجاد قىلىنغان دەۋردە ئاساسلىق كۈيلەرنى نوتىغا ئېلىپ خاتىرىلەپ ساقلاپ قېلىشقا مەلۇم جەريان كەتكەن بولسا كېرەك. بۇ ھەقتە ئابدۇشۇكۇر مۇھەممەدئىمىن مۇنداق دېگەن:

---

① ئابدۇشۇكۇر مۇھەممەدئىمىن: «ئۇيغۇر مۇقام خەزىنىسى»، 538 ـ بەت.
② مەتتىمىن ھوشۇر: «ئىلى خەلق ناخشىلىرىنىڭ تارىخى بايانى، 11 ـ بەت.

«تارىخىي مەنبەلەردە كۆسەن نەغمىلىرىنىڭ نوتىلىرى بولغانلىقى، خۇاڭنىڭ ئالدىغا كۆسەن نوتىسىنى قويۇپ داپ چېلىشنى ئۆگەنگەنلىكى، چاڭئەندە ئورۇنلانغان نەغمىلەرنىڭ نوتا ئارقىلىق چاڭجياڭنىڭ جەنۇبىغا ئەۋەتىلگەنلىكى يېزىلغان بولسىمۇ، بۇ نوتىلار ھەققىدە بىرقەدەر تەپسىلىي ماتېرىيالغا ئىگە ئەمەس ئىدۇق. 20 - ئەسىردە ياپونىيەنىڭ كيوتو شەھىرىدىكى ‹كۆن نۇرى مەدەنىيەت خەزىنىسى›دە ساقلانغان ‹بەشتار نوتىلىرى›، بىلەن ياپونىيە ‹رىنچى خاتىرىلىرى›دىكى غەربىي دىيار نوتىلىرى ۋە دۇنخۇاڭ تاشكېمىرلىرىدە ساقلانغان ‹دۇنخۇاڭ قەدىمكى نوتىلىرى›، تېپىلىپ سەنئەت دۇنياسىنى تاڭ قالدۇردى. «دۇنخۇاڭ قەدىمكى نوتىلىرى» ئىبارىسى 1907 - يىلى فىرانسىيەلىك پېللىئوت ئېلىپ كەتكەن، ھازىر پارىژ كۆتۈپخانىسىدا ساقلىنىۋاتقان، تاڭ دەۋرىدە يېزىلغان 25 نەغمە نوتىسىغا قارىتىلغان. بۇ نوتىلار ئىچىدىكى 16 - نەغمە ‹ئاستا ئورۇنلىنىدىغان ئىۋىرغول نەغمىسى›، 24 - نەغمە ‹ئىۋىرغول›، 3 - ۋە 12 - نەغمە ئاھاڭلىرى پەرقلىنىدىغان «مەشرەپ كۈيى» قاتارلىق روشەن غەربىي دىيار مۇزىكىلىرىدىن ئىبارەت. «ئىۋىرغول» ناملىق نەغمىلەر غەربىي دىيار قومۇل رايونىنىڭ ئەنئەنىۋى چوڭ نەغمىلىرىنىڭ پارچىلىرى بولۇپ، ئۇنىڭ ئەينى زاماندا يېزىلغان نوتىسى ئاددىي خاتىرىلەش (نوتىلاش) بولغان. بۇلارنى لىن جەنسەن، يې دۇڭ، خې چاڭلىن، جىن جيەنمىنلار ئوقۇپ چىققان»①.

تەتقىقات نەتىجىسىدە بۇلارنىڭ ئىچىدىكى بىر قىسىم كۈيلەرنىڭ ئومۇمىي ئۇسلۇب جەھەتتە ھازىرقى جەنۇبىي شىنجاڭدىكى خەلق ئاھاڭلىرى ۋە مۇقاملىرىغا يېقىن ياكى بىردەكلىكى ئوتتۇرىغا قويۇلغان. دېمەك، بۇ ئەھۋاللار كۈيلەرنى خاتىرىگە ئېلىشنىڭ ئوتتۇرا ئەسىرلەردە، بەلكى بۇ دەۋرلەردىن سەل بۇرۇنمۇ مەۋجۇتلۇقىنى كۆرسىتىدۇ. فارابىنىڭ تەتقىقاتىدا نوتا خاتىرىسى ئىشلەتكەنلىكى مەلۇم. ئۇ تاۋۇشلار تىزمىسىنى ئەرەب ئېلىپبەسى بىلەن ئىپادىلىگەنىكەن. بۇ فىرانكو (؟ — 1190) نىڭ نوتا ئىجاد قىلىشىدىن ئىلگىرى بولغان، ئەمما «دىۋان»دا بىرەر كۈي نامى ياكى نوتا خاتىرىسى ئۇچرىمايدۇ. ئۇيغۇر كىلاسسىك مۇزىكا - كۈيلىرىمىزنى بۇ جەھەتتە ئېغىر خىرىسقا دۇچ كەلگەن، دەپ قاراشقا بولىدۇ. شۇڭا، دەۋرىمىزگىچە يېتىپ كەلگەن كىلاسسىك نەغمە - كۈيلەردىكى ئۇسسۇل ھالەت ئالاھىدىلىكلىرىگە كۆپرەك مۇراجىئەت قىلىش قەدىمكى كۈيلەرنىڭ مېلودىيەسىنى تەتقىق قىلىشتا مۇھىم ئەھمىيەتكە ئىگە ھەم مۇشۇ ساھەگە كۆپرەك مۇراجىئەت قىلىشقا توغرا كېلىدۇ. مەدەنىيەت ۋە مۇزىكا تارىخى تەتقىقاتچىلىرىنىڭ قارىشىچە، چالغۇلارنىڭ تارىخىنى ئۆگىنىش ئارقىلىقمۇ مۇزىكا تارىخىنىڭ مەلۇم بىر تەرتىپىنى بىلگىلى، شۇنىڭ بىلەن بىللە تارىخىي ھۆججەتلەردىكى خاتىرىلەر، قىياتاش سىزمىلىرىدىكى كۆرۈنۈشلەر، رىۋايەتلەر، كۈي - ئاھاڭلارنىڭ بۈگۈنكى خەلق ئارىسىدىكى ئورۇنلىنىش ۋە داۋاملىشىش ھالىتى، شۇنداقلا قوشنا رايون، مىللەتلەر مۇزىكىلىرىنى سېلىشتۇرۇش ئارقىلىقمۇ بۇ مەقسەتكە يەتكىلى، شۇ قاتاردا يەنە ھازىرقى مەۋجۇت چالغۇلارنىڭ پەدىلىنىش خۇسۇسىيەتلىرىنى تەتقىق قىلىش ئارقىلىق قەدىمكى كۈيلەرنىڭ ئومۇمىي قۇرۇلمىسى ۋە مېلودىيەسىنى قىياس قىلىش مۇمكىن.

دەرۋەقە، بىز كىلاسسىك نەغمە - كۈيلىرىمىز ئىچىدىكى ياكى شۇ كۈيلەرگە يانداشتۇرۇلغان ئۇسسۇللار بولسۇن ياكى مەشرەپ سورۇنلىرىمىزدا ئوينىلىۋاتقان خەلق ئويۇنلىرىمىزدا ئەكس ئەتكۈزۈلگەن ھەرىكەت ئالاھىدىلىكلەر بولسۇن، بۇلارنى ئىنچىكىلىك بىلەن كۆزەتكەندە، شۇ ھەرىكەتلەردىكى رىتىملارنىڭ مەلۇم مەقسەتنى ئەكس ئەتكۈزىدىغانلىقىنى بايقايمىز. مەسىلەن، لوپنۇر ناھىيەسىنىڭ لوپنۇر كەنتىدە «شىر ئۇسسۇلى»دىن ئىبارەت قەدىمىي ئۇسسۇل تۈرى ساقلانغان. لېكىن، بۇ ئۇسسۇلنىڭ قايسى زاماندا پەيدا بولغانلىقى ئېنىق ئەمەس. بۇ ھەقتىكى بەزى تەتقىقاتلاردىن قارىغاندا، لوپنۇردىكى بىر قەدىمىي قەبرىنى قازغاندا جەسەت ساندۇقىغا يېپىلغان ئەديالغا شىرنىڭ يۈز سۈرىتى چۈشۈرۈلگەنىكەن.

① ئابدۇشۈكۈر مۇھەممەد ئىمىن: «ئۇيغۇر مۇقاملىرى خەزىنىسى»، 161 - بەت.

بۇ ئەھۋالدىن شىرنىڭ غەربىي يۇرت ئورمانلىقلىرىدا ياشىغانلىقىنى، شۇڭا شىر ئوبرازىنىڭ قەدىمكى لوپنۇرلۇقلارنىڭ تۇرمۇشىغا سىڭىپ كىرگەنلىكىنى، «شىر ئۇسسۇلى»نىڭ شۇنىڭدىن كەلگەنلىكىنى پەرەز قىلىشقا بولىدۇ.

غەربىي يۇرت «شىر ئۇسسۇلى»غا دائىر مەلۇماتلار ئەڭ ئاۋۋال «يېڭى تاڭنامە. نەغمىلەر تەزكىرىسى»دە خاتىرىلەنگەن. ئۇنىڭدىن كېيىنكى نەچچە مىڭ يىل مابەينىدە غەربىي رايوندا «شىر ئۇسسۇلى»غا دائىر ھېچقانداق يازما مەلۇمات خاتىرىلەنمىگەن. ئەمما، لوپنۇردىكى بەزى خەلق سەنئەتكارلىرى بۇ ئۇسسۇلغا ئەۋلادمۇ ئەۋلاد ۋارىسلىق قىلىپ كەلگەن. «غاز ئويۇنى»مۇ خۇددى مۇشۇلارغا ئوخشاش قەدىمىي ئويۇن تۇرى. «غاز ئويۇنى» جەنۇبىي شىنجاڭنىڭ بىر قىسىم رايونلىرى ھەم ئىلى ۋادىسىنىڭ قاش يېزىسىدا مەشرەپلەردە ھېلىمۇ ئوينىلىدۇ. «دىۋان»دا بۇ ئويۇن ھەققىدە ئۇچۇر بېرىلگەن ھەمدە ئافراسىياپ زامانى (تەخمىنەن مىلادىيەدىن بۇرۇنقى 6 — 7 ـ ئەسىرلەر)غا باغلىغان. مەسىلەن، «قاز: قاز ئافراسىياپنىڭ قىزىنىڭ ئىسمى بولۇپ، ‹قەزۋىن› شەھىرىنى ئۇ بىنا قىلغان. بۇ سۆزنىڭ ئەسلىيسى ‹قاز ئويۇنى›دۇر، چۈنكى ئۇ قىز شۇ يەردە تۇراتتى ۋە ئويناتتى»[1].

غۇلجىنىڭ قاش يېزىسىدا ئوينىلىۋاتقان «غاز ئويۇنى»دا غاز سىرلىق غايىۋى كۈچكە سىمۋول قىلىنغان، قىزىقارلىق ۋەقەلىك ئۈستىگە قۇراشتۇرۇلغان، كومېدىيەلىك خاراكتېرگە ئىگە تېپىشماقلىق ئويۇن. بۇ ئويۇندا قازىبەگ، پاششاپبېگى، يىگىتبېشى ۋە ئوتتۇز ئوغۇل قاتناشقان مەشرەپ سورۇنىغا ياشانغان بىر كىشى غاز (غازنىڭ تەقلىدىي ھەيكىلى)نى يېتىلەپ كىرىدۇ ھەمدە غازنى ۋاسىتە قىلىپ يىگىتبېشىنىڭ رۇخسىتى بىلەن مەشرەپ سورۇنىدىكى ئوتتۇز ئوغۇلدىن سوئال سورايدۇ. سورۇندىكى ئوتتۇز ئوغۇل سورالغان سوئالغا جاۋاب بېرەلمەيدۇ. غاز ئۇلارنى چوقۇشقا باشلايدۇ. غاز باققۇچى غازنى ئەگەشتۈرۈپ، مەشرەپ سورۇنىنى ئايلىنىدۇ. ئۇ قەيەردە توختاپ، ھاسىسىنى يەرگە قانچە قېتىم ئۇرسا، غاز ئۇدۇلدىكى ئادەمنى شۇنچە قېتىم چوقۇيدۇ. غاز باققۇچى يەنە بىر ئادەمنىڭ ئالدىغا كېلىپ، ھاسىسىنى يەرگە قاتتىق ئۇرىدۇ. غاز ئۇ ئادەمنى قاتتىق چوقۇلايدۇ. بۇ ئادەم ئاغرىققا چىدىماي، غازنىڭ بوينىنى قايرىۋېتىدۇ. بۇنىڭ بىلەن غاز باققۇچى پاششاپبېگىگە ئەرز ئېيتىدۇ. پاششاپبېگى ئۇنىڭ ئەرزىنى قازىبەگكە يەتكۈزىدۇ. قازىبەگ ھېلىقى ئادەمنى ئالدىغا چاقىرتىدۇ ۋە غاز باققۇچىنىڭ: «غېرىبىم ئۇزاق يەردىن كەلدى، قورسىقى ئاچ، شۇڭا مۇنۇ كىشىنىڭ دۈمبىسىدە دانلاتساممىكىن؟» دېگەن تەلىپى بويىچە غازنىڭ بوينىنى قايرىۋەتكۈچىنىڭ دۈمبىسىنى ئاچتۇرۇپ «غازغا قوناق چوقۇلىتىدۇ». سوئاللار يەنە تەكرارلىنىدۇ. مۇشۇ ئارىدا ئوتتۇز ئوغۇلدىن بىرەيلەن سوئالغا جاۋاب بېرىدۇ. سوئالغا توغرا جاۋاب بېرىلگەندىن كېيىن، غاز باققۇچى غېرىبىنى يېتىلەپ سورۇندىن چىقىپ كېتىدۇ، شۇنىڭ بىلەن غاز ئويۇنى تۈگەيدۇ.

دېمەك، مەيلى «شىر ئۇسسۇلى» بولسۇن ياكى «غاز ئويۇنى» بولسۇن، بۇلاردا ئاشۇ خىل ھايۋانلارنىڭ ھەرىكىتى، ئىنسانلار بىلەن ھايۋانلار ئوتتۇرىسىدىكى مۇناسىۋەت مەلۇم سەنئەتكار تەرىپىدىن دوراش ئاساسىدا ئىلمىيلاشتۇرۇلۇپ، مەزمۇنلۇق نەپىس ئۇسسۇل ياكى قىزىقارلىق ئويۇن شەكلىگە كەلتۈرۈلگەن.

ئۇسسۇل تارىخىنى تەتقىق قىلغۇچىلارنىڭ تەھقىقلىشىغا قارىغاندىمۇ، بۈگۈنكى ئۇيغۇر ئۇسسۇللىرىدا ئىپتىدائىي ئۇسسۇللارنىڭ تەسىرى ساقلانغان بولۇپ، بۇلاردىن «پېرە ئۇسسۇلى»، «ئوت ئۇسسۇلى»، «نازىركوم ئۇسسۇلى»، «شىر ئۇسسۇلى»، «تۆگە ئۇسسۇلى»، «غاز ئۇسسۇلى»، «كەپتەر ئۇسسۇلى»، «ئۆچكە ئۇسسۇلى»، «ئات ئۇسسۇلى»، «يولۋاس ئۇسسۇلى» قاتارلىقلارنى مىسال ئورنىدا تىلغا ئېلىشقا بولىدىكەن. شۇڭا، بىز دەۋرىمىزدە ئوينىلىۋاتقان بۇ تۈردىكى ئۇسسۇللارنى قەدىمكى ئوۋ ھەرىكىتى، جەڭ ماھارىتى، ئەمگەك، مەلۇم جانلىقنىڭ ھەرىكىتى، باخشىلىق ھەرىكىتى قاتارلىقلارنىڭ تەقلىدىي، ئوبرازلىق نامايان

[1] مەھمۇد كاشغەرىي: «تۈركىي تىللار دىۋانى»، 3 ـ توم 204 ـ بەت.

قىلىنىشى، دەيمىز. بۇنداق دوراش تۇسىدىكى ئۇسسۇل ھەرىكەتلىرى بىزنىڭ مۇقاملىرىمىزغا ياندىشىپ ئوينالغان ئۇسسۇللاردىمۇ كۆپ ئەكس ئېتىدۇ. لېكىن، مۇقاملىرىمىزغا ياندىشىپ ئوينالغان ئۇسسۇللىرىمىز مۇتلەق مۇشۇ دائىرە بىلەن چەكلىنىپ قالمايدۇ. بەزى ئۇسسۇللاردا ئادەمنىڭ ئىچكى ھېسسىياتى، ئارزۇ ـ تىلەكلىرى باشقىچە ھەرىكەت شەكلىدە ئۇسسۇل بىلەن ئىپادىلىنىپ مۇقام كۈيلىرىگە جانلىق شەكىل بېرىدۇ. شۇنىڭ ئۈچۈن، ئەينى زامان سەنئەت مۇنبەرلىرىدە ئوينالغان نەغمىلەر، ئىشلىتىلگەن چالغۇلار، ئۇسسۇللار تەسۋىرى مىڭ يىلدىن ئارتۇق ۋاقىتتىن بېرى كۈي يۈزلىنىشى نەسەبىنى تارتقان. بۇ خۇددى غۇنچانىڭ قالۇن ھالىتىگە، بەربابنىڭ تەمبۇر ھالىتىگە، باشتارنىڭ راۋاب ھالىتىگە كەلگىنىدەك جەريان. «داپ ئۇسسۇلى»، «رومال ئۇسسۇلى»، «شادىيانە نەغمە ئۇسسۇلى»، «چىراغ ئۇسسۇلى»، «قوڭغۇراق ئۇسسۇلى»، «توخۇ ئۇسسۇلى» (نازىركوم)، «پىرقىرىما ۋە تاقلىما ئۇسسۇل»، «بۈركۈت ئۇسسۇلى» قاتارلىقلار قەدىمىي ئالاھىدىلىكلىرىنى ساقلىدى. شۇنىڭ بىلەن بىللە مىڭئۆي تام رەسىملىرىدىكى ئۇسسۇل كۆرۈنۈشلىرى، ئۇسسۇلچىلارنىڭ كىيىنىش ھالەتلىرىنىڭ تەسۋىرلىرى، تاڭ شائىرلىرى تەسۋىرلىگەن غەربىي دىيار ئۇسسۇللىرىنى ئوينىغاندىكى سەنئەتكارلارنىڭ كىيىنىش ئادەتلىرى، نازۇك ۋە سۇمباتلىق ھەرىكەتلەرنى ھازىرقى تەققاس ئۇسسۇللىرىمىزدىن ھېس قىلالايمىز.

ئۇسسۇل سەنئىتىدە گەرچە ھەرىكەت ئاساسىي ئورۇندا تۇرسىمۇ، ئەمما ياندىشىپ ئورۇندا تەڭكەش قىلىنغان مۇزىكا ئۇسسۇل ھەرىكىتىنى يېتەكلەيدۇ. تەكلىماكان قۇملۇقى ئەتراپىدىكى مەكىت، مارالبېشى، يەكەن، چەرچەن، چارقىلىق، نىيە، كېرىيە قاتارلىق ناھىيەلەردە دولان ئەلنەغمىلىرى ئاساسىدىكى «دولان ئۇسسۇلى» (دولان ئۇسسۇلىنىڭ ئومۇمىي شەكلى ئوۋ مەنزىرىسى ۋە ئەمگەكنى ئىپادىلەيدۇ)، «تۆگە ئۇسسۇلى»، «ئات ئويۇنى»، «پوتا ئويۇنى» دېگەندەك قەدىمىي ئۇسسۇل ۋە ئويۇنلارمۇ ئوينالماقتا. بۇ ئويۇنلار دولان مۇقامى ياكى دولان مەشرەپىدىكى كومېدىيەلىك ياكى قىزىقارلىق تۈس ئالغان ھەرىكەتلىك ئويۇندىن ئىبارەت. دولان مەشرەپى دولان مۇقام سەنئىتىنىڭ مۇھىم قىسمى. «سىۋېن ھېدىن 1899 ـ يىلى 9 ـ ئاينىڭ 16 ـ كۈنى يەكەن دەرياسى ئارقىلىق تارىمغا، تارىم ئارقىلىق لوپنۇرغا بېرىش يولىدا، كەچقۇرۇن دەريا بويىدا ئوينالغان دولان مەشرەپىنى كۆرگەن. ئۇ «مەركىزىي ئاسىيادىكى ساياھەت خاتىرىسى، ناملىق ئەسىرىدە بۇ ھەقتە توختالغان. ئۇ گۈلخان شولىسىنىڭ سۇ يۈزىنى قىزارتقانلىقىنى، گۈلخان چۆرىدەپ، ئۇزۇن چاچلىرىغا ئاق رومال ئارتقان ئاياللارنىڭ ئەرلەر بىلەن سالماق ئۇسسۇل ئوينىغانلىقىنى يېزىپ قالدۇرغان»[①]. «ھىرودىت ماسساگېتلار ھەققىدە توختالغاندا، ئۇلارنىڭ گۈلخان يېقىپ ئوتنى چۆرىدەپ ئولتۇرۇپ ئوتقا مېۋە تاشلاپ، مېۋە پۇراقلىرىدىن مەست بولۇپ، ناخشا ئوقۇپ، ئۇسسۇل ئوينايدىغانلىقىنى يازغان»[②]. ماسساگېتلار ساكلارنى كۆرسىتىدىغان بولۇپ، ئۇيغۇرلارنىڭ يىراق ئەجدادى. ئۇلاردىكى گۈلخان يېقىپ، ئوتقا مېۋە تاشلاپ، خۇش پۇراقلاردىن مەست بولۇشۇپ ئۇسسۇل ئوينايدىغان ئادەتكە تەققاس ھالدا بىزدە ھازىر تويى بولۇۋاتقان يىگىت ـ قىزنى ئىشىك ئالدىدا ئوتتىن ئاتلىتىش، قىش كۈنلىرى ئۆيلەردە مەشنىڭ ئۈستىگە مېۋە قاقلىرىنى تاشلاپ ئۆي ئىچىنى خۇش پۇراق ھىدلارغا تولدۇرىدىغان بەزى ئادەتلەر ھېلىھەم ساقلانغان. ئوتتىن ئاتلىتىش ۋە ئىسرىق سېلىش ئېنىقكى ئاتەشپەرەسلىكنىڭ قالدۇقى. بۇ ئەھۋال سىۋېن ھېدىننىڭ يۇقىرىقى خاتىرىسىدىكى ئەھۋال بىلەنمۇ قىسمەن ئوخشاپ كېتىدۇ. دېمەك، مۇشۇ تۈردىكى قەدىمىي ئويۇنلارمۇ دەۋرىمىزگىچە يېتىپ كەلگەن بولۇپ، بۇنداق ئويۇنلارنىڭ مەشرەپلەردە ھازىرمۇ ئوينىلىشى، بولۇپمۇ كىلاسسىك مۇزىكا ـ كۈيلىرىمىزنىڭ ئاشۇ ئۇسسۇللارغا تەڭكەش قىلىنىپ ھازىرغىچە يېتىپ كېلىشى كىلاسسىك ئاھاڭلىرىمىزنىڭ تارىخىي

① ئابدۇشۈكۈر مۇھەممەدئىمىن: «ئۇيغۇر مۇقام خەزىنىسى» 265 ـ بەت.
② ئەسەت سۇلايمان: «ئىران بىلەن تۇراننىڭ دىيالوگى»، «شىنجاڭ مەدەنىيىتى ژۇرنىلى» 1998 ـ يىللىق 1 ـ سانىدىن.

يىلتىزىنى يىراق قەدىمكى كۆي شەكىللىرىگە تەققاس قىلىشنىڭ مۇمكىنلىكىنى بىلدۈرىدۇ، شۇنداقلا مېلودىيە جەھەتتىكى ئانا مەنبەنى مۇشۇنداق تەققاسلىق ئىچىدە تەتقىق قىلىش زۆرۈرلۈكىنى ھېس قىلدۇرىدۇ.

ئاھاڭغا سېلىنغان تېكىستلەر مۇقام ھادىسىسىنى تەتقىق قىلىشتىكى يەنە بىر مۇھىم نۇقتا. كىلاسسىكلارنىڭ شېئىرلىرى ئۇيغۇر كىلاسسىك مۇزىكىلىرىغا ئاساسەن تاللىۋېلىنغان. كۆيلەرگە «ئالتۇن ئۈزۈككە ياقۇت كۆز»دەك ياراشقان تېكىستلەردىكى سۆز ـ جۈملىلەرنىڭ تۇراق ـ رىتىملىرى، سۆز ـ بوغۇملار مەلۇم جەھەتتە كۆينى يېتەكلەش، ئاۋاز رىتىمىنى تېخىمۇ جانلىقلاشتۇرۇش، مۇزىكىنىڭ مېلودىيە قانۇنىيىتىنى تەڭشەش، ئۇسسۇل ھەرىكەت شەكىللىرىنى نىشانلاپ بېرىش رولىنىمۇ ئوينايتتى. خەلق ئاھاڭلىرى ياكى كىلاسسىك مۇزىكىلارغا سېلىنغان كىلاسسىك شېئىر ـ مىسرالار مەزمۇن جەھەتتىن تولىراق قىسسە، ئەپسانە ـ رىۋايەت، جەڭنامىلەر، خەلق داستانلىرى، ئەجدادلارنىڭ كىشىلىك ۋە ئېستېتىك دۇنيا قاراشلىرى، مۇھەببەت لىرىكىلىرى ئاساس قىلىنغان نەزم ـ قوشاقلارنى ئۆز ئىچىگە ئالغان. مۇقاملارغا سېلىنغان خەلق داستانلىرى، بىر قىسىم قوشاقلارمۇ ئون ئىككى مۇقام شەكىللىنىشتىن بۇرۇنلا خەلق ئىچىدە مەدداھلىق ئەدەبىياتىنىڭ مۇھىم مەزمۇنى سۈپىتىدە مۇزىكىلىق ھالدا ئېيتىلىپ يۈرگەن. خەلق ئاھاڭلىرى ۋە كىلاسسىك مۇزىكىلار رەسمىي مۇقام بولۇپ شەكىللىنىشكە باشلىغاندىن كېيىن، مۇشۇ خىلدىكى تېكىستلەر ئوخشاشلا مۇقاملىرىمىزنىڭ تېكىستىنى تەشكىل قىلىۋەرگەن ھەم تېخىمۇ بېيىتىلگەن. ئۇيغۇر كىلاسسىك مۇزىكىلىرى ياكى ئون ئىككى مۇقامغا كۆپىنچە ئەلىشىر نەۋايى (1441 — 1501) نىڭ گۈزەل شېئىر مىسرالىرى سېلىنغان. بۇلا ئەمەس، خەلق داستانلىرىمىزدىن «ئوغۇزنامە»، «ئافراسىياپ»، «ئالپامىش»، «دەدە قورقۇت»، «تاھىر ـ زۆھرە»، «يۈسۈپ ـ زۇلەيخا»، «غېرىب ـ سەنەم»، «لەيلى ـ مەجنۇن» قاتارلىق داستانلارمۇ مۇقاملىرىمىزنىڭ «داستان»، «مەرغۇل» ۋە «مەشرەپ» يۈرۈشى بويىچە تولۇق ئورۇنلىنىشىنى قىزىقارلىق ۋەقەلىك بىلەن تەمىن ئەتكەنىدى. مۇنداقچە ئېيتقاندا، ئون ئىككى مۇقام ئىچىگە خەلق ئاھاڭلىرى ۋە خەلق داستانلىرىنىڭ ئاساسلىق ناخشا ـ ئاھاڭلىرى، ئېسىل نەمۇنىلىرى سىڭدۈرۈلگەن. مەسىلەن، راك، مۇشاۋرەك، چارىگاھ، ئۆزھال، ئۇششاق، بايات ۋە ناۋا مۇقاملىرىغا «غېرىب ـ سەنەم» داستانىدىن بەزى ناخشا ـ ئاھاڭلار تاللاپ ئېلىنغانغا ئوخشاش.

كىلاسسىك ئاھاڭ ـ كۆيلىرىمىز مول مەزمۇنلۇق تېكىستلىرى بىلەن يەنە خەلق ئېغىز ئەدەبىياتىمىزدىكى مول مەزمۇنلارنى باشقىچە شەكىل ـ ئۇسلۇبتا خەلقىمىزگە مۇۋەپپەقىيەتلىك يەتكۈزۈپ كەلگەنىدى. باشقىچە ئېيتقاندا، مۇقاملىرىمىزنىڭ يۈرۈشلۈك خاراكتېر ئېلىشى ئۇنىڭ مەزمۇن جەھەتتىن بىر ـ بىرىگە ئۇلىشىپ دېگۈدەك كېلىدىغان كۆيلەر ھەم مەلۇم بىر تېمىدىكى تېكىست مەزمۇنلىرىنىڭ داستانسىمان مەزمۇنلاردىن تەركىب تاپقانلىقىدا ئىدى. داستانسىمان مەزمۇنلار يەنە نۇرغۇن ماس مەزمۇنلار (كۆي نامى بىلەن ئاتىلغاندا ئاھاڭ ئۆزگىرىشى ئىچىدىكى تارماق مەزمۇنلار)غىمۇ ئايرىلاتتى. بۇ ھال خالىغان بىر تۈردىكى مۇقامنىڭ نەچچە ئاھاڭنى ئورۇنلىغاندا ئاندىن تولۇق تاماملىنىدىغانلىقىنى بەلگىلىگەن. بۇنى «قوشۇمچە — 3: ئۇيغۇر ئون ئىككى مۇقام تامىلىرى مۇندەرىجىسى»نىڭ «ئاھاڭ تۈرى»دىن كۆرۈۋېلىشقا بولىدۇ.

ئون ئىككى مۇقام ئاھاڭلىرىنىڭ مەيدانغا كېلىشىدە كىلاسسىك مۇزىكىلار ۋە خەلق ناخشىلىرىغا تايىنىلغان بولسا، مۇقاملارمۇ خەلق ناخشىلىرىنىڭ تەرەققىياتىنى ئىلگىرى سۈرۈش رولىنى ئوينىغان ھەم يېڭى ـ يېڭى خەلق ناخشىلىرىنىڭ شاخ چىقىرىپ خەلق ئىچىدە يىلتىز تارتىشىغا سەۋەبچى بولغان. مەسىلەن، مەلۇم بولۇشىچە، «تەڭرىتاغدا باھار» (1964 ـ يىلى ئىشلەنگەن) ناملىق چوڭ تىپتىكى ناخشا ـ

ئۇسسۇلنىڭ ئاھاڭى ئۇششاق مۇقامىنىڭ چوڭ نەغمىسىدىن، «مىزانگۇل» دېگەن خەلق ناخشىسىنىڭ ئاھاڭى ئىراق مۇقامىدىن ئۆزگەرتىپ ئېلىنغان؛ «ئەرزىم»، «دادەي» ناخشىلىرىنىڭ ئاھاڭى سىگاھ مۇقامىنىڭ مەشرەپ قىسمىدىن ئۆزگەرتىپ ئېلىنغان؛ كۇچا خەلق ناخشىلىرىدىن «ئويناڭ، دەردى بار بالىلا» ناخشىسىنىڭ ئاھاڭى پەنجىگاھ مۇقامىدىن ئۆزگەرتىپ ئىشلەنگەن؛ ئىلى خەلقى ئىچىدە ئومۇملاشقان «ئۆستەڭ ناخشىسى»نىڭ ئاھاڭى چەبىيات مۇقامىنىڭ داستان قىسمىدىن، «سېپىل ناخشىسى»نىڭ ئاھاڭى ئۇششاق مۇقامىنىڭ داستان نەغمىلىرىدىن، «كۆچ - كۆچ ناخشىسى»نىڭ ئاھاڭى ئۆزھال مۇقامىدىن ئېلىنغان ياكى شۇ ئاساستا ئۆزگەرتىپ ئىشلەنگەن، «هاي - هاي ئۆلەن» قومۇل خەلق مۇقاملىرىدىكى «ئۇلۇغدۇر نەغمىسى» بولۇپ، ئاھاڭىمۇ شۇ نەغمىنىڭ كۈي - ئاھاڭىدىن ئۇچۇر بېرىدۇ.

ھازىرمۇ توي مەرىكىلەردە ئارىلاپ ئورۇنلىنىدىغان «هاي - هاي ئۆلەن» ناخشىسى قومۇل خەلق مۇقاملىرىدىكى «ئۇلۇغدۇر نەغمىسى» بولۇپ، ئەڭ قەدىمىي شەكىلدە دەۋرىمىزگىچە يېتىپ كەلگەن. «دىۋان»دا «مۇندۇرى» دېگەن سۆزلەم تىلغا ئېلىنغان، ئۇنىڭغا «كۈيۈ ئوغول بىلەن كېلىننىڭ باشلىرىدىن چاچقۇ چېچىلىدىغان كىچىك بەزمە»① دەپ ئىزاھات بېرىلگەن. بۇنىڭدىن «چاچقۇ چېچىلىدىغان كىچىك بەزمە»دىن «هاي - هاي ئۆلەن» نەغمىسىنىڭ سىيماسىنى كۆرگەندەك بولىمىز. «هاي - هاي ئۆلەن» يەنە «هاي - هاي ئۆلەن مۇقامى»مۇ دېيىلىدىغان بولۇپ، ئۇنىڭ يەنە بىر نامى «ئۇلۇغدۇر مۇقامى» ياكى «ئۇلۇغدۇر نەغمىسى»دۇر. ئابدۇشۈكۈر مۇھەممەدئىمىن بۇ ھەقتە «فارابىدىن ئىلگىرى كۇچا، قومۇل رايونلىرىدا 'ماقادۇر' مۇقامى بولغان. بۇ مۇقامنى مىلادىيەدىن ئىلگىرىكى 2 - ئەسىردە غەربىي دىيارغا كەلگەن جاڭ چيەن ئىچكىرى ئۆلكىلەرگىمۇ تونۇشتۇرغان» دەپ تىلغا ئېلىش بىلەن بىللە بۇ نەغمىنىڭ دەۋرىنى مىلادىيەنىڭ ئالدىغىچە سۈرگەن. بىز بۇ يەردە «مۇقدۇر»، «ماقادۇر» ناملىرىنىڭ دىۋاندىكى «مۇندۇرى» دېگەن سۆزلەم بىلەن يېقىن تەلەپپۇزدا ئىكەنلىكىنىمۇ كۆرىمىز. دېمەك، «دىۋان»دا تىلغا ئېلىنغان «مۇندۇرى» نامىدىكى كىچىك بەزمە دەل مۇقدۇر نەغمىسىنى، يەنى ھازىرقى «هاي - هاي ئۆلەن» نەغمىسىنى كۆرسىتىش ئېھتىماللىقى بار. «هاي - هاي ئۆلەن، هاي ئۆلەن» ناخشىلىرى ئىلى، قومۇل قاتارلىق رايونلاردا كېلىن كۆچۈرۈشتە ئۇسسۇل پەدىسى بولۇپ كېلىدۇ. ئۇنىڭدا:

ۋاي - ۋاي ئۆلەن، ۋاي ئۆلەن،
يار قايدىدۇر، يار - يار.
بىر ياخشىغا بىر يامان
ھەر جايدىدۇر يار - يارا!

دېگەن مىسرالار بار. بىز يەنە 15 - ئەسىردە ياشىغان ئەلىشىر نەۋايىنىڭ «سەددى ئىسكەندەر» ناملىق داستانىدىمۇ «هاي - هاي ئۆلەن» ئۇسسۇل مۇزىكىسىنىڭ ئىسكەندەرنىڭ تويىدا ئورۇنلانغانلىقى ھەققىدە رىۋايەتلىك ئۇچۇرغا ئىگە بولىمىز:

مۇغەننى تۈزۈپ چاڭ ۋەزنىندە چاڭ،
ناۋا چەكتى: 'ھەي - ھەي ئۆلەن، جان ئۆلەن'.
دېسەڭ، سېكىن جان قارداشىم يار - يار،
مەن ئايتايكى، مۇغلۇق باشىم، يار - يار.

① مەھمۇد كاشغەرىي: «تۈركىي تىللار دىۋانى»، 1 - توم 641 - بەت.

بۇنىڭدىن بىز ئۆلەننىڭ ناھايىتى ئۇزۇن زامانلار ئىلگىرىلا خەلقىمىز ئارىسىدا ئېيتىلىپ كېلىنگەنلىكىنى، بەلكى مىلادىيەدىن بۇرۇنقى 4 ـ ئەسىرلەرگە بېرىپ تاقىلىدىغان نەغمە ئىكەنلىكىنى ھېس قىلىمىز. ئۆلەن ئۇسسۇل مۇزىكىسىغا داپ تەڭكەش قىلىنىدۇ، داپ بولسا قەدىمكى چالغۇ ئەسۋابى. دېمەك، «ھاي ـ ھاي ئۆلەن» ئۇسسۇل مۇزىكىسىدىكى تېكىست ۋەزنى ھەم تەڭكەش قىلىنىدىغان چالغۇنىڭ داپ بولۇشىدىنلا بۇ ئۇسسۇل مۇزىكىسىنىڭ كۈي شەكلىنى چۈشىنىمىز. بۇ مەلۇم جەھەتتىن بىزنىڭ «ھاي ـ ھاي ئۆلەن» ئۇسسۇل مۇزىكىسىغا ئۇنىڭ قەدىمكى كۈي شەكلى بويىچە ۋارىسلىق قىلغانلىقىمىزنى دەلىللەيدۇ.

«ھاي ـ ھاي ئۆلەن» نەغمىسى يەنە بىر نۇقتىدىن بىزنىڭ كىلاسسىك مۇزىكىلارنىڭ ئورۇنلىنىش سورۇنى جەھەتتىكى ئالاھىدىلىكلەرنى تەتقىق قىلىشتا پايدىلانما بولىدىغان نەغمىلەرنىڭ بىرسى. مۇقام دەرىجىسىدىكى بۇ نەغمە ئاساسەن ئۇچۇق مۇھىتتا، شاد ـ خۇرام توي مۇراسىملىرىمىزدا ئورۇنلىنىپ كېلىنگەن. ئالدىنقى ئەسىرنىڭ 80 ـ يىللىرىغىچە غۇلجىنىڭ يېزا ـ قىشلاقلىرىدا تويلارنىڭ بەخت كۈيى بولۇپ كەلگەن بۇ نەغمە ئاساسەن تويلىشىۋاتقان قۇدىلارنىڭ ئىشىك ئالدىدا، كوچا دوقمۇشىدا، يىگىتنى نىكاھقا ئېلىپ ماڭاردا، قىز ـ يىگىتنى ھۇجرىسىغا ئېلىپ كىرىدىغاندا ئۆرە تۇرۇپ ئورۇنلانغان. «ھاي ـ ھاي ئۆلەن»نىڭ بۇنداق سورۇنلاردىكى ئىجراسى گەرچە ئاددىيراق بولسىمۇ، ئەمما مەلۇم دەرىجىدە مەشرەپ ياكى نەغمە تۈسىنىمۇ ئالغان. شۇڭا، مۇزىكا ـ كۈيلىرىمىزنىڭ ئورۇنلىنىش سورۇنلىرى، ئەلنەغمە پائالىيەتلىرىنىڭ مەزمۇنى ۋە شەكلى بويىچە خەلقىمىزدە تۆرلۈك مەشرەپ ئاتالغۇلىرى مەيدانغا كەلگەندى. مەشرەپ سورۇنىدىكى ئويۇن تۈرلىرىمۇ كۆپىنچە «غاز ئويۇنى»، «شىر ئويۇنى»، «جانبۇرگەم نەغمىسى» (ئىلى ۋادىسىدا مۇشۇ نامدا ئورۇنلىنىدىغان نەغمە تۈرى بار)، «تۆگە ئۇسسۇلى» دېگەندەك قەدىمىرەك تۈسنى ئالغان ئويۇن تۈرلىرى بولاتتى، ھەرخىل قىزىقچىلىق ۋە ھەزىل ـ چاقچاقلارمۇ (بۇ ئىلى مەشرىپىدىكى بىر ئالاھىدىلىك) بولاتتى، بېيىت ـ قوشاقلار (ئاساسەن «چۈنچۈن سالۋات» تۈرىدىكى بېيىتلار) ئوقۇلاتتى، ئۇسسۇل ـ سامالار ئورۇنلىناتتى. شۇنداقتىمۇ، بۇنداق مەشرەپلەر ئەلنەغمە كۈيلىرى بىلەن تېخىمۇ رەڭگە كىرەتتى. شۇڭا، مەشرەپنى يەنە بىر جەھەتتىن «مۇقام ئىجرا سورۇنى» دەپ ئېيتىشقىمۇ بولىدۇ. مانا مۇشۇ تۈردىكى «مەشرەپ»نىڭ بىر تۈرى بولغان باغ مەشرىپىنى ئالايلى، باغ مەشرىپى ئۇيغۇر مەشرىپىنىڭ مۇھىم تەركىبىي قىسمى، شۇنداقلا ئىلى ئۇيغۇر مەشرىپىنىڭ مۇھىم مەزمۇنلىرىدىن بىرسى. ئىلىدا بۇ مەشرەپ ئۆزگىچە تۈستە باھار بىلەن تەڭ باشلىنىپ غۇلجىنىڭ كىشىنى تولىمۇ جەلپ قىلىدىغان باغۇ بوستانلىرىدا، تەبىئەتنىڭ سېخىي پەسلىدىكى كەڭ سەينالىرىدا ئەۋجىگە چىقىدۇ. باغ مەشرىپىدە تۆرلۈك ئەلنەغمە، كۈيلەر، قىزىقچىلىقلار بولىدۇ.

مەھمۇد كاشغەرىي «دىۋان»دا: «يىگىتلەرىگ ئىشلەتۇ، يىغاچ يەمىش ئىرغاتۇ، قۇلان كەيىك ئاۋلاتۇ، بەزرەم قىلىپ ئاۋنالىم.»① (يىگىتلەرنى ئىشقا سېلىپ، مېۋىلىك دەرەخلەرنى ئىرغىتىپ، ياۋايى ھايۋانلارنى ئوۋلىتىپ، بايرام قىلىپ كۆڭۈل ئاچايلى)، «ئۇۋرىق باشى قازلايۇ، ساغراق تولۇ كۆزلەيۇ، ساكىنچ كۆزى كىزلەيۇ، تۈن كۈن بىلە سەۋنەلىم.»② (ئۇۋرىقنىڭ بېشى خۇددى غاز بويىنىدەك تىك تۇرماقتا، پىيالىلەر خۇددى كۆز چانىقىدەك مەيگە تولدى. قايغۇ ـ ھەسرەتنى چۆرۈۋېتىپ، كېچە ـ كۈندۈز كۆڭۈل ئاچايلى) ۋە «كۆگ: ھەر يىلى شەھەر خەلقلىرى ئارىسىدا ئېيتىلىدىغان ھەزىل، قىزىقچىلىق، كۈلكە»③ دەپ يازغان. بۇ قوشاقلاردا تەسۋىرلەنگىنى باغ سەيلىسى، بەلكى باغ مەشرىپى، غۇلجا باغ مەشرىپىگە ئوخشاش مەش ـ

① مەھمۇد كاشغەرىي: «تۈركىي تىللار دىۋانى»، 1 ـ توم 348 ـ بەت.
② مەھمۇد كاشغەرىي: «تۈركىي تىللار دىۋانى»، 1 ـ توم 135 ـ بەت.
③ مەھمۇد كاشغەرىي: «تۈركىي تىللار دىۋانى»، 3 ـ توم 180 ـ بەت.

رەپلىرىمىزنىڭ ئەڭ قەدىمكى تەسۋىرىدۇر.

دېمەك، نەغمە ـ ناۋا بولىدىغان سورۇنلار قەدىمكى زامانلاردا دالا، ئوۋ ۋە جەڭ مەيدانلىرى، قەبرە باشلىرى (پىرچەڭگى رىۋايىتىگە ئاساسەن)، قەبىلىلەر يىغىلىشى ۋە دىنىي مۇراسىم مەيدانلىرى، ئۇنىڭدىن كېيىن خان ـ بەگلەرنىڭ ئوردا ـ قەسىر، توي ـ مەرىكە سورۇنلىرى، نورۇز سورۇنلىرى ھەم باغ ـ سەينالار بولغان. ئۇنىڭ ھۇزۇرلانغۇچى تاماشىبىنلىرىمۇ كۆپىنچە يۇقىرى تەبىقە كىشىلىرى بولغان. كېيىنچە بۇ سەنئەت تۈرىنىڭ جارى ئېتىلىش سورۇنى ئوردا ـ قەسىردىن يەنە ئاۋامنىڭ ئايۋان ـ سارايلىرىدا، ئاممىۋى يىغىلىش، بايرام ۋە تەربىيە سورۇنلىرىدا، باغۇ بوستان، كەڭرى دالالاردا ئوينالغان. ئىلى مەشرەپلىرىنىڭ يېقىنقى دەۋرلەردىكى ئوينىلىش سورۇنلىرىنى مىسالغا ئالساق، ياز ئايلىرىدا ئىلى مەشرىپى گەرچە باغدا ئوينالسىمۇ، ئەمما قىش كۈنلىرى مەھەللە ـ مەھەللىلەر بويىچە كىشىلەرنىڭ ئاددىي تۇرالغۇلىرىدا ئوينالغان. شۇڭا، بۇ خىل شەكىلدىكى كۆڭۈل ئېچىش پائالىيەتلىرىنى خەلقىمىز يەرلىك تىلدا «قاتار چاي»، «قارلىق»، «مەشرەپ» دەپ تۈرلۈك ناملاردا ئاتاپ كەلگەندى. نەغمە ـ ناۋا كۈيلىرىنىڭ خاس سەھنىگە ئېلىپ چىقىلىشى يېقىنقى دەۋردىكى ئىش. رايونىمىزدا نەغمە ـ ناۋالارنىڭ سەھنىگە ئېلىپ چىقىلىشى بەلكىم 1934 ـ يىلىدىن باشلانسا كېرەك. مەلۇم بولۇشىچە، 1934 ـ يىلى غۇلجىدىكى سانائى نەفىسە (سەنئەت ئۆمەك) تەييارلىغان ئويۇنلار دەسلەپ ۋاڭ قادىرنىڭ بېغى (ھازىرقى غۇلجا خەلق باغچىسى)، ھۈسەينىيە مەكتىپى، شەنگەنباغ (كېيىنكى ئىشچىلار كۇلۇبى)، گۈلشەنباغ (ھازىرقى 14 ـ ئوتتۇرا مەكتەپ يېنى)، ئايدۆڭ مەكتەپ، خانىقا مەكتەپ، تائالىيە مەكتەپ، ياردەم مەكتەپ قاتارلىق ئورونلاردا ھەر يىلى ئاپرېل بايرىمىدا ئالتۇنلۇقتىكى تاللىقتا، ماي ئېيىنىڭ باشلىرىدىن 15 ـ كۈنگىچە قۇمئارشاڭ سەيلىگاھى (ئورنى غۇلجا ناھىيەسىنىڭ بايتوقاي يېزىسىنىڭ غەربىدىكى قارتام دېگەن جايدا، بۇ يەر ئىلى دەرياسىنىڭ ساھىلى)دىكى بۇلاق بويى، قۇملۇق ۋە چىمەنلىك سەينادا ئوينالغان بولسا، 1936 ـ يىلى غۇلجىدا «مىللەتلەر كۇلۇبى»، شۇنداقلا بۇنىڭغا ئۇلاپ قۇرۇلغان «ئۇ، قا، قى كۇلۇبى» (ئۇيغۇر ـ قازاق ـ قىرغىز كۇلۇبى)، «رۇس كۇلۇبى»، «ئۆزبېك كۇلۇبى»، «خەنزۇ كۇلۇبى»، «تاتار كۇلۇبى» قاتارلىق مەخسۇس سەھنىسى ياكى سەيناسى بولغان كۇلۇبلاردا ئوينالغان. «مىللەتلەر كۇلۇبى»دا «غېرىب ـ سەنەم»، «پەرھاد ۋە شېرىن»، «نۇزۇگۇم» ۋە باشقا درامىلار مۇۋەپپەقىيەتلىك ئوينالغان. ئاتاقلىق ئۇسسۇلچى ھۈسەينبەگ تۇنجى بولۇپ ئىلى سەنىمىنى «مىللەتلەر كۇلۇبى»دا سەھنىگە ئېلىپ چىققان. شۇ چاغدا ئوينالغان «ئىلى سەنىمى» 14 ــ 16 گىچە يۈرۈشلۈك ئۇسسۇللۇق ناخشا ـ مۇزىكىدىن تۈزۈلگەن. ئىككى ـ ئۈچ سائەت داۋاملاشقان. دېمەك، ئەلنەغمىلەرنىڭ سەھنىلەرگە يۈرۈش قىلىشىنىڭ ئېپتىدائىي مەنبەسى ئات ئۈستى (بۇ ھەقتە ئەھەت داۋۇت «كۆسەن مەدەنىيىتى»نىڭ 2010 ـ يىللىق 4 ـ سانىدىكى «كۆسەن كۈيشۇناسلىقى ۋە ئۇنىڭ ئېلىمىز مۇزىكا تارىخىدا تۇتقان ئورنى» دېگەن ماقالىسىدە: «بەرباب دەسلەپتە ئات ئۈستىدە چېلىنىدىغان ساز بولغان» دەپ يازغان) بولسا، ئوتتۇرىدىكى تەرەققىيات جەريانى ئايۋان ـ قەسىرلەر ۋە يېڭى زامانىۋى كۇلۇب ـ سەھنىلىرىمىز بولغان.

دېمەك، جەمئىيەتتە مۇقامدىن ئايرىپ ئېلىنغان ناخشىلار ياكى مۇقامدىن باشقا ئېيتىلىۋاتقان خەلق ناخشىلىرىمىزنىڭ دەۋر ئېقىمىدىن چۈشۈپ قالماي ئىزچىل ئېيتىلىپ كېلىنىشى ئۇنىڭ ئاممىۋى ئاساسىنىڭ ناھايىتى چوڭقۇر، مۇقام ئاھاڭلىرىغا مەنبە ئىكەنلىكىدە ئىدى. ئىككىنچىدىن، ئۇنىڭ خەلقىمىزنىڭ روھىيىتىنى جانلىق ئەكس ئەتتۈرۈۋاتقانلىقىدا ئىدى. شۇڭا، كىلاسسىك مۇزىكىلار ياكى مۇقاملار ئاڭلىنىش بىلەن كىشىنىڭ يۈرەك تارىنى تىترىتىدۇ، ئۇلانما تۇيغۇ ۋە تەپەككۇرغا باشلايدۇ، ئېستېتىك زوق بېغىشلايدۇ، مەنىۋى تەشنالىقىنى قاندۇرىدۇ. شۇنىڭ ئۈچۈن، بابا رەھىم مەشرەپ (1711 ــ 1757) بىر غەزىلىدە:

«باياتۇ، چەببەيات بىرلەن ئابۇ چەشمەنى مەن چالسام،
بۇ كۆڭلۈم يىناۋا بولغاننى بىلسەم مەن ناۋا چالسام.
مۇقاملارنىڭ ئاتاسىنى ھۇسەينىيۇ ئەجەم دەرلەر،
ئۇلاردىن يۇقىرى پەدىگە — پەنجگاھقا مەن چالسام.
ئارالاپ چالسام ئۇششاقنى، مۇقامنى راكقا يەتكۈزسەم،
كى ئۇل شامۇ سەھەرلەردە مۇشاۋرەكنى مەن چالسام»

دەپ يازغان.

قومۇل، تۇرپان، دولان مۇقاملىرى، ئاتۇش، قەشقەر، ئىلى، كۇچا ۋە لوپنۇر خەلق ئاھاڭلىرىنىڭ ئالاھىدىلىكى ھەققىدىكى ئۈزۈكسىز تەتقىقاتلارغا ئاساسلانغاندا، «ئۇيغۇر ئون ئىككى مۇقامى»نىڭ داستان، مەشرەپ قىسىملىرىنىڭ رىتىم - ئۇدار شەكىللىرىگە دولان مۇقامى بىلەن قومۇل مۇقامىنىڭ نۇرغۇن نەغمىلىرى خام ماتېرىيال بولغان. تۇرپان مۇقامى ئىچىدىكى توققۇز يۈرۈش مۇقامنىڭ نامى بىلەن قومۇل مۇقاملىرىدىكى ئالتە يۈرۈش مۇقام (چارگاھ، چەبىيات، مۇشاۋرەك، ئۆزھال، ئىراق، راك)نىڭ نامى ئۇيغۇر ئون ئىككى مۇقام نامى بىلەن ئوخشاش ئىكەن. تۇرپان، قومۇل مۇقاملىرىنىڭ 11، 12 يۈرۈشى دەۋرىمىزگىچە يېتىپ كەلگەن بولسىمۇ، ئەمما دولان مۇقامىدىن پەقەتلا توققۇز يۈرۈشى ساقلىنىپ قالغان. دولان مۇقامىدىمۇ باشقا مۇقام تۈرلىرىگە ئوخشاش مۇقام، نەغمە - ناۋا بىلەن ئۇسسۇل ئاساسىي ئورۇندا تۇرغان.

قومۇل مۇقاملىرى تارىخى ئۇزۇن، سەھىپىسى چوڭ، ئاھاڭ - كۈيلىرى ئۆزگىچە ھەم يۈرۈشلەشكەن يەرلىك مۇقاملاردىن بىرى. ھازىرغىچە توپلاپ رەتلەنگەنلىرى 12 يۈرۈش مۇقامدىن ئىبارەت بولۇپ، چۇشۇرگىسى 19 غا، ئاھاڭى (ناخشا) 258 گە يېتىدىكەن. ھەممىسىنى ئورۇنلاشقا ئون سائەتكە يېقىن ۋاقىت كېتىدىكەن. قومۇل مۇقاملىرى ئەسلىدە 12 مۇقام، 24 چۇشۇرگە، 360 نەغمىدىن تەركىب تاپقان دەپمۇ قارايدىغانلار بار. «بىر قىسىم مۇزىكا تەتقىقاتچىلىرى قومۇل مۇقاملىرىنىڭ ھازىرغا قەدەر يېتىپ كەلگەن شەكلى ۋە ھالىتىنىڭ قەدىمىيلىكى، ئىپتىدائىيلىقى، ئاددىيلىقى، ئاممىباپلىقى ۋە يەرلىك پۇرىقىنىڭ قويۇقلۇقىغا قاراپ ئۇنىڭ ئەڭ يىراق مەنبەسىنى قەدىمكى دەۋرلەردىكى ئىنئۇرغول نەغمىلىرىگە ئاپىرىپ تاقىماقتا.»①

كوسەن كۈيشۇناسلىقى كۇچا خەلق ئاھاڭلىرى تەتقىقاتىغا قارىتا ئېيتىلغان، چوڭقۇر ئىزدىنىلىۋاتقان تېمىلارنىڭ بىرى. ئەھەت داۋۇت «كوسەن مەدەنىيىتى» ژۇرنىلىنىڭ 2010 - يىللىق 4 - سانىغا بېسىلغان «كوسەن كۈيشۇناسلىقى ۋە ئۇنىڭ ئېلىمىز مۇزىكا تارىخىدا تۇتقان ئورنى» دېگەن ماقالىسىدە: «كۇچا خەلق ناخشىلىرى ئۇيغۇر مەدەنىيەت خەزىنىسىدىكى بىباھا گۆھەر. كۇچا كۈيشۇناسلىقى بولسا كۇچا خەلق ناخشىلىرىنىڭ ئانا مەنبەسى. كۇچا خەلق ناخشىلىرى گەرچە 300 گە يەتسىمۇ، ئەمما مۇزىكا ئاھاڭلىرىدىن ھازىر بايقالغىنى 120 گە يېتىدىكەن، شۇنىڭ بىلەن بىللە بۇلارنىڭ ئىچىدە تەكرارلانغان ئاھاڭلارمۇ بار ئىكەن» دەپ كۆرسىتىدۇ.

مەتىمىن ھوشۇر ئاكا ئىلى خەلق ئاھاڭلىرىنىڭمۇ ئۇيغۇر مۇقاملىرى گەۋدىسىدە چوڭقۇر نەپەسلىنىۋاتقان خەلق ئاھاڭلىرى ئىكەنلىكى ئۈستىدە تەتقىقاتىنى بىزگە سۇنغانىدى. ئۇنىڭ قارىشىچە، ئىلى ۋە يەتتەسۇ ئەتراپىدا ئۇزاقتىن بېرى ياشاپ كەلگەن، ئۇيغۇرلارنىڭ مىللىي تەركىبىگە قوشۇلغان خەلقلەر-

① تۇرسۇنجان ساۋۇت ئۇدمىش: «قومۇل مۇقامى توغرىسىدا قىسقىچە چۈشەنچە»، «ئاسىيا كىندىكى گېزىتى»، 2009 - يىلى 4 - ئاينىڭ 23 - كۈندىكى سانىغا قاراڭ.

نىڭ ناخشا ـ مۇزىكا سەنئىتىمۇ ئۇن ئىككى مۇقامنىڭ دۇنياغا كېلىشىدە مۇھىم رول ئوينىغان. ئىككىنچى تۇرلۇك قىلىپ ئېيتقاندا، ئىلى ـ يەتتەسۇ رايونىدىكى قەدىمكى ئۇيغۇر مۇزىكا مەدەنىيىتى ئىلى مۇقاملىرىنىڭ فولكلور ئاساسى. ئۇ يىراق تارىخىي دەۋرلەردىكى ئىلى ئۇيغۇر ـ ساكلىرىنىڭ خەلق مۇزىكا ـ ئۇسسۇل، داستانلىرىنى ئۆز ئىچىگە ئالىدۇ. ئۇنىڭ يەنىمۇ ئىزدىنىشىچە، «ئۇيغۇر خەلقىنىڭ ئۇلۇغ ئالىمى ئەدىب يۇسۇپ خاس ھاجىپ قاراخانىيلار خانى تاۋغاچ ئارسلانخان بۇغرا تېكىنگە ئاتاپ ‹دەردى ھۇسەين› دېگەن مۇقامنى ئىجاد قىلغان. شاھ مەشرەپ مۇقاملار ھەققىدىكى بىر غەزىلىدە (يۇقىرىدا ئۇنىڭ نەقلى تىلغا ئېلىندى ـــ ئاپتوردىن): ‹مۇقاملارنىڭ ئاتاسىنى ھۇسەينۇ ھەم ئەجەم دەرلەر› دەپ، ‹ھۇسەين› مۇقامنى ئەڭ ئالدىغا تىزغان. مەرھۇم روزى تەمبۇر (1893 ـــ 1953) نىڭ خاتىرىسىدە ساقلانغان مۇقام تېكىستلىرى ئىسمىلىكى ئىچىدىمۇ ‹دەردى ھۇسەين› نامىدا بىر ناخشا ھېلىمۇ ساقلىنىپ كەلمەكتە.»[1]

مەمتىمىن ھوشۇرنىڭ پانتوسوفنىڭ «تارانچى ناخشىلىرى» دېگەن كىتابىدىن نەقىل ئېلىشىچە، 19 ـ ئەسىردە ئىلى رايونىغا تارقالغان چالغۇلاردىن پىپا، خۇنخۇ، تومۇز، قالۇن، ئۇد، ئايقىنى، ھۇنەي، غېجەك، چاڭ، خۇازا، ساتار، راۋاب، دۇتار، تەمبۇر، ھەشتار، زىلڭ، نەي، سۇناي، پۇتەي، كاناي، ناغرا، داپ، دۇمباق، تىۋىلۋاز، چاقچا قاتارلىقلار بولغان. لېكىن، بۇ چالغۇلارنىڭ كۆپىنچىسى بەگ ئوردىسى قاتارلىق كاتتا سورۇنلاردا ئىشلىتىلگەن بولسىمۇ، ئادەتتىكى خەلق ئىچىدە ھەشەمەتلىك چالغۇلاردىن كۆپرەك دۇتار، تەمبۇر چېلىش بەكرەك ئومۇملاشقان. ئىلى چالغۇچىلىرىنىڭ تەمبۇرنى ناخۇل بىلەن چېلىشنى كەشىپ قىلىشى تەمبۇر چېلىشتىكى مۇھىم بىر ئىسلاھات، شۇ سەۋەبتىن تەمبۇرنى ئىلى رايونىدا مۇقام ۋە خەلق ناخشىلىرىنى ئىجرا قىلىشتىكى يېتەكچى چالغۇ، دېيىشكە بولىدۇ.

«ئەينى دەۋرلەردە ئىلىدىكى ئوردا سازەندىلىرى توققۇز كىشىدىن تەركىب تاپقان. ئاساسلىق چالغۇلىرى: داپ، دۇمباق، نەي، تىۋىلۋاز، غېجەك، ساتار، راۋاب، دۇتار ۋە قالۇنلار بولغان. ئوردا سازەندىلىرى ئوتتۇز ئىككى خىل مۇقامنى ئورۇنلىيالىغان. بۇنىڭ ئىچىدە مۇكەممەل بولغانلىرى ۋە بەگ نەغمە دەپ ئاتالغانلىرى ئۇن ئىككى مۇقام بولغان. شۇنىڭ بىلەن بىللە غۇلجىدىكى ئەينى دەۋردىكى ھاكىمبەگلەر ئوردىسىدا يىگىرمە نەپەر ناغرىچى پىرقىسى بولغان. ئوردا بۇ ناغرىچىلار پىرقىسىنىڭ تىرىكچىلىكى ئۈچۈن غۇلجا شەھىرىنىڭ غەرب تەرىپىدىن يېتەرلىك يەر ئاجرىتىپ بەرگەن. ئەنە شۇ ناغرا چالغۇچىلار ئەۋلادىمۇ ئەۋلاد ئولتۇراقلىشىپ بەرپا قىلغان مەھەللە «ناغرىچى مەھەللىسى» دەپ ئاتالغان. 1881 ـ يىلى ۋە 1883 ـ يىللىرى ئىلى ۋادىسىدىن كۆچۈپ چىققان ئۇيغۇرلار ياركەنتكە ئالتە جۈپ ناغرا، ئىككى كاناي، ئىككى سۇناي، بىر جۈپ چوڭ دۇمباق، بىر ئوتتۇرا دۇمباق ۋە بىر چاڭنى ئېلىپ چىققان. بۇ چالغۇلارنى چالىدىغان بىر قىسىم ئاتاقلىق ناغرىچىلار ياركەنتتىكى ئۆسەك دەرياسىنىڭ جەنۇبىي قىرغىقىغا ئورۇنلاشقان. مەزكۇر جايغا خەلق ‹ناغرىچى› دەپ نام بەرگەن.»[2]

غۇلجا ناھىيەسىنىڭ تۇرپانيۈزى يېزىسىغا قاراشلىق روزىمەتيۈزى (ھازىر جېلىليۈزى بازىرىغا قارايدۇ) مەھەللىسىنىڭ ئايىغىدىكى جېلىليۈزى سېيى بويىدا (يەنى جىرغىلاڭ سېيى بويى بولۇپ، ھازىرقى پويىز ئىستانسىسى ئەتراپى) «مۇقام شەھىرى» دەپ ئاتىلىدىغان تەكتى نامەلۇم بىر ئورۇن بار. لېكىن، مۇشۇ نام بىلەن ئاتالغان بۇ جايدا «ئەسكى مەھەللە» دەپ ئاتالغان كونا بىر مەھەللىنىڭ ئىزناسى، قەدىمىي قەبرىستانلىق (بۇ ئورۇنلار ئالدىنقى ئەسىرنىڭ 70 ـ يىللىرىدا تېرىلغۇ يەرگە ئايلاندۇرۇۋېتىلگەندى) بولغاندىن باشقا، بىرەر شەھەر خارابىسىنىڭ بولغان ياكى بولمىغانلىقى نامەلۇم. قانداقلا بولسۇن، بۇ بىر

① مەمتىمىن ھوشۇر: «ئىلى خەلق ناخشىلىرىنىڭ تارىخى بايانى»، 65 ـ ۋە 67 ـ بەتلەر.
② مەمتىمىن ھوشۇر: «ئىلى خەلق ناخشىلىرىنىڭ تارىخى بايانى»، 73 ـ، 79 ـ ۋە 88 ـ بەتلەر.

قاتار ئەھۋاللارمۇ ئىلىمدىكى مۇقام ھادىسىلىرى تارىخىنى تەتقىق قىلىشتا مەلۇم ئەھمىيەتكە ئىگە.

«دىۋان»دا مەلۇم چالغۇ تۈرلىرىدىن باشقا، بىرەر قەدىمىي كۈي سىستېمىسىنىڭ نامى، مېلودىيەسى، شۇنداقلا بىرەر مەشھۇر سەنئەتكار ھەققىدە بىۋاسىتە ئۇچۇر بېرىلمىگەن بولسىمۇ، ئەمما «دىۋان»غا كىرگۈزۈلگەن بىر قىسىم سۆزلەملەر ۋە ئۇلارنىڭ ئىزاھلىرىدىن ئۇ دەۋرنىڭ مەدەنىيەت ـ سەنئەت تارىخىغا ئالاقىدار قىممەتلىك ئۇچۇرلارغا ئىگە بولىمىز.

«تەۋارىخى مۇسىقىيۇن» قاراخانىيلار دەۋرىدىن سەئىدىيە دەۋرىگىچە بولغان مەدەنىيەت ـ سەنئەت ھەم ئۇيغۇر كىلاسسىك كۈيلىرى تارىخىدىن قىممەتلىك ئۇچۇرلارنى بەرگەنىدى. لېكىن، تارىخ ئۇيغۇر مۇزىكا سەنئىتىگە بىر مەھەل سايىلەرنىمۇ تاشلاپ كەتكەنىدى. بۇ نوقتىلارنى مۆجىزىي چوڭقۇر ھېس قىلغان. شۇڭا، ئۇ: «بۇلاردىن كېيىن مۇقام، غەزەل ئىجاد قىلغۇدەك پىر ـ ئۇستازنىڭ ئالەمگە كەلگەنلىكى مەلۇم ئەمەس» دەپ يازغان. خۇددى مۆجىزىي ئېيتقاندەك، ئۇيغۇر جەمئىيىتىدە بىر مەھەل تەسەۋۋۇپ ئېقىمىنىڭ ئەۋج ئېلىشى سەۋەبىدىن ئۇيغۇر مۇزىكا سەنئىتىنىڭ ئۇجۇقتۇرۇلۇشىدەك قىسمەتلەر يۈز بەرگەنىدى.

ئەمما، 19 ـ ئەسىرنىڭ ئاخىرى، 20 ـ ئەسىرنىڭ باشلىرىدىن باشلاپ ئۇيغۇر مۇزىكا مەدەنىيىتى ساھەسىدە قايتا ئويغىنىش بارلىققا كەلدى. بۇ ساھەدە قايتا ئويغىنىش ھادىسىسىنى پەيدا قىلغان سەنئەتكارلىرىمىزدىن ھېلىم ۋە سېلىم (قەشقەردىن)، سېتىۋالدى (كۇچادىن)، گايىت ئېلى (ئىلى ۋادىسىدىكى نەغمىچىلىك ھاياتى كۆزدە تۇتۇلغان)، ئىمىن نەغمىچى (ئىلى ۋادىسىدىكى نەغمىچىلىك ھاياتى كۆزدە تۇتۇلغان)، تەۋەككۇل ئاخۇن (تۇردى ئاخۇننىڭ دادىسى)، مۇھەممەت موللا (كاروشاڭ ئاخۇنۇم)، تۇردى ئاخۇن، روزەك باشى، ئابدۇۋەلى جارۇللايوپ، زىكرى ئەلپەتتا (1915 — 1987) لار بولۇپ، ئۇلار ئۇيغۇر مۇزىكا سەنئىتىنىڭ مۇشۇ دەۋرگە نىسبەتەن ۋەكىللىك شەخسلىرى ئىدى.

ھېلىم ۋە سېلىملار قەشقەردە ياشىغان ئاكا ـ ئۇكا مەشھۇر مۇقامچىلاردىن ئىدى. ئۇلار 1879 ـ يىلى سېتىۋالدى دېگەن يەنە بىر مۇقامچى بىلەن بىللە قەشقەر رايونىدا تارقىلىپ يۈرگەن مۇقاملارنى بىر قېتىم رەتلەپ، قېلىپلاشتۇرۇپ، زور ھەجىملىك ئۇسسۇللۇق يۈرۈشلۈك نەغمىلەرنى ۋۇجۇدقا چىقارغان.

تۇردى ئاخۇن 1881 ـ يىلى يېڭىسارىدىكى بىر سازەندە ئائىلىسىدە دۇنياغا كەلگەن. ئۇ 75 يىل ئۆمۈر سۈرۈپ 1956 ـ يىلى قەشقەردە ۋاپات بولغان. ئۇنىڭ ئاتىسى تەۋەككۇل ئاخۇن، ئۇنىڭ ئاتىسى قاۋۇل ئاخۇن قالۇن، ئۇنىڭ ئاتىسى ھاشىم ئاخۇن ساتار، ئۇنىڭ ئاتىسى ئىبراھىم قالۇن ئىدى.

تۇردى ئاخۇننىڭ ئاتا ـ بوۋىلىرى يەركەن خانلىقى دەۋرىدە قىدىرخان يەركەندى، ئامانىسساخان ۋە ئابدۇرەشىدخانلار تەرىپىدىن بىر قېتىم رەتلەنگەن ئۇيغۇر ئون ئىككى مۇقامىغا ئەۋلادتىن ـ ئەۋلاد ۋارىسلىق قىلىشتا زور كۈچ چىقارغان جەمەتلەردىن بولغان. بۇ جەمەتنىڭ قاۋۇل ئاخۇن ۋە تەۋەككۇل ئاخۇن دەۋرىگە كەلگەندە ئۇلارغا شاگىرت بولۇپ قەشقەردىن مۇھەممەت موللا (كاروشاڭ ئاخۇن) دېگەن مۇقامچى يېتىشكەن. «مۇھەممەت موللا ئۇيغۇر كىلاسسىك مۇزىكىسى بولغان ئون ئىككى مۇقامنى ئۆگەنگەن چاغلاردا تۇردى ئاخۇن (1881 — 1956) تېخى دۇنياغا كەلمىگەنىدى.»[1] ئىلىغا ئون ئىككى مۇقامنى ئېلىپ چىققۇچى مۇھەممەت موللا (1840 — 1924) بولغان. ئۇ غۇلجىغا 1870 ـ يىلى ئاخۇن بالا، ئابدۇللا دۇمباق قاتارلىق سازەندىلەر بىلەن چىققان ھەمدە ئۆمرىنىڭ ئاخىرىغىچە غۇلجىدا تۇرۇپ ئەلنەغمىچىلىك بىلەن شۇغۇللانغان. ئىلىنىڭ مۇشۇ دەۋرنىڭ ئەلنەغمىچى ھەم مۇقامچىلىرىدىن بولغان زىكرى ئەلپەتتانىڭ ئاتىسى ئابدۇللا پەتتا، زىكرى ئاكىسىنىڭ ئۇستازى زۇنۇن، روزى تەمبۇر (1893 — 1953)، ھاسان تەمبۇر (1873 — 1946)، ھۈسىيىن تەمبۇر (1904 — 1938)، بارات تەمبۇر (1875 — 1949)، ھۆسەنجان جامىنىڭ ئاتىسى جامى (1876 — 1959)، ساۋۇت بىدىك (1881 —

① ئابدۇشۈكۈر مۇھەممەدئىمىن: «ئۇيغۇر مۇقام خەزىنىسى» 266 ـ بەت.

1959)، ئابدۇۋەلى جارۇللا (1910 — 1998)، ھېزىم موللا (1986 — 1906) قاتارلىقلار مۇھەممەت موللىنىڭ ئىزىنى باسقان شاگىرتلاردىن بولغان. غۇلجىدا ئون ئىككى مۇقامىمۇ ئۇنىڭ چوڭ نەغمە قىسمىدىن باشقا داستان ۋە مەشرەپ قىسمى مۇھەممەت موللا، ھەسەن تەمبۇر، روزى تەمبۇر قاتارلىق ئەلنەغمىچىلەر تەرىپىدىن ئىلى خەلق ناخشىلىرى بىلەن بىرلەشتۇرۇلگەن ھالدا تېخىمۇ شوخ، تېخىمۇ يېقىملىق يېڭى بىر تۇستە ئومۇملاشقان. شۇنىڭ بىلەن بىللە مۇھەممەت موللا ئىلىغا ئون ئىككى مۇقامنى ئېلىپ چىققاندا، ئۇنىڭ بىلەن قەشقەردىن بىللە چىققان ئاخۇن بالا يەتتەسۇغا بەزى مۇقاملارنى ئېلىپ بارغان. «ئۇنىڭ ئۇ ياقلارغا ئېلىپ بارغان مۇقامى گەرچە سىگاھ مۇقامى بولسىمۇ، ئۇ ‹يەكەن مۇقامى› ياكى ‹پەريادەي مۇقامى›، دەپ ئاتالغان.»① غۇلجىدا تەمبۇرنى ناخۇل بىلەن چېلىشمۇ مۇشۇ دەۋرلەردە بارلىققا كەلگەن (ئاساسەن ھۇسيىن تەمبۇر كەشىپ قىلغان دەپ قارىلىدۇ.)

مەمتىمىن ھوشۇرنىڭ بەرگەن ئۇچۇرلىرىغا قارىغاندا، جانى بايۋەچچە (ۋېلىباي يولداشوفنىڭ ئوغلى) 1910 ـ يىللاردا ئۇيغۇر مۇزىكىلىرىنى تۇنجى بولۇپ لېنتىغا ئالدۇرغان ناخشىچى بولغان ھەم ئۇنىڭ بۇ ئەمگىكى ئۇيغۇر مۇزىكا تارىخىدا بىر يېڭىلىق بولۇپ قالغان. ئالدىنقى ئەسىرنىڭ 50 ـ يىللىرىغا كەلگەندە تۇردى ئاخۇن ئاكا يېڭى زامان ئۇيغۇر ئون ئىككى مۇقامىنى رەتلەپ ئاۋازغا ئېلىشتا ئۆچمەس تۆھپىلەرنى قوشتى. 1956 ـ يىللارغىچە تۇردى ئاخۇن ئاكا ساقلاپ كەلگەن كىلاسسىك ئون ئىككى مۇقام ئاساسىدا ئۇيغۇر ئون ئىككى مۇقامىنىڭ 245 نەغمىسى، 2482 مىسراسى رەتلەپ چىقىلغان بولسا، مۇشۇ بىرقانچە يىل ئىچىدە ئۇنىڭغا 75 نەغمە، 645 مىسرا قايتا تولۇقلىنىپ، ئۇيغۇر ئون ئىككى مۇقامىدىكى جەمئىي نەغمە 320 گە، شېئىر مىسراسى 3127 گە يەتكۈزۈلگەن. ئومۇمەن بۇ ئەمگەكلەر مۇقام تەتقىقاتىدىكى كاتتا خىزمەت ھېسابلىناتتى. شۇنىڭ ئۈچۈن، ئابدۇشۈكۈر مۇھەممەدئىمىن: «ئېيتىش كېرەككى، تۇردى ئاخۇن ئاكا يەكەن خانلىقى زامانىدا رەتلەنگەن كىلاسسىك ئون ئىككى مۇقامنىڭ ئەڭ ئاخىرقى نوپۇزلۇق ۋەكىلى ئىدى. ئون ئىككى مۇقامنىڭ لېنتىغا ئېلىنىشى بىلەن ئامانىسساخان ۋە قىدىرخاننىڭ تۆھپىلىرى تىرىلدى، سۇجۇپنىڭ تۆھپىلىرى تىرىلدى. ئەلشىر نەۋايىنىڭ گۈزەل دۇردانىلىرىنى ئاساس قىلغان ئۇيغۇر كىلاسسىك مۇزىكىسى ئون ئىككى مۇقام قايتا جاراڭلىدى.»② دەپ ناھايىتى توغرا ئېيتقانىدى. شۇنىڭدىن باشلاپ ئۇيغۇر ئون ئىككى مۇقامى تەتقىقاتى ساھەسىدە ئۈزۈكسىز بىرقاتار تارىخىي ئەھمىيەتلىك خىزمەتلەر ئىشلەنگەن.

«رۇخسارى» نامىدىكى «ئون ئۈچ مۇقام» زىكرى ئەلپەتتا تەرىپىدىن 1939 ـ يىلى ئىجاد قىلىنىش بىلەن بىللە، ئون ئىككى مۇقامنىڭ رەتلىنىشى، تەتقىق قىلىنىشى ھەم خەلققە يەتكۈزۈلۈشىدە ئۇنىڭ ئىلمىي ئەمگەكلىرى ئاز بولمىغان.

ئەلۋەتتە، بۇ يەردە ئابدۇشۈكۈر مۇھەممەدئىمىن، ۋەن تۇڭشۇ، جو چىڭباۋ، گۇباۋ، جوجى ۋە گوەن يوۋېي ئەپەندى ۋەكىللىكىدىكى ئالىم، مۇتەخەسسىسلەرنىڭ ئۇيغۇر ئون ئىككى مۇقام تەتقىقاتىدىكى نەتىجىلىرىدىن، ئابلىز شاكىرنىڭ خەلق ئاھاڭلىرى ۋە ئۇيغۇر مۇقاملىرىنى ئېيتىشتىكى ئەمگەكلىرىدىن، ن. ن. پانتۇسوف (1849 — 1909)نىڭ «ئىلى تارانچى ناخشىلىرى» ناملىق كىتابىنى يېزىش جەريانىدىكى جاپالىق ئىزدىنىش ھەم ئەمگەكلىرىدىن سۆيۈنىمىز. بۇ كىتابتا ئىلى ۋادىسىدا تارىلىپ ۋە ئورۇنلىنىپ كېلىۋاتقان ‹ئىلى خەلق ناخشىلىرى›دىن ئەللىك نەچچە ناخشىنىڭ تېكىستى نوتىلىرى بىلەن قوشۇپ بېرىلگەن. بۇ ئەسەر 1890 ـ يىلى سانكىت ـ پېتىربۇرگدا ئېلان قىلىنغان. «بۇلاق» ژۇرنىلىنىڭ 2000 ـ يىللىق 4 ـ، 5 ـ سانلىرىدا ھۇسەيىن كېرىم تەرىپىدىن ئېلان قىلىنغان. بىز يەنە ئۇيغۇر ئون ئىككى مۇقامىنىڭ

① ئابدۇشۈكۈر مۇھەممەدئىمىن: «ئۇيغۇر مۇقام خەزىنىسى» 266 ـ بەت.
② ئابدۇشۈكۈر مۇھەممەدئىمىن: «يىپەك يولىدىكى سەنئەت جەۋھەرلىرى» 285 ـ بەت.

لېنتىغا ئېلىنىشىدىن، ئۇيغۇر ئون ئىككى مۇقامىنىڭ ئۈن - سىنلىق نۇسخىسىنىڭ نەشردىن چىقىشىدىن، مەتتىمىن ھوشۇر ئەپەندىنىڭ 2006 - يىلى مىللەتلەر نەشرىياتى تەرىپىدىن نەشر قىلىنغان «ئىلى خەلق ناخشىلىرىنىڭ تارىخى بايانى» ناملىق كىتابىدىن ھەم «ئىلى خەلق ناخشىلىرىنىڭ تارىخى بايانى»نىڭ ئۈن - سىنلىق نۇسخىسىنىڭ نەشر قىلىنىشلىرىدىن بەكمۇ سۆيۈنىمىز. كەلگۈسى ئەۋلادلارمۇ ھەم شۇنداق.

دېمەك، ئۇيغۇر ئون ئىككى مۇقامى يېقىنقى دەۋردە ۋارىسلىرىنى تاپتى، مەزمۇن جەھەتتىن قايتا رەتلەندى ياكى مۇكەممەللەشتۈرۈلدى، مېلودىيەسى شەكىللىك ھالەتتە ئىزاھلاندى، تېكىستلىرى قايتا بېكىتىلدى، ھەرىكەتلىك كۆرۈنۈش ياندىشتۇرۇلدى. بۇ بىر قاتار مۇۋەپپەقىيەتلىك ئىلمىي ئەمگەكلەر ئۇيغۇر ئون ئىككى مۇقامىنىڭ شۆھرىتىنى يەنىمۇ ئاشۇرۇپ، ئۇنى دۇنياۋى غەيرىي مەدەنىيەت مىراسلىرى قاتارىغا كىرگۈزدى.

پايدىلانمىلار:

1. مەھمۇد كاشغەرىي: «تۈركىي تىللار دىۋانى»، شىنجاڭ خەلق نەشرىياتى، 1981 - يىلى 9 - ئاي نەشرى.

2. ئابدۇشۇكۇر مۇھەممەدئىمىن: «ئۇيغۇر مۇقام خەزىنىسى»، شىنجاڭ ئۇنىۋېرسىتېتى نەشرىياتى، 1997 - يىلى 4 - ئاي نەشرى.

3. ئەنۋەر بايتۇر، خېمىت تۆمۈرلەر نەشرگە تەييارلىغان، موللا ئەسمەتۇللا بىننى موللا نېمەتۇللا مۆجىزىينىڭ: «تەۋارىخى مۇسىقىيۇن» (مۇزىكىچىلار تارىخى)، مىللەتلەر نەشرىياتى، 1982 - يىلى 6 - ئاي نەشرى.

4. ئابدۇشۇكۇر مۇھەممەدئىمىن: «شىنجاڭنىڭ تاڭ دەۋرىدىكى ناخشا - ئۇسسۇل سەنئىتى»، شىنجاڭ خەلق نەشرىياتى، 1980 - يىلى 8 - ئاي نەشرى.

5. تۇرسۇنجان لېتىپ: «ئۇيغۇر چالغۇلىرى»، شىنجاڭ ئۇنىۋېرسىتېتى نەشرىياتى، 2007 - يىلى 5 - ئاي نەشرى.

6. ئابدۇشۇكۇر مۇھەممەدئىمىن: «يىپەك يولىدىكى سەنئەت جەۋھەرلىرى»، شىنجاڭ خەلق نەشرىياتى، 2009 - يىلى 9 - ئاي نەشرى.

7. غەيرەتجان ئوسمان: «قەدىمكى تارىم مەدەنىيىتى»، شىنجاڭ ئۇنىۋېرسىتېتى نەشرىياتى، 2007 - يىلى 5 - ئاي نەشرى.

8. ئابدۇشۇكۇر مۇھەممەدئىمىن: «فارابى ۋە ئۇنىڭ پەلسەپە سىستېمىسى»، شىنجاڭ خەلق نەشرىياتى، 1985 - يىلى 11 - ئاي نەشرى.

9. «كۇسەن مەدەنىيىتى» ژۇرنىلى 2010 - يىللىق 4 - سان.

10. مەتتىمىن ھوشۇر: «ئىلى خەلق ناخشىلىرىنىڭ تارىخي بايانى»، مىللەتلەر نەشرىياتى، 2006 - يىلى 6 - ئاي 1 - نەشرى.

(ئاپتورى غۇلجا ناھىيەلىك سىياسىي مەسلىھەت كېڭىشىدە)

ئابلىز مۇھەممەت سايرامىي

# دىيارىمىزدىن تېپىلغان ۋەسىقىلەردىكى ئۇزۇن ئۆمۈر كۆرۈش، ياشلىق باھارىنى ئۇزۇنغا سوزۇشقا دائىر دورا - رېتسېپلار ھەققىدە

كېسەل بولماسلىققا، ئۇزۇن ئۆمۈر كۆرۈشكە ئىنتىلىش ھازىرقى زامان ئادەملىرىنىڭ ئارزۇ - ئارمىنى بولۇپلا قالماي، بەلكى مىڭ يىللار، ھەتتا نەچچە مىڭ يىللار ئىلگىرى دۇنيانىڭ ھەرقايسى جايلىرىدا ياشىغان ئۇرۇق - قەبىلە ۋە مىللەتلەرنىڭمۇ ئورتاق ئارزۇ - ئارمانلىرى ئىدى. شۇڭا، پۈتكۈل ئىنسانىيەتكە ئورتاق بولغان ئۆمۈر ئۇزارتىپ، قېرىماسلىقتىن ئىبارەت بۇ ھاياتلىق ھەققىدىكى سىر ئۈستىدە كىشىلەر قەدىمدىنلا ئىزدىنىشكە باشلىغان ھەمدە دۇنيانىڭ ھەرقايسى جايلىرىدا ياشىغان كىشىلەر ئۆز ئەتراپلىرىدىكى ئۆسۈملۈكلەردىن دورا - رېتسېپ تەييارلاشقا كىرىشكەن، بۇ ھەقتە ئىزدەنگەن ۋە نەچچە ئونمىڭ قېتىملاپ سىناق - تەجرىبىلەرنى ئېلىپ بېرىشقان. نەتىجىدە دۇنيادىكى ھەرقايسى ئۇرۇق - قەبىلە، مىللەتلەر ئۆزلىرىنىڭ ئېتنىك ئادىتىگە، تۇرمۇش ئۇسۇلىغا، ياشىغان يەر شارائىتىنىڭ ئوخشىماسلىقىغا ئاساسەن ئوخشىمىغان دورا - دەرمەكلەردىن ئۆمۈر ئۇزارتىش دورىلىرىنى ياساپ پايدىلانغان. شۇ قاتاردا ئۇيغۇرلار ۋە ئۇلارنىڭ ئەجدادلىرىمۇ ئۆزىگە خاس ئۆمۈر ئۇزارتىش دورا - رېتسېپلىرىنى ئىجاد قىلىپ ئىجتىمائىي تۇرمۇشىدا پايدىلانغان.

ھىندىستان پەن - تېخنىكا تارىخچىسى ب. ۋ. سۇبباراياپپا ئۆزىنىڭ «يوھان بورۇگ نەزىرىدىكى ھىندىستان پەن - تېخنىكىسى» ناملىق ماقالىسىدە، يوھاننىڭ قەدىمكى جۇڭگو ۋە ھىندىستانلىقلارنىڭ ئادەمنىڭ ئۆمرىنى ئۇزارتىپ قېرىتمايدىغان ئوت - چۆپ دورىلار ئۈستىدە ئىزدەنگەنلىكى ھەققىدە توختالغان. ئۇنىڭ قارىشىچە، «قېرىماسلىق دورىسى» ياكى «ئۆلمەسلىك ئوت - چۆپ دورىسى» قەدىمكى ھىندىستانلىقلارنىڭ «رىگۋېدا» توپلىمىدا ۋە پارسلارنىڭ «ئاۋېستا» داستانىدا تىلغا ئېلىنغان بولۇپ، ئۇ سوما ياكى خوما دەپ ئاتالغان. «رىگۋېدا»دا 120دىن ئارتۇق جايدا ئوقۇلغان مەدھىيە شېئىرلىرىدا سوما تىلغا ئېلىنغان. «ئاۋېستا»دا بولسا بەش ئورۇندا خوما دەپ ئاتىلىدىغان بىر خىل ئۆسۈملۈك تەسۋىرلەنگەن. ئەمما، سوما ياكى خوما دەپ ئاتالغان بۇ نەرسىنىڭ زادى قانداق نەرسە ئىكەنلىكى ھەققىدە تالاش - تارتىش مەۋجۇت بولسىمۇ، لېكىن مۇتلەق كۆپ ئالىملارنىڭ قارىشىچە، ئۇ بىر خىل مەست قىلىش - ھوشسىزلاندۇرۇش رولىغا ئىگە موگۇ ئىكەن. يوھان بۇ موگۇنى ۋە ئۇزۇن ئۆمۈر كۆرۈش ئۇسۇلى ئىچىدىكى ئالتۇن كۆمىلاچ دورىسىنى ھەمدە جۇڭگونىڭ ئالتۇن تاۋلاش تېخنىكىسىنىڭ كېلىپچىقىشىنى بىرلىكتە تەتقىق قىلىش ئارقىلىق، ھىندىستان ۋە ئۇنىڭ سوما ۋە خوما دەپ ئاتالغان نەرسىلىرى جۇڭگولۇقلارنىڭ ئىزدىگەن ئۇزۇن ئۆمۈر كۆرۈپ قېرىماسلىق دورىسى ئىدى①، دەپ يازغان.

2002 - يىلى راۋ زۇڭيى ئەپەندى ئېلان قىلغان «ساكلار ۋە ئۆلمەسلىك دورىسىنىڭ كېلىپچىقىشى ھەققىدە ئىزدىنىش» ناملىق ماقالىسىدە، ئۆلمەسلىكنىڭ دورىسى ھەققىدە كۆپ ئىزدەنگەن ھەمدە ئۇ

قەدىمكى يىپەك يولىدىكى ساكلارنىڭ خوما دەپ ئاتىلىدىغان خىسلەتلىك يېمەكلىكى ئارقىلىق جۇڭگو ۋە پارسلار ئارىسىدىكى مەدەنىيەت ئالماشتۇرۇشقا زور تۆھپە قوشقانلىقىنى مۇئەييەنلەشتۈرگەن. ئۇ يۇقىرىدىقى ماقالىسىدە: «يېقىندا قېزىلغان ئەنجىيا (توققۇز جاۋۇپ ئۇيغۇرلىرى ئاقساقىلى)نىڭ قەبرىستانلىقىنىڭ ئىشىكى بېشىغا زورائاستىر دىنى مۇخلىسلىرىنىڭ ئوت قالاپ دىنىي پائالىيەت قىلىۋاتقانلىق سۈرىتى ئويۇلغان، ئۇنىڭدىكى نەزىر – چىراغ شىرەسى قويۇلغان قۇتا ئىچىگە خوما سانجىپ قويۇلغان ۋە خوما شەربىتى قاچىلانغان كۆرۈنۈش بار. بۇ يۇقىرىقىلاردىن باشقا، ھىندىستانلىق بىراخمانىنىڭ تاڭ سۇلالىسى پادىشاھى تاڭ تەيزۇڭغا ھەدىيە قىلغان ئۆلمەسلىكىنىڭ دورىسىمۇ دەل شۇ سوما ئىدى[2] دەپ يازغان.

جياڭ بوچىن ئەپەندى 2004 – يىلى نەشر قىلدۇرغان «جۇڭگو زورائاستىر دىنى سەنئىتى» ناملىق كىتابىنىڭ ئالاقىدار باب – پاراگىرافلىرىدا پارسلارنىڭ خومىسى بىلەن ئاق خوما مۇراسىمىنى تىلغا ئالغان. ئۇ بۇ كىتابىدا James Darmesteter نىڭ ئەسىرىدىن نەقىل كەلتۈرۈپ خومىنى مۇنداق تونۇشتۇرغان:

«خوما ئىككى خىل بولىدۇ، بىر خىلى سېرىق خوما ياكى ئالتۇن خوما بولۇپ، ئۇ بالدۇرقى مەزگىلدىكى خوما دەپ ئاتىلىدۇ، ئۇ دائىم نەزىر – چىراغ مۇراسىمى ئۆتكۈزۈلىدىغان ئىبادەتخانىلاردا ئىشلىتىلىدۇ. ئۇ يۈز خىلدىن كۆپرەك كېسەلگە شىپا بولىدىغان ئۆسۈملۈكتۇر. يەنە بىر خىلى ئاق خوما دەپ ئاتىلىدۇ، ئۇ Vouru – kasha دېڭىزىنىڭ ئوتتۇرا قىسمىدا ئۆسىدۇ. ئۇ تۈمەن خىل كېسەلگە شىپا بولىدىغان ئۆسۈملۈك، ئاق خومىنى ئىستېمال قىلغان ئادەم ئۆلگەن بولسا دەرھال تىرىلىدۇ، مەڭگۈ ياشاپ ئۆلمەيدىغان كىشىگە ئايلىنىدۇ»[3] دەپ يازغان. جاڭ بوچىن ئەپەندىنىڭ تەتقىقاتىغا قارىغاندا، يۇخۇڭ قەبرىسىدىكى تاشتاختىغا سىزىلغان «جەننەتتىكى نەزىر – چىراغ مۇراسىمى يۇمىلاق سۈرىتى» دىكى پېشانىسىدا نۇر چەمبىرەكلىرى چاقناپ تۇرغان ئايال ئىلاھ تۇتۇپ تۇرغان بۇ ئۆسۈملۈك شېخى دەل خوما شېخى ئىدى[4]. كۆپ خىل مەدەنىيەت ئۇچرىشىدىغان، يىپەك يولىنىڭ تۈگۈنى ۋە مەركىزىي بەلبېغى بولغان تارىم ۋادىسى ئاھالىلىرى ئارىسىدىمۇ بۇنداق ئۇزۇن ئۆمۈر كۆرۈپ ئۆلمەيدىغان دورا – رېتسېپلار بارلىققا كەلگەنىدى.

قەدىمكى دىيارىمىزدا ياشاپ ئۆتكەن مىڭلارچە ھەكىم – تېۋىپ، ئاتاساغۇنلىرىمىز دەسلەپتە جان – روھ ھەققىدە، ئادەم ئۆلسە ئۇنىڭ جېنى ۋە روھى زادى نەگە بارىدۇ؟ نەدىن كېلىدۇ؟ نېمە ئۈچۈن ئۆلىدۇ؟ دېگەن قاراشلار ھەققىدە ئىزدەنگەن بولسا، كېيىنچە بۇ سىرلىق سوئاللارغا رەسمىي پەن نۇقتىسىدىن تۇرۇپ جاۋاب ئىزدىگەن. ئەتراپىدىكى نەچچە مىڭ خىل ئۆسۈملۈكلەردىن ئەۋرىشكە ئېلىپ تالاي – تالاي سىناقلارنى، كۆرمىڭ قېتىملاپ تەجرىبىلەرنى ئېلىپ بېرىشقان.

مىلادىيەنىڭ ئالدى – كەينىدىن باشلاپ دىيارىمىزغا سىڭىپ كىرگەن بۇددىزم ئەقىدىسىگە ئەگىشىپ، ھىندىلارنىڭ، ئېنىقراقى دىيارىمىز ئىپتىدائىي ئاھالىسىگە ئەجداد بولغان ۋە كېيىن ھىندىستانغا كۆچۈپ بارغان مەدەنىيەتلىك خەلق ئارىيانلارنىڭ سانسكرىت يېزىقىدىكى ھەرخىل تېبابىي ئەسەرلىرى، تۈرلۈك دورا – رېتسېپلىرىمۇ تارىم بوستانلىقىغا كۆپلەپ كىرىپ كەلگەن. كېيىنچە شەرق – غەرب مەدەنىيەت ئالاقىسىنىڭ بىردىنبىر ئۆتكىلى، كۆۋرۈكى ۋە تۈگۈنى بولغان تارىم ۋادىسىغا گىرېك تېبابەتچىلىكى، ھىندىستان تېبابەتچىلىكى، ئىران تېبابەتچىلىكى، خەنزۇ (جۇڭگو) تېبابەتچىلىكى، ئەرەب – ئىسلام تېبابەتچىلىكى نەمۇنىلىرى كىرىپ كەلدى ۋە ئۇلارمۇ دىيارىمىزدىن كۆپلەپ ئوزۇق ئالدى. سىرتتىن كىرگەن تېبابەتچىلىك – دورىگەرلىك نەمۇنىلىرى ئەسىرلەر داۋامىدا تارىم ئاھالىسىنىڭ ئاشقازىنىدا ھەزىم بولۇپ، ئۆزلىشىپ، سىڭىشىپ، ئۇيغۇر تېبابەتچىلىكىنىڭ تەركىبىي قىسمىغا ئايلىنىپ كەتتى. خۇددى دۇنيادا ھېچقانداق ساپ مىللەت ۋە ساپ مەدەنىيەت بولمىغاندەك، ئۇيغۇر تېبابەتچىلىكىمۇ نەچچە مىڭ يىللىق تەرەققىيات مۇساپىسىدە چەتنىڭ نۇرغۇن ئىلغار تېبابەت دورىدانلىرىنى قوبۇل قىلىپ

ئۆزلەشتۈرۈۋالغان ۋە ئۆزى ئوزۇقلانغان ئەللەر ۋە رايونلارغا ئۆزىنىڭ ئىلغار مەدەنىيىتىنى تارقاتقان. نەتىجىدە ئۇيغۇر تېبابەتچىلىكى شەرق - غەرب تېبابەتچىلىكىدىن قېلىشمايدىغان، داۋالاش ۋە دورىگەرلىك جەھەتتە ئۆزىگە خاس يەرلىك مىللىي تېبابەت تىپى بولۇپ شەكىللەنگەن⑤.

يۇقىرىدا كۆرسىتىپ ئۆتۈلگەندەك، ئەجدادلىرىمىز قەدىمدە ئارىيان - ھىندى تېبابىتىدىن قوبۇل قىلىپ ئۆزلەشتۈرۈۋالغان «سەككىز خىل تېببىي تېخنىكا» ياكى «سەككىز خىل تېببىي داۋالاش ئۇسۇلى» ئىچىدە ئۇزۇن ئۆمۈر كۆرۈپ قېرىماسلىق رېتسېپىغا دائىر مەلۇماتلار خاتىرىلەنگەن. ئۇزۇن ئۆمۈر كۆرۈپ قېرىماسلىق «سەككىز خىل تېببىي تېخنىكا»نىڭ ئىچىدىكى بىر خىلى بولۇپ، ئۇ ئەجدادلىرىمىز قەدىمدە قوللانغان سانسكرىت تىلىدا Vayo - raksa، Jara - cikitsa، rasayana - tantra، rasayana - vidhi دېگەن سۆزلەردە ئاتالغان بولۇپ، بۇلار ئىنگلىز تىلىغا rejuvenation therapy دەپ تەرجىمە قىلىنغان. بەزىدە rasayana دېگەن سۆز قىسقارتىلىپ، asar دەپ ئاتىلىپ «تەم»، «شەربەت» دېگەن مەنىنى بىلدۈرگەن. ئۇنىڭ ئەڭ دەسلەپكى سۆز مەنىسى سوما شەربىتىنى كۆرسەتكەن بولۇپ، ئۇ ماننا (ئۆسۈملۈك شېكىرى، مەسلەن، يانتاق شېكىرىگە ئوخشاش)، يەنى ئۆلمەسلىك دورىسى بىلەن ئوخشاش دەپ قارالغان. كېيىن بۇ ئىككى خىل دورا (يەنى سوما ۋە ماننا) ئادەم تېنىدىكى ئاساسلىق ئىقتىدارغا ئىگە ماددىنى كۆرسىتىدىغان بولغان ۋە ئۇ «يەتتە ئەھل، يەنى ئوغۇز سۈت، قان، گۆش، ماي، سۆڭەك، يىلىك، ئىسپېرما»نىڭ بىرسى دەپ قارىلىپ، ئادەم تېنىدىكى قۇۋۋەت - كۈچ ھاسىل قىلىدىغان ئاقسىلنى كۆرسەتكەن. ئوتتۇرا قەدىمكى زامانلاردا بولسا «rasa» دېگەن سۆز سىمابنى كۆرسەتكەن. چۈنكى، سىماب سىرلىق كۈچ - قۇۋۋەت ئاتا قىلىدىغان سۇيۇقلۇق دەپ قارالغان. rasayana دېيىلگىنى بولسا «ھاياتلىق سۇيۇقلۇقى» (rasa) ئېلىنىدىغان يول (yana) بولۇپ، ئۇ ئادەمنىڭ ياشلىقىنى ئەسلىگە كەلتۈرۈش تېخنىكىسىنى كۆرسىتىپلا قالماي، يەنە بارلىق قىيىن كېسەللىكلەرنى داۋالاشتا ئىشلىتىلىدىغان ھەمدە قېرىشنىڭ ئالدىنى ئالىدىغان، ھاياتلىقنى ئۇزارتىدىغان ئۇسۇللارنىمۇ كۆرسەتكەن⑥. ئەڭ ياخشى ۋە ساپ ئاقسىللارنى يەتكۈزۈش ئارقىلىق تۈزۈلىدىغان قېرىماسلىق رېتسېپلىرى بىلەن كىشىلەرنىڭ ياش، ساغلام ھالىتىنى ساقلاپ، قېرىپ كەتمەي ئۆمۈرنى ئۇزارتىشنى ئىشقا ئاشۇرغىلى بولۇپلا قالماي بەلكى تەن ساپاسى ۋە روھىي ھالىتى جەھەتتىكى ئىككى تەرەپ قۇۋۋىتىنى ئىلگىرى سۈرگىلى بولىدۇ، دەپ قارالغان.

ئۇنىڭدا قوللىنىلغان ئۇسۇلغا ئاساسەن، ئۆمۈر ئۇزارتىش رېتسېپى بەدەن ئىچى ۋە بەدەن سىرتى دەپ ئىككى خىلغا ئايرىلغان. يۇقىرىدىكى ئۇسۇل كەلتۈرۈپ چىقارغان نەتىجىگە ئاساسەن، بۇلار مۇنداق ئۈچ خىل تىپقا ئايرىلغان: ئوزۇقلاندۇرۇش، يەنى ئوزۇقلۇق تولۇقلاش تىپى، تەشنا بولۇش (ئىنتىزار بولۇش، ئارزۇ قىلىش) تىپى، شەرت - شارائىت تىپى قاتارلىق بولۇپ، ئۇ يەنە ئادەتتىكى تىپ، تەشنا بولۇش تىپى ۋە ئالاھىدە ئۇنۇملۇك تىپ دەپمۇ ئاتالغان. تەشنا بولۇش تىپى بولسا ھاياتىي كۈچكە تولۇشنى، روھلۇق، ئەقىللىك، ساغلام كەيپىيات بولۇشقا تەشنا بولۇشنى كۆرسەتسە، ئالاھىدە ئۇنۇملۈك ئۆمۈر ئۇزارتىش رېتسېپى بولسا ئالاھىدە بەلگىلەنگەن بەدەن ئەزالىرىنى تولۇق داۋالىتىش، بەش خىل ماي ئىشلىتىش، يەنى دورىلارنى ئىشلىتىشنى كۆرسەتكەن. ئادەتتىكى ئۆمۈر ئۇزارتىش رېتسېپى بولسا ئادەتتە ئىشلىتىدىغان كۈچ - قۇۋۋەت تولۇقلاش يېمەكلىكى (مەسلەن، سۈت، سېرىقماي قاتارلىقلار)نى ئىستېمال قىلىشنى كۆرسەتكەن⑦.

ئۆمۈرنى ئۇزارتىپ، قېرىماي ئۇزاق ياشاشقا دائىر رېتسېپلار ئەجدادلىرىمىز قەدىمدە قوللانغان قەدىمكى تىل - يېزىقلاردىكى تېببىي ئەسەرلەردىمۇ خاتىرىلەنگەن. تۆۋەندە بۇ ھەقتە ئايرىم - ئايرىم توختىلىمىز.

1. «كاراكا تېببىي توپلىمى» (karaka - samhita) دىكى دورا - رېتسېپلار

«كاراكا تېببىي توپلىمى»نىڭ «داۋالاش قىسمى»نىڭ بىرىنچى بابىدا ئۆمۈر ئۇزارتىش رېتسېپلىرىنىڭ

مەزمۇنى بايان قىلىنغان[8]. ئىككىنچى بابى باھنى قۇۋۋەتلەش رېتسېپىدىن تەركىب تاپقان. قالغان بابلىرى بەدەندىكى ھەرخىل كېسەللىكنى داۋالاشتىن تەركىب تاپقان. بۇ تېبببي ئەسەرنىڭ بىرىنچى بابى تۆت كىچىك پاراگرافقا بۆلۈنگەن بولۇپ، ھەممىسى ئەۋلىيا ھەكىم Atreya تەرىپىدىن سۆزلەنگەن. 1 ـ پاراگرافىدا ھېلىلە ۋە Amalaka دىن تەييارلىنىدىغان ئۆمۈر ئۇزارتىش رېتسېپى سۆزلەنگەن. ئۇنىڭدا ساغلام تەنىنىڭ ساغلاملىقىنى كۈچەيتىش، كېسەل تەنىنىڭ كېسىلىنى داۋالاش ۋە قېرىماسلىق رېتسېپى بىلەن باھنى قۇۋۋەتلەش رولى سۆزلەنگەن ھەمدە ئۆمۈر ئۇزارتىش رېتسېپىنىڭ ئىشلىتىلىش ئۇسۇلىغا ئىزاھات بېرىلگەن. ئاندىن ھېلىلىنىڭ دورىلىق خۇسۇسىيىتى ۋە بۇ دورىلارنى يىغىش ـ ساقلاش ۋە ياساش ھەققىدە توختالغان ھەمدە بەزى رېتسېپ ئۈلگىلىرىنى كۆرسەتكەن. مەسىلەن، ئىككى خىل براخما ئۆمۈر ئۇزارتىش رېتسېپى، ئەڭ ياخشى ئۆمۈر ئۇزارتىش رېتسېپلىرىنىڭ بىرسى «كەلگۈسىدە دۇنياغا كەلمىش ئەۋلىيا يېمەكلىكى» رېتسېپى بىلەن ئۆمۈر ئۇزارتىش رېتسېپى (Amalaka rasayana) ھەمدە ئىككى خىل ھېلىلە رېتسېپى قاتارلىقلاردىن ئىبارەت.

ئىككىنچى پاراگرافىدا ھاياتىي كۈچنى ئۇرغىتىدىغان ئۆمۈر ئۇزارتىش رېتسېپى سۆزلەنگەن. بۇنىڭدا ئاۋۋال ئۆمۈر ئۇزارتىش رېتسېپلىرىغا دائىر 37 رېتسېپقا ئىزاھات بېرىلگەن بولۇپ، ئاساسلىقى Amalaka دىن تاۋلاپ ئېلىنىدىغان دورا، پىلەكتىن تاۋلاپ ئېلىنىدىغان دورا، بىر خىل سېرىقگۈل ئائىلىسىگە تەۋە ئۇسۇملۈكتىن ئېلىنىدىغان ئۆمۈر ئۇزارتىش رېتسېپى، Bhallataka kisra دورىسى، ھەسەل ۋە دورا شەربىتى قاتارلىق نۇرغۇن دورا ـ رېتسېپلارغا ئىزاھات بېرىلگەن.

ئۈچىنچى پاراگرافى kara ـ pracitiya دەپ ئاتالغان بولۇپ، بۇنىڭدا Amalaka ئاساسلىق تەركىب قىلىنغان ئۆمۈر ئۇزارتىش رېتسېپلىرىدىن تاشقىرى ئەۋلىيا ـ ھەكىملەرنىڭ 16 خىل ئۆمۈر ئۇزارتىش رېتسېپلىرى، ئىندىرانىڭ ئۆمۈر ئۇزارتىش رېتسېپلىرى(Aindra rasayana)، ئەقلىنى كۈچەيتىپ ئۆمۈر ئۇزارتىش رېتسېپلىرى (Medhiya rasayana)، پىلپىل ئۆمۈر ئۇزارتىش رېتسېپلىرى(Pippali rasayana)، پىلپىلدىن ياسىلىدىغان قۇۋۋەت كۈچەيتىش رېتسېپلىرى (Pippali vardhamana rasayana) ، ئۈچ خىل مېۋە دورىسىدىن ياسىلىدىغان ئۆمۈر ئۇزارتىش رېتسېپلىرى (Tirphala rasayana) ۋە بەش خىل مايدىن ياسىلىدىغان ئۆمۈر ئۇزارتىش رېتسېپلىرى (Silajatu rasayana) قاتارلىقلاردىن ئىبارەت بولغان.

تۆتىنچى پاراگرافى بولسا ئاساسلىقى ئەۋلىيا ـ ئەنبىيالارنىڭ ھىمالايا تېغىغا قايتىپ كېلىپ ھاياتلىق ھەققىدىكى تېبببي بىلىملەرنى ئىنسانلار ئارىسىغا تارقاتقانلىقى، ھەرخىل خىسلەتلىك ئۆمۈر ئۇزارتىش، ياشارتىش دورىلىرىنى ياساش ۋە ئۇنى ئىشلىتىش ئۇسۇلىنى ئۆگەتكەنلىكى، ھەرخىل مەبۇد، ئەۋلىيا ـ ئەنبىيالارنىڭ يېمەكلىكىگە ئوخشايدىغان، ئەمما ئۇنىڭدىن سەل كېيىنرەك تۇرىدىغان خىسلەتلىك دورىلار، ئۈنچە ـ مەرۋايىت، قاشتاش قاتارلىقلاردىن ياسىلىدىغان ھەرخىل ئۆمۈر ئۇزارتىپ، قېرىتمايدىغان دورىلار رېتسېپلىرى ھەم ئۇلارنىڭ ئۈنۈمى تونۇشتۇرۇلغان. شۇنداقلا، Aindra بىلەن ئەۋلىيا ـ ئەنبىيالار (Siddha) ۋە براخما (Brahma carin) لارنىڭ ھەرخىل كېسەللەرنى داۋالاش ۋە قېرىماي ئۇزۇن ئۆمۈر كۆرۈش ھەققىدىكى سۆھبەتلىرى بايان قىلىنغان.

**2. «سۇسرۇتا تېبببي توپلىمى» (Susruta ـ samhita)دىكى دورا ـ رېتسېپلار**

«سۇسرۇتا تېبببي توپلىمى»نىڭ «داۋالاش قىسمى» (Cikitsa – sthana)نىڭ 27 ـ ، 30 ـ بابلىرىدا ئۇزۇن ئۆمۈر كۆرۈش رېتسېپلىرى ئاساسىي مەزمۇن قىلىنغان. بۇ مەزمۇنلارنىڭ كۆپىنچىسى كاتتا ئەۋلىيا ھەكىم Dhanvantari سۆزلىگەن ئۇزۇن ئۆمۈر كۆرۈش ھەققىدىكى دورا ـ رېتسېپلار بولۇپ، 27 ـ بابىنىڭ ئۇزۇن ئۆمۈر كۆرۈش رېتسېپلىرىنىڭ ئىشلىتىلىش پرىنسىپلىرى مۇنداق بايان قىلىنغان:

كىشىلەر ياش ياكى ئوتتۇرا ياش ۋاقتىدا، ماھىر تېۋىپ كېلىپ ئاۋۋال ئۇ ۋنىڭغا ماي سۈرتۈشى،

ئاندىن ئىچىنى ھەيدىشى (ئىچىنى سۈردۈرۈپ تازىلىشى)، ئاخىرىدا ئۇزۇن ئۆمۈر كۆرۈش دورىسىنى ئىشلىتىشى لازىم. ئەگەر بۇ ئادەم ئاۋۋال ئىچىنى تازىلىمىسا، ئۇزۇن ئۆمۈر كۆرۈش دورىسىنى بىۋاستە يېيىشكە بولمايدۇ. چوقۇم ئاۋۋال تەييارلىق قىلىشى، ئاندىن دورا يېيىشى لازىم.

تۆۋەندە مەن ئىلگىرى بايان قىلغان بەدەن سۇيۇقلۇقى (خىلىتلار) بىلەن روھىي ئامىللار كەلتۈرۈپ چىقارغان بەدەندىكى بىئاراملىقلارنى تەسۋىرلەپ ئۆتىمەن. سوغۇق سۇ، كالا سۈتى، ھەسەل ۋە سېرىقمايلار ياشلىقنى ساقلاپ قېرىماسلىقنىڭ ئالدىنى ئالىدۇ. ئەمما، ئاچ قورساققا ئايرىم - ئايرىم ئىچىش لازىم ياكى ئىككى - ئۈچ خىل ئۇسۇلدا تەڭشەپ ئۇزمەي ئىچىش لازىم.

بۇ بابتا ئەمدى ھەرخىل ئۇزۇن ئۆمۈر كۆرۈش رېتسېپلىرىنى بايان قىلىمىز: ئاچچىق - چۈچۈك پېلەك دورىسى Vidanga - rasayana، ئاچچىق - چۈچۈك پېلەك رېتسېپى Vidanga - kalpa، Kasmarya رېتسېپى، سېرىقگۈل يىلتىزى رېتسېپى Bala - kalpa، Varahi رېتسېپى، ئەڭ ئاخىرقى بىرسى يۈز خىل قايناتما سېرىقماي رېتسېپى قاتارلىقلار.

28 - بابى كۈچلۈك تەشنالىق، ئەقىل ۋە ئۇزۇن ئۆمۈر كۆرۈش رېتسېپلىرى (Medhayuskamiya Rasayana) بولۇپ، بۇنىڭدا كۆرسىتىلگەن رېتسېپلار: ئىگىردىن تەييارلىنىدىغان ئۆمۈر ئۇزارتىش رېتسېپى (Vaca rasayana)، ئىگىردىن تەييارلىنىدىغان سېرىقمايلىق قايناتما (sata - paka vaka - ghrta) قاتارلىق ئون نەچچە خىل بولغان، يەنە قېرىماي ئۆمۈر ئۇزارتىش ئۇسۇلى، نەزىر - چىراغ مۇراسىملىرى ئۆتكۈزۈپ، ماندىرا ئايەتلىرىنى ھەم دۇرۇت - قەسىدىلەر ئوقۇش بىلەن دورىنى بىرلەشتۈرۈپ ئىشلىتىش ئۇسۇلى قاتارلىقلار تونۇشتۇرۇلغان.

29 - بابىدا كېسەلدىن مۇداپىئەلىنىش توغرىسىدا توختالغان. بۇ بابنىڭ نامى «كېسەلدىن مۇداپىئەلىنىپ ئۇزۇن ئۆمۈر كۆرۈش» رېتسېپلىرى (vyadhi piratsedhamiya rasayana - srabhavika) بولۇپ، بۇنىڭدا «قورقۇنچلۇق كېسەل» Svabhava - vyadhi ئومۇمىي كېسەللىكنىڭ تۆتتىن بىرىنى ئىگىلەيدىغانلىقى، ئاچلىق، يەپ - ئىچىش، ئۇخلاش، قېرىش، ئۆلۈش قاتارلىقلارنىڭ كېسەللىك بىلەن بولغان مۇناسىۋىتى بايان قىلىنىش بىلەن بىللە، بۇ بابتا يەنە سومانىڭ ئىشلىتىلىشى، سوما ئۆسۈملۈكى بىلەن باشقا ئۆسۈملۈكلەرنىڭ ئوخشىمايدىغان ئالاھىدىلىكى ھەمدە كېلىپچىقىش ئورنى قاتارلىقلارمۇ بايان قىلىنغان. مەسىلەن، قەدىمدە بىراخما قاتارلىقلار ئەۋلىيا - ئەنبىيالار يەيدىغان سوما (Soma) دەپ ئاتىلىدىغان يېمەكلىكنى ئىجاد قىلىشقا مۇۋەپپەق بولغان، سوما دېگەن يېمەكلىك قېرىشنىڭ ۋە ئۆلۈشنىڭ ئالدىنى ئالالايدۇ. تۆۋەندە ئۇنىڭ ئىشلىتىلىش ئۇسۇلى تونۇشتۇرۇلىدۇ.

قىممەتلىك سوما پەقەت بىرلا خىل بولىدۇ. لېكىن، ئۇ كېلىپچىقىش ئورنى، ئاتىلىشى، شەكلى ۋە شىپالىق ئۈنۈمى جەھەتتە ئوخشىمايدىغان 24 خىل شەكىلدە بولىدۇ. ئەمما، ئۇلارنىڭ ئىشلىتىلىش ئۇسۇللىرى ئوخشايدۇ ھەمدە ئوخشاش شىپالىق ئۈنۈمگە ئىگە. ئۇلارنى ئىشلىتىش ئۇسۇلى مۇنداق:

ھەرقانداق بىر خىلدىكى سومانى ئىشلەتكۈچى كىشى ئاۋۋال بىر ئېغىز ئۆي تەييارلىشى كېرەك. بۇ ئۆي ياخشى بىر جايغا سېلىنىشى ۋە ئۆينىڭ ئۈچ تېمى بولۇشى كېرەك. سوما ئىشلەتمەكچى بولغان كىشى لازىملىق نەرسىلەرنى ۋە ھەمراھ بولغۇچىنى ئېلىپ ئۆي ئالدىدا تەخ بولۇشى، بولۇپمۇ سوما ۋە ئىبادەت مۇراسىمىدا ئىشلىتىلىدىغان نەرسىلەرنى تولۇق ئېلىپ ئاندىن ئۆيگە كىرىشى لازىم. دۇئا - تەپسىر ۋە دۇرۇت - قەسىدىلەرنى ئوقۇپ تىلەك تىلەپ بولغاندىن كېيىن، ئۇ كىشى ئالتۇن يىڭنە بىلەن سومانى تېشىپ، ئېقىپ چۈشكەن سۇيۇقلۇقنى ئالتۇندىن ياكى كۈمۈشتىن ياسالغان قاچىغا ئېلىپ، دەرھال ئىچىۋېتىشى لازىم. ئاندىن ئۇ كىشى ئۆزىنى تۇتۇۋېلىپ، ئېغىر - بېسىقلىق بىلەن ئۆزىنى تىنچ تۇتۇشى ھەمدە دوست - بۇرادەرلىرىنىڭ ھەمراھلىقىدا ئۆيدىن چىقىپ كېتىشى لازىم. ھەرقانداق بىر كىشى

ئۆمۈر ئۇزارتىش دورىسىنى ئىچكەندىن كېيىن، تىنچ، شامال تەگمەيدىغان جايدا ئولتۇرسىمۇ، ماڭسىمۇ بولىدۇ، لېكىن ئۇخلاپ قالماسلىقى لازىم.

30 - بابى روھىي ۋە جىسمانىي جەھەتتىكى ئازابنى يوقىتىش، ئۇزۇن ئۆمۈر كۆرۈش رېتسېپلىرى (Nivrtta - samtapiya - rasayana) بولۇپ، بۇ رېتسېپلارنى ئىشلەتكەندىن كېيىن كىشىلەر بىردىنلا يېنىكلەيدۇ، ئىنسانلار مانا شۇنداق كارامەتلىك دورىلارغا ئېرىشكەندىن كېيىن، كەڭ تەبىئەت قوينىدا بۇ دورىلاردىن بەھرىمەن بولسا بولىدۇ.

ئەمما، يەتتە خىل ئادەم ئۆمۈر ئۇزارتىش دورىسىنى ئىشلەتسە بولمايدۇ. يەنى، ئۆز - ئۆزىنى چەكلەپ تۇرۇش ئىقتىدارى يوقلار، ياخشىچاق خۇشامەتچىلەر، نامراتلار، قاپ يۈرەكلەر، كېسەلدىن خالىي بولالمايدىغانلار، گۇناھكار جىنايەتچىلەر ۋە دورىدىن زەھەرلىنىدىغانلار. بۇ بابتا يەنە قېرىماي ئۇزۇن ئۆمۈر كۆرۈشكە دائىر 18 خىل دورا - رېتسېپلار ۋە ئۇلارنىڭ تەركىبى كۆرسىتىلگەن.

**3. «سەككىز تۈرلۈك داۋالاش تېخنىكىسى» (Astanga - samgraha) بىلەن «يۈرەك كېسىلىنى داۋالاشتىكى سەككىز خىل رېتسېپ توپلىمى» (Astangahrdaya - samhita) دىكى دورا - رېتسېپلار**

مەشھۇر تېۋىپ Vagbhata توپلاپ رەتلىگەن بۇ ئىككى تېببىي ئەسەرنىڭ كېيىنكىسى ئالدىنقىسىنىڭ قىسقارتىپ يېزىلىشى بولۇپ، بۇ ئىككى كىتابتىكى قېرىماي ئۇزۇن ئۆمۈر كۆرۈش رېتسېپلىرى «داۋالاش قىسمى»غا كىرگۈزۈلمەي، ئەكسىچە «كېيىنكى نەتىجە قىسمى»نىڭ ئاخىرىغا كىرگۈزۈلگەن، يەنى پۈتۈن كىتابنىڭ ئەڭ ئاخىرىدىكى ئىككى بابقا كىرگۈزۈلگەن. «سەككىز تۈرلۈك داۋالاش تېخنىكىسى»نىڭ «تولۇقلىما قىسمى»نىڭ 49 - بابى «ئۇزۇن ئۆمۈر كۆرۈش ئۇسۇلى» Rasayana - vidhi بولۇپ، جەمئىي 419 قەسىدىدىن تەركىب تاپقان. مۇقەددىمە بابىدا ئۇزۇن ئۆمۈر كۆرۈش رېتسېپلىرىنىڭ ياخشىلىق تەرەپى (Rasayana phala) ھەمدە ئۇنىڭ مۇھىملىقى (rasayana avasyakata) كۆرسىتىلگەن. مەسىلەن، ئەستە تۇتۇش قابىلىيىتى ياخشى بولۇش ۋە ئەقىللىك بولۇش، تېنى ساغلام بولۇش، روھىي ھالىتى ئورغۇپ تۇرۇش، رەڭگىرويى ۋە ئاۋازى جاراڭلىق بولۇش، تەپەككۇرى ئوچۇق ۋە ئېنىق بولۇش قاتارلىقلار ئادەمنىڭ سۆڭەك ۋە ئىچكى ئەزالىرىنىڭ قۇۋۋىتىنى ئاشۇرىدۇ، تىلدا، جىنسىي قابىلىيەتتە ۋە باشقا ئىقتىدار جەھەتتە مۇۋەپپەقىيەت قازىنىش قاتارلىقلارنىڭ ھەممىسى مانا شۇ قېرىماي ئۇزۇن ئۆمۈر كۆرۈش رېتسېپلىرىدىن كېلىدۇ. بۇلار راسا (rasa) ۋە باشقا بەدەن تۈزۈلۈشى (dhatu) ئەڭ ياخشى ھالەتتە تۇرۇشنىڭ ئەڭ ياخشى ۋاسىتىسى، بۇ، قېرىماي ئۇزۇن ئۆمۈر كۆرۈش رېتسېپى، دەپ ئاتىلىدۇ.

ساغلام بولمىغان يېمەكلىكلەر ئادەم بەدىنىدىكى «ئۈچ خىل سۇيۇقلۇق»[9] ۋە «يەتتە ئەھل»نى ئېغىر بۇزغۇنچىلىققا ئۇچرىتىپ، ھەرخىل كېسەللىك ئالامەتلىرىنى پەيدا قىلىدۇ. شۇڭا، ئەقلى - ھوشى جايىدا ئادەملەر يۇقىرىدا ئېيتىلغان يېمەكلىك قاتارلىقلار كەلتۈرۈپ چىقىرىدىغان بەدەن سۇيۇقلۇقى (خىلىت)نىڭ ناچارلىشىشىدىن ساقلىنىشى، يېمەك - ئىچمەككە دىققەت قىلىشى لازىم. يەنە بەدەندىكى ناچار سۇيۇقلۇقلارنى ھەيدەپ چىقىرىپ تازىلىغاندىن كېيىن، دەرھال ئۆمۈر ئۇزارتىش رېتسېپلىرىغا مۇراجىئەت قىلىشى، قائىدە بويىچە ئىش كۆرۈشى كېرەك.

ئۇزۇن ئۆمۈر كۆرۈش رېتسېپلىرى ئىككى خىلغا بۆلۈنىدۇ: بىرىنچى خىلىدا ئالاھىدە ياسالغان بىر ئۆي ئىچىدە مەشغۇلات ئېلىپ بارىدۇ. يەنە بىر خىلىدا ئۆي سىرتىدا (Vatatapika) — ئاپتاپ ۋە شامالدا مەشغۇلات قىلىدۇ. مەسىلەن، ئۆي ئىچىدە ئېلىپ بېرىلىدىغان مەشغۇلاتتا دائىم ئىشلىتىلىدىغان ئۇزۇن ئۆمۈر كۆرۈش رېتسېپلىرىدىن: ھېلىلە رېتسېپى (haritaki yogas)، پىلپىل رېتسېپى(pippali rasayana)، پىلەك رېتسېپى (Vidangadi - yoga)، ئۈچ مېۋە رېتسېپى (triphala yoga)، كەلگۈسى ئەۋلىيا يېمەكلىكى رېتسېپى( Cyavana prasa)، سۇۋارنا رېتسېپى (suvarna yoga)، ئىگىر رېتسېپى

(Vaka yogas)، سامساق رېتسېپى (Lasona yogas)، يەتتە خىل تەملىك مانىنا رېتسېپى (saptamrita curna)، سوماترا رېتسېپى (somatra ghrta)، سالاجىت رېتسېپى (Goggulu yogas)، بەش خىل ماي رېتسېپى (Silajatu yogas)، سىۋا رېتسېپى (Siva gutika) قاتارلىق قېرىماي ئۇزۇن ئۆمۈر كۆرۈشكە دائىر بىر يۈرۈش دورا ـ رېتسېپلار خاتىرىلەنگەن.

4. «بوۋېر قول يازما نۇسخىسى» (The Bower manusctipt)دىكى دورا ـ رېتسېپلار

ھازىرغىچە دىيارىمىزدىن تېپىلغان سانسكرىت يېزىقىدىكى تېبابەتچىلىككە دائىر ۋەسىقىلەر ئىچىدە «بوۋېر قول يازما نۇسخىسى» دەپ ئاتالغان بۇ ۋەسىقە جەمئىي يەتتە قىسىم بولۇپ، ئۇنىڭ ئىچىدىكى ئۈچ قىسمى تېبابەتچىلىككە دائىر مەزمۇنلاردىن تەركىب تاپقان. يەتتە قىسىملىق بۇ مەشھۇر ۋەسىقىنىڭ تېپىلىشى دۇنيا ئىلىم ساھەسىدىكىلەرنىڭ دىققىتىنى ئۆزىگە تارتىپ، «غەربىي دىيار ئېكسپېدىتسىيە قىزغىنلىقى»نىڭ يۇقىرى دولقۇنغا كۆتۈرۈلۈشىگە سەۋەب بولغان. كۇچادىن تېپىلغان بۇ سانسكرىت يېزىقىدىكى يەتتە قىسىملىق ۋەسىقە كېيىن ئەنگلىيەنىڭ ئوكسفورد ئۇنىۋېرسىتېتى بودلىئان كۇتۇپخانىسىغا يىغىپ ساقلانغان.

مەزكۇر ۋەسىقە خەلقئارادا ئەڭ دەسلەپتە ئەنگلىيە ئالىمى خورنىلى (1841 ــ 1918 (A.F.Rodlf Hoernle) تەرىپىدىن تەتقىق قىلىنغان. ئۇ 1981 ـ يىلى بۇ تېببىي ۋەسىقىنىڭ بىر قىسمىنى ئىنگلىزچىغا تەرجىمە قىلىپ ئېلان قىلغان، كېيىن ئۇ 20 يىللىق تەتقىقات ھاياتىنى بۇ ۋەسىقىنى تەتقىق قىلىشقا بېغىشلاپ، پۈتۈن ۋەسىقىنى ترانسكرىپسىيە قىلىپ، ئىنگلىزچىغا تەرجىمە قىلىپ، ئۈچ توملۇق ئەسەر قىلىپ نەشر قىلدۇرغان. 1909 ـ يىلى خورنىلى بۇ قول يازما ۋەسىقىنى يەنە بىر مۇھىم تېببىي ۋەسىقە «كاراكا تېبابەتچىلىك توپلىمى» (Caraka ـ samhita)غا سېلىشتۇرۇپ تەتقىق قىلىپ، «ئاسىيا تەتقىقاتى ژۇرنىلى»نىڭ 1909 ـ يىللىق سانىنىڭ 857 ـ، 893 ـ بەتلىرىدە ئېلان قىلغان.[11]

بۇ ۋەسىقىنىڭ 1 ـ جىلدىدا ئۇزۇن ئۆمۈر كۆرۈشكە دائىر بىر رېتسېپ مۇنداق يېزىلغان: ئەستە تۇتۇش ئىقتىدارى يۇقىرى، قاۋۇل ۋە بەستلىك، تېنى ساغلام، قېرىماي ئۇزۇن ئۆمۈر كۆرۈشكە كۆچلۈك تەشنا بولغان بىر ئادەم چوقۇم ئوت ـ چۆپ ئۆسۈملۈك دورىلىرىنى، قىيام ۋە شەربىتىنى (sankhapuspi, Gansvora decussate) ئىچىپ تۇرۇشى لازىم. شۇنداق بولغاندا بىر ئايدىلا ئەستە تۇتۇش قابىلىيىتىنى ئاشۇرالايدۇ. ئەگەر 12 ئاي داۋاملاشتۇرالىسا تېخىمۇ كۈچ ـ قۇۋۋەتكە تولۇپ، تېنى ساغلاملىشىدۇ، تېۋىپنىڭ كۆرسەتمىسى بويىچە ئۇزۇن مەزگىل داۋاملاشتۇرۇلسا جەزمەن ئۇزۇن ئۆمۈر كۆرەلەيدۇ.

«بوۋېر قول يازما نۇسخىسى»نىڭ 2 ـ قىسمى بولغان «جەۋھەرنامە»نىڭ 6 ـ بابى پۈتۈنلەي قېرىماي ئۇزۇن ئۆمۈر كۆرۈش رېتسېپلىرى (rasayana) بولۇپ، ئۇ ناھايىتى كۆپ دورا ۋە رېتسېپلاردىن تەشكىل تاپقان. مەسىلەن:

1) «پىلپىلدىن تەييارلىنىدىغان ئۇزۇن ئۆمۈر كۆرۈش رېتسېپى» (pippali ـ Vardhamana)دا مۇنداق خاتىرىلەنگەن:

«مەن كىشىلەرنىڭ سالامەتلىكى ۋە بەختىگە كۆڭۈل بۆلۈش يۈزىسىدىن ‹پىلپىلدىن تەييارلىنىدىغان ئۇزۇن ئۆمۈر كۆرۈش رېتسېپى›نىڭ ساۋابى، ئىقتىدارى، ئۈنۈمى ۋە كۈچىنى سۆزلەيمەن. ‹مانىنا دورىسى›غا ئوخشاش مۇنداق ئېسىل دورىنى ئىچمىگەنلەر جەزمەن پۇشايمان قىلىدۇ. چۈنكى، ئۇ ئېلىپ كېلىدىغان ياخشىلىقلار ھەقىقەتەن كۆپ. شۇڭا، بەزىلەر بايلىققا، سالامەتلىككە، بالا تۇغۇپ تەربىيەلەشكە، ئەقىللىك، ساغلام بولۇشقا تەشنا بولىدىكەن، ئۇنداقتا مانا مۇشۇنداق خاسىيەتلىك، قېرىشنىڭ ئالدىنى

ئالدىغان، ئۆمۈر ئۇزارتىدىغان دورىلارنى ئىچىپ تۇرۇشى لازىم. تېۋىپنىڭ كۆرسەتمىسى بويىچە، ئىچمەكچى بولغان ئۆمۈر ئۇزارتىش دورىلىرىغا ياغ ۋە سېرىقماي ئارىلاشتۇرۇپ، ئۇنىڭغا يەنە ئۇزۇن ئۆمۈر كۆرۈش تۈرىدىكى دورىنى ئارىلاشتۇرىدۇ. بۇ، ئادەمنى قۇستۇرۇپ، ئىچىنى سۈردۈرۇپ، ئىچكى ئەزادىكى بارلىق زەھەرلىك ۋە كېرەكسىز ماددىلارنى ھەيدەپ چىقىرىدۇ. ئاندىن ئادەم ئىچى ـ سىرتى پاكلانغاندىن كېيىن پىلپىلدىن تەييارلانغان ئۆمۈر ئۇزارتىش دورىسىنى قائىدە بويىچە ئىستېمال قىلسا بولىدۇ. كىشىلەر چوقۇم پاكلىنىپ، ئەۋلىيا ـ ئەنبىيالارغا ۋە ئىلاھلارغا نەزىر ـ چىراغ بېرىشتىن تاشقىرى، دائىم ئۇ دورىنى ئىستېمال قىلىپ تۇرۇشى لازىم. ئاندىن كالا سۈتى ياكى قوي سۈتى ئىچىپ ھەزىمنى ياخشىلىشى، تاماق يېگەندە سۇيۇق ـ سەلەڭ يېمەكلىكلەرنى يېيىشى كېرەك. پىلپىلدىن تەييارلىنىدىغان بۇ دورىنى 100 تال يەپ بولغاندىن كېيىن، كۈنىگە يەنە بىر تالدىن قوشۇپ، مىقدارىنى ئاشۇرۇپ يېيىشى لازىم. ھەر يەتتە كۈندە بىر قېتىم سۈت ۋە گۈرۈچنى قايناتىپ ئىچىشى، پۇرچاق سېلىنغان شورپا ئىچىپ تۇرۇشى، سوغۇقتىن ۋە شامالدىن ئۆزىنى تارتىشى لازىم. يەنە ھەرخىل مېۋە شەربەتلىرىنى ۋە ئانار شەربىتىنى ئىچىپ تۇرۇشى لازىم. ۋاقتىدا يۇيۇنۇپ، پاكىز يۈرۈشى لازىم. ئەگەر ھەرقانداق كىشى يۇقىرىقىدەك داۋالىنىش ئۇسۇلىنى ئىزچىل داۋاملاشتۇرالىسا، ناھايىتى تېزلا سالامەتلىكى ياخشىلىنىپ، ئەقلىي قابىلىيىتى ئاشىدۇ، روھى ئۇرغۇپ كۈچ ـ قۇۋۋەتكە تولىدۇ. ئەگەر بىر ئايال ساغلام بالا تۇغماقچى بولسا، ھەتتا تۇغۇش ئىقتىدارىدىن مەھرۇم بولغان بولسا، ئۇ يۇقىرىدىكى ئۇسۇلدا داۋالانسا بالا يۈزى كۆرەلەيدۇ. شۇنىڭ بىلەن بىللە يۈزىدىكى ئاق ـ قارا داغ، ئەمچەك كېسىلى، يامان سۈپەتلىك سېرىقلىق چۈشۈش كېسىلى، تۇتقاقلىق كېسىلى، سەۋدايىلىق كېسىلى، قىزىتما كېسىلى قاتارلىقلارغا تېز ئۈنۈم بېرىپ شىپا بولىدۇ. دائىم مۇشۇ داۋالاش ئۇسۇلىنى قوللانسا قورۇق، ھەرخىل داغ، چاچقا ئاق كىرىش (ئاقىرىش)، ھەرخىل تېرە كېسىلى، نەپەس يولى كېسەللىكلىرى، بۆرەك، يۈرەك، ئۆپكە كېسەللىكلىرى قاتارلىقلارغا ئوبدان شىپا بولىدۇ. پىلپىلدىن تەييارلىنىدىغان بۇ ئۆمۈر ئۇزارتىش دورىسىنى نورمال ئادەم ئۈچتىن بەشكىچە يېيىشى، ئەگەر كېسەل كىشى بولسا ئۇنىڭ يېشى ۋە كۆتۈرۈش ئىقتىدارىغا قاراپ سەككىز تالدىن ئون تالغىچە يېسە بولىدۇ. ئەمما، ھەرقانداق ئەھۋال ئاستىدا دورىدىن كېيىنلا سۈت ئىچىشى لازىم. شۇڭا، ھەربىر كىشى ئۆز ئەھۋالىغا قاراپ، تېۋىپنىڭ گېپىنى ئاڭلاپ، تېگىشلىك پەرھىز تۇتۇشى، دورا ئىشلىتىش مىقدارى ۋە ئىشلىتىش ئۇسۇلىغا دىققەت قىلىشى لازىم».

2) «بوۋېر قول يازما نۇسخىسى»نىڭ 2 ـ قىسىم 9 ـ بابىدا ھېلىلىنىڭ ئۇزۇن ئۆمۈر كۆرۈشتىكى دورىلىق قىممىتى، شىپالىق رولى ۋە رېتسېپى مۇنداق خاتىرىلەنگەن:

بىر جۈپ تايچاق براخماندىن مۇنداق سورىغانىكەن: «ھېلىلە نەدە ئۆسىدۇ، ئۇنىڭ ھازىر قانچە خىلى بار، ئۇنىڭ قانچە خىل تەمى بار، ئۇنىڭ پۇرىقى قانداق بولىدۇ، ھەربىر خىلىنىڭ نامى، رەڭگى ۋە بەلگە ـ ئالامىتى قانداق، شەكلى قانداق، ئۇ قانداق دورىلارغا ئارىلاشتۇرۇلىدۇ، ئۇ ئاساسلىقى قايسى خىل كېسەلنى داۋالىيالايدۇ؟ ھەزرەتلىرىنىڭ بۇ سوئاللارغا خۇشاللىق بىلەن جاۋاب بېرىشلىرىنى ئۆتۈنىمىز.»

براخمان بۇ بىر جۈپ تايچاقنىڭ سوئاللىرىنى كۆڭۈل قويۇپ ئاڭلىغاندىن كېيىن، ئەستايىدىل جاۋاب بېرىپ مۇنداق دېگەن: «سىلەر مەندىن سورىغان بۇ دورىنىڭ ئەھمىيىتىنى سىلەرگە چۈشەندۈرەي، سىلەر ئىمكان بار بۇنى تولۇقراق چۈشىنىۋېلىڭلار. بۇدساتۋا مانىنا (ئۇسۇملۇك شېكىرى، مەسىلەن يانتاق شېكىرى قاتارلىقلارنى كۆرسىتىدۇ)نى يېگەن ۋاقىتتا، ئۇنىڭ بىر تامچىسى يەرگە تېمىپ چۈشكەنىكەن، شۇڭا بۇ جايدىن ئەڭ ئېسىل دورا ھېلىلە ئۈنۈپ چىققانىمىش. Amrita, Putana, Rohini, Tirvrta, Vijaya Abhaya ۋە Jivanti قاتارلىقلار دەل يەتتە خىل ھېلىلىدۇر. بۇلاردىن Vijaya نىڭ شەكلى قاپاققا ئوخشايدۇ.

Rohiniنىڭ شەكلى توپقا ئوخشايدۇ؛ Putanaنىڭ شەكلى يوغان ياڭاققا ئوخشايدۇ، مېۋىسى نېپىز بولىدۇ؛ (Amrita)نىڭ بولسا مېۋىسىنىڭ گۆشى قېلىن بولىدۇ. Jivanti ئالتۇن رەڭلىك كېلىدۇ؛ Tirvrtaنىڭ شەكلى بەش قىرلىق كېلىدۇ؛ Abhaya بولسا قارا رەڭدە كېلىدۇ. بىراخمان ناھايىتى قەدىمدىلا ئالەمگە شۇنداق جاكارلىغانىكەن. ئۇلاردا بەش خىل تەم، پۇراق بولىدۇ، تەبىئىتى ئىسسىققا مايىل، لېكىن ئۇلاردا ئۆتكۈر پۇراق يوق بولغىنى بىلەن بەك مۇھىم دورا دەپ قارىلىدۇ. ھېلىلە زەھەرسىز، ئۇ بەدەندىكى كېرەكسىز ماددىلارنى ھەيدەيدۇ، شۇڭا ئۇ ساغلاملىقتا، ئەقىل ـ پاراسەتكە، قۇۋۋەتكە، قېرىماسلىقتا ۋە ئۇزۇن ئۆمۈر كۆرۈشكە پايدىلىق دەپ قارىلىدۇ. يەتتە خىل ھېلىلىنىڭ ھەممىسى ئىنتايىن خاسىيەتلىك، دورىلىق ئۈنۈمى تېز ۋە ياخشى، زىيانسىز، ئادەمنى خۇشال قىلىپ روھىنى كۆتۈرىدۇ. ساغلام، چەبدەس قىلىپ كۈچ ـ مادارغا ئىگە قىلىدۇ. ھېلىلە تېنى ئاجىزلارغا نىسبەتەن ئېسىل دورا بولۇپ ھېسابلىنىدۇ. ياشلارغا نىسبەتەن ۋە يىل بويى كېسەل ئازابىدا قالغانلارغا نىسبەتەنمۇ شۇنداق. ئەمەلىيەتتە، ھېلىلە كىشىلەرنىڭ ساغلام ۋە بەختلىك بولۇشىدىكى، ئاغرىق ئازابىدىن قۇتۇلۇشىدىكى ئەڭ ياخشى دورا ھېسابلىنىدۇ.

مەيلى كىم بولۇشىدىن قەتئىينەزەر، ھېلىلە، قۇش مېڭىسى، زەنجىۋىل، پىلپىل قاتارلىقلارنى ئىستېمال قىلىپ بەرسە، كېسەلدىن خالىي بولۇپ ئۇزۇن ئۆمۈر كۆرەلەيدۇ ياكى بىر ئادەم كۈنىگە ئىككى تال ھېلىلىگە شېكەر، ھەسەل ئارىلاشتۇرۇپ يېسە، بۇ ئادىتىنى تاكى مىڭ تال ھېلىلە يەپ بولغۇچە داۋاملاشتۇرسا، ئۇ ئادەم ھەرقانداق كېسەلنى يېڭىپ ئۇزۇن ئۆمۈر كۆرەلەيدۇ.

يەنە مىسالەن، بىر ئادەم ھەر ۋاخلىق تامىقىدا ھېلىلە، سەي پۇرچىقى mudga, phaseolus Mungo (بىر خىل دورىلىق ئۇسۇملۇك تۇرى)نى بىللە يەپ بەرسە، يۈز ياشتىن ئارتۇق ئۆمۈر كۆرەلەيدۇ، نۇرغۇن كېسەلدىن خالىي بولالايدۇ. ئەگەر قانۇنىيەتلىك رەۋىشتە مۇشۇ بويىچە ئىستېمال قىلىشنى داۋاملاشتۇرالىسا، ئۇنداقتا ئۇ كىشىنىڭ روھى ئۇرغۇپ، بەدىنى كۈچ ـ قۇۋۋەتكە تولۇپ، قورۇق چۈشۈش ۋە چاچ ئاقىرىش قاتارلىقلاردىن خالىي بولالايدۇ، مەنىۋى كۈچىمۇ تولۇپ تاشىدۇ.

«بوۋېر قول يازما نۇسخىسى»دا يۇقىرىقىلاردىن باشقا ئۇزۇن ئۆمۈر كۆرۈشكە دائىر دورا ـ رېتسېپلار خېلى كۆپ خاتىرىلەنگەن.

**5. «تېبابەتچىلىك نەزەرىيەسى جەۋھەرلىرى» (Siddhasara)دىكى دورا ـ رېتسېپلار**

«تېبابەتچىلىك نەزەرىيەسى جەۋھەرلىرى»نىڭ ئەسلىي نۇسخىسى سانسكرىت يېزىقىدا يېزىلغان. ئۇدۇن تىلىدىكى «تېبابەتچىلىك نەزەرىيەسى جەۋھەرلىرى» (Siddhasara) بولسا دۇنخۇاڭدىكى نوم ساقلاش كېمىرىدىن تېپىلغان بولۇپ، ئۇنىڭ ئىككى خىلى بار. بىرسى hc .ii.200 نومۇرلۇق (يېڭى سالغان نومۇرى LOK KHOT 116 ـ 137)، يەنە بىرسى P .2892 نومۇرلۇق، مەزكۇر ۋەسىقە 8 ـ ئەسىرنىڭ ئالدى ـ كەينىدە سانسكرىت تىلىدىن ئۇدۇن تىلىغا، 10 ـ ئەسىردە تىبەت تىلىغا تەرجىمە قىلىنغان.

1963 ـ يىلى ئۇدۇن تىلى مۇتەخەسسىسى پىروفېسسور H. W. Baily «تېبابەتچىلىك نەزەرىيەسى جەۋھەرلىرى»نىڭ ئۇدۇن تىلىدىكى نۇسخىسى بىلەن «جىۋاكا تېببىي دەستۇرى» (Jivaka ـ pustaka)نىڭ ئۇدۇن تىلىدىكى نۇسخىسىنى تەتقىق قىلىپ، ترانسكرىپسىيەگە ئېلىپ تەرجىمە قىلىپ، 1963 ـ يىلى كامبرىج ئۇنىۋېرسىتېتىدا نەشر قىلدۇرغان «ئۇدۇن تىلىدىكى ۋەسىقىلەر توپلىمى»نىڭ 5 ـ قىسمىدا ئېلان قىلغان.

ئۇنىڭدىن كېيىن سانسكرىت تىلى مۇتەخەسسىسى ۋە پىروفېسسور R. E. Emmerick «تېبابەتچىلىك نەزەرىيەسى جەۋھەرلىرى»نى ناھايىتى سىستېمىلىق تەتقىق قىلغان ھەم بۇنى بەش توم قىلىپ ئىشلىگەن. بىرىنچى تومى مەزكۇر ۋەسىقىنىڭ سانسكرىت تىلىدىكى سېلىشتۇرۇپ ئىزاھلىغان نۇسخىسى؛

ئىككىنچى تومى تىبەت تىلىدىكى نۇسخىسىنى ئىنگلىز تىلىغا تەرجىمە قىلىپ ئىزاھلىغان نۇسخىسى، ئۈچىنچى، بەشىنچى توملىرى ئۇدۇن تىلىدىكى نۇسخىسىنى تىرانسكرىپسىيە قىلىش، تەرجىمە قىلىش، ئىزاھلاش، يەشمە بېرىش ۋە تەتقىق قىلىشتىن ئىبارەت. بۇ ۋەسىقىنىڭ قەدىمكى ئۇيغۇر تىلىدىكى نۇسخىسى 1996 ـ يىلى تەتقىقاتچى Dieter Manu تەرىپىدىن تەتقىق قىلىنىپ ئېلان قىلىنغان، ئەمما تەتقىقات نەتىجىسىنىڭ قانداق بولغانلىقى مەلۇم ئەمەس[12].

31 بابلىق زور ھەجىملىك بۇ تېبىبىي ئەسەرنىڭ 28 ـ بابى ئۇزۇن ئۆمۈر كۆرۈش رېتسېپى ۋە قۇۋۋەت دورىلىرىغا ئالاقىدار بولۇپ، بۇ بابتا ئۇزۇن ئۆمۈر كۆرۈشكە دائىر نۇرغۇن دورا ـ رېتسېپلار خاتىرىلەنگەن. مەسىلەن، ئادەم مەيلى ياش، ئوتتۇرا ياش ياكى ياشانغان بولۇشىدىن قەتئىينەزەر، قۇستۇرۇش، ئىچنى سۈردۈرۈش دورىلىرى بىلەن ئاۋۋال بەدەن ئىچى ـ سىرتىدىكى بارلىق كېرەكسىز ماددىلارنى ھەيدەپ چىقىرىش ۋە مونچىدا يۇيۇنۇشتىن ئىبارەت ئۇسۇلنى قوللىنىپ پاكلىنىشى لازىم. ئاندىن سېرىقماي، ھەسەل، تۆمۈر كېپىكى، بادام قاتارلىقلارنى ئارىلاشتۇرۇپ بىر قاچىغا ئېلىپ ئاغزىنى ھىم ئېتىپ، يېرىم يىل ئۆتكەندىن كېيىن ئەتىگەن ـ كەچلەردە دائىم ئىستېمال قىلىپ تۇرۇشى لازىم. بۇ دورا چاچقا ئاق چۈشۈشنىڭ، بالدۇر قېرىشنىڭ ئالدىنى ئالىدۇ، ئۇزۇن ئۆمۈر كۆرۈشكە زور ياردىمى بولىدۇ.

ھېلىلە، تۆمۈر كېپىكى، ئاچچىقپېلەك، بادام مېغىزى قاتارلىقلارغا شېكەر، سېرىقماي، كۈنجۈت يېغىنى ئارىلاشتۇرۇپ دائىم ئىستېمال قىلىپ بەرسە قېرىشنىڭ ئالدىنى ئالىدۇ.

تۆمۈر كېپىكى بىلەن شېكەر، خام زەنجىۋىل، كۈنجۈت يېغى ۋە ئۈچ خىل مېۋە شەربىتىنى ئارىلاشتۇرۇپ، سۈس ئوتتا قاينىتىپ، سوۋۇغاندا كۈندە ناشتىدا بىر قوشۇقتىن ئىچىپ بەرسە، بۇ ئەڭ ئېسىل ئۇزۇن ئۆمۈر كۆرۈش دورىسى بولالايدۇ.

ئۇزۇن ئۆمۈر كۆرۈشنى ئارزۇ قىلىدىغانلار چوقۇم سۈت، كۆك پۇرچاق شورپىسى ۋە ھەرخىل قۇش گۆشلىرىنى شورپىسى بىلەن ئىستېمال قىلىپ تۇرۇشى لازىم.

ھەر قېتىم 100 بولۇدىن (بولو بولسا ئېغىرلىق ئۆلچىمى) بادام مېغىزى، سېرىقماي، ھەسەل، شېكەر قاتارلىقلارنى ئارىلاشتۇرۇپ مەلھەم دورا ياساپ، ئۇنى قاچىغا ئېلىپ ئاغزىنى ھىم ئېتىپ نورمال تېمپېراتۇرىدا ئۈچ ئاي ئەتراپىدا ساقلاش، ئاندىن ئەتىگەنلىك ناشتىدا ۋە كەچتە ئۇخلاشنىڭ ئالدىدا بىر قوشۇقتىن يەپ بېرىش لازىم. بۇ ئەڭ ياخشى ئۆمۈر ئۇزارتىش ۋە قېرىماسلىق دورىسى دەپ قارىلىدۇ.

يۈز بولو پىچەكگۈل ئۇرۇقىنى سوقۇپ تالقانلاپ، ئۇنىڭغا ھەسەل، شېكەر، كالا سۈتى ئارىلاشتۇرۇپ مەلھەم ياساپ، ئۇنىڭغا يەنە قايماق ۋە سېرىقماي ئارىلاشتۇرۇپ، قائىدە بويىچە ئۇزۇن ۋاقىت ئىستېمال قىلسا، ياشلىق باھارىنى مەڭگۈ ساقلىغىلى بولىدۇ. ئەمما، يۇقىرىقىدەك ئۇسۇلدا ياساشتا چىڭ تۇرۇش، ئىستېمال قىلىشتا ۋاقىتقا رىئايە قىلىپ، پەرھىز تۇتۇش لازىم.

سېرىقماي بىلەن ھەسەلنى يۇمشاق تالقانلانغان چېچەكگۈل ئۇرۇقىغا ئارىلاشتۇرۇپ، ئۇنى سۈت بىلەن سۈس ئوتتا قاينىتىپ، ئۇدا ئۈچ ئاي ئىستېمال قىلسا، ئۆمۈرنى ئۇزارتقىلى، ياشلىق باھارىنى ساقلىغىلى بولىدۇ.

يېرىم بولو تالقانلانغان بىنەپشە گۈل يىلتىزىنى كالا سۈتى بىلەن دائىم ئىچىپ بەرسە، بۇنى بىر ـ ئىككى ئاي داۋاملاشتۇرسا، مۇمكىن بولسا تېخى بىر يىل داۋاملاشتۇرۇپ ئۇزمەي ئىچىپ بەرسە، قېرىشنىڭ ئالدىنى ئالغىلى بولىدۇ. يۇقىرىقىلاردىن باشقا، «تېبابەتچىلىك نەزەرىيەسى جەۋھەرلىرى» ھەمدە يەنە قېرىماسلىق، ياشلىق باھارىنى ساقلاش، ئۇزۇن ئۆمۈر كۆرۈش، ساغلام بەدەن بولۇپ، روھىي كەيپىياتى ئۇرغۇپ تۇرۇشقا دائىر دورا ـ رېتسېپلارمۇ خاتىرىلەنگەن.

ئۇيغۇر كىتاب تورى بېكىتى www.uyghurkitap.com

**6. «جىۋاكا تېببىي دەستۇرى» (Jivaka – pustaka) دىكى دورا ـ رېتسېپلار**

«جىۋاكا تېببىي دەستۇرى» (Jiura – pustaka) دەشتئاتا (بۈگۈنكى دۇنخۇاڭ) مىڭئۆي تىزمىلىرىدىكى بىر نوم ساقلاش ھۇجرىسىدىن تېپىلغان سانسكرىت يېزىقى ۋە ئۇدۇن (بۈگۈنكى خوتەننىڭ قەدىمكى نامى) يېزىقىدىكى قوش تىللىق تېببىي دەستۇر بولۇپ، ئۇ مىلادىيە 10 ـ ئەسىردىن ئىلگىرى، يەنى بۇددىزم تازا گۈللىنىپ روناق تاپقان زامانلاردا ئۇدۇنلۇق نامەلۇم بىر تېببىي ئالىم تەرىپىدىن يېزىلغان ياكى ئىجادىي رەۋىشتە تەرجىمە قىلىنغان قول يازما نۇسخىدىن ئىبارەت. مەزكۇر دەستۇر دىيارىمىزدىكى ئۇ خانلىقتىكى تېببىي ئالىمنىڭ قولىدىن بۇ خانلىقتىكى تېببىي ئالىمنىڭ قولىغا ئۆتۈپ پايدىلىنىپ، ساقلىنىپ، يىرتىلىپ، ئاخىر ئۇيغۇرلارنىڭ شەرقتىكى يەنە بىر مۇھىم تارمىقى بولغان گەنجۇ، شاجۇ ئۇيغۇر خانلىقلىرىنىڭ زېمىنىغا بېرىپ يەتكەن.

«جىۋاكا تېببىي دەستۇرى»دىن ئىبارەت بۇ قىممەتلىك تېببىي ئەسەر دەشتئاتا (دۇنخۇاڭ)غا ئېلىپ بېرىلىشتىن ئىلگىرى دىيارىمىزدىكى ئۇدۇن (خوتەن)، سولى (قەشقەر)، قوم (ئاقسۇ)، كۇسەن (كۇچا)، ئىدىقۇت (تۇرپان)، ئىۋىرغول (قومۇل) قاتارلىق خانلىقلارنىڭ ئوردا ـ قەسىرلىرىدە، تېبابەتخانىلىرىدا، خەلق ئىچىدە ۋە يۇقىرىدىكى خانلىقلاردىكى تېببىي ئالىملارنىڭ تېبابەتچىلىك ـ دورىگەرلىك ھەم داۋالاش ـ ساقلىقنى ساقلاش ئىشلىرىدا مۇھىم رول ئوينىغان. كېيىنچە ئۇيغۇرلارنىڭ دەشتئاتادىكى پائالىيىتىنىڭ كۆپىيىشى ۋە جانلىنىشىغا ئەگىشىپ، بۇ تېببىي ئەسەرمۇ ئۇيغۇر تېۋىپلىرى تەرىپىدىن دەشتئاتاغا ئېلىپ بېرىلىپ، ئۇ جايلاردىكى داۋالاش ـ دورىگەرلىك ئىشلىرىدا مۇھىم دەستۇر بولۇپ خىزمەت قىلغان[13].

1904 ـ يىلى يەھۇدىي نەسەبىدىن بولغان ۋېنگرىيەلىك مارك ئائورېل ستەيىن (1862 — 1943) ئەنگلىيە ئېكسپېدىتسىيە ئەترىتىنى باشلاپ دىيارىمىزدا بىرنەچچە يىل ئارخېئولوگىيەلىك قېزىش ـ تەكشۈرۈشلەرنى ئېلىپ بارغاندىن كېيىن، دەشتئاتا مىڭئۆيىگە بېرىپ تەكشۈرۈش ئېلىپ بارغان ھەمدە ئۇ جايدىنمۇ كۆپلىگەن قىممەتلىك مەدەنىيەت يادىكارلىقلىرىنى يىغىۋالغان. شۇ قاتاردا ئۇ «جىۋاكا تېببىي دەستۇرى»نىمۇ تېپىۋېلىپ ئەنگلىيەگە ئېلىپ كەتكەن ۋە ئۇنى لوندون كۇتۇپخانىسى ھىندىستان ئىشلىرى بۆلۈمى (Indian Office Libray)گە قويغان مەزكۇر دەستۇرغا 30011Ch دەپ نومۇر سېلىنغان. «جىۋاكا تېببىي دەستۇرى»نىڭ سانسكرىتچە ۋە ئۇدۇنچە قوش تىللىق مۇناسىۋىتىدە سانسكرىتچىسى ئەسلىي يازمىسى، ئۇدۇنچىسى ئۇنىڭ تەرجىمىسى بولۇپ، ئۇنىڭ قول يازما نامىنى ئەنگلىيەلىك پىروفېسسور بېلى (H.W.Bailey) ئەپەندى تەتقىقاتتا قولايلىق بولسۇن ئۈچۈن شۇنداق قويغان (چۈنكى، بۇ قول يازمىنىڭ باش قىسمى بولمىغاچقا، ئۇنىڭ ئەسلىي نامىمۇ مەلۇم بولمىغان شارائىتتا، ۋاقىتنچە «جىۋاكا تېببىي دەستۇرى» دەپ ئاتاپ تۇرۇشقا توغرا كەلگەن). پىروفېسسور بېلى ئۇنىڭ نامىنى ئاتاشتا، قول يازمىنىڭ ھازىرقى ساقلىنىپ قالغان قىسمىنىڭ بېشىدا بۇددىزم دەۋرىدىكى مەشھۇر تېۋىپ جىۋاكا (Jiuara)نىڭ ئىسمى تىلغا ئېلىنغانلىقىغا قاراپ، قول يازما نامىنىمۇ «جىۋاكا تېببىي دەستۇرى» دەپ ئاتىغان ھەم بۇ ئاتالما ئىلىم ساھەسىدىمۇ شۇ بويىچە قوبۇل قىلىنىپ قوللىنىلغانلىقى مەلۇم.

«جىۋاكا تېببىي دەستۇرى» پاتتىرا دەرىخى يوپۇرمىقىغا يېزىلغان بولۇپ (قەدىمكى ھىندىستانلىقلار پاتتىرا دەرىخىنىڭ يوپۇرمىقىنى تولىراق بۇددا نوم ـ سۇترالىرىنى يېزىش ئۈچۈن ئىشلىتەتتى، چۈنكى ئۇ چاغلاردا قەغەز ناھايىتى قىس ئىدى)، ھازىرچە ساقلىنىپ قالغان قىسمى 44 ـ ياپراقتىن 116 ـ ياپراقىچە بولۇپ، جەمئىي 73 ياپرىقى خېلى ئەينەن ساقلىنىپ قالغان. ھەربىر ياپرىقى 31cm × 11.75 ھەجىمدە بولۇپ، ھەربىر ياپراقنىڭ ئالدى ـ كەينىگە ھەم ھەر يۈزىگە بەش قۇردىن خەت يېزىلغان. دەستۇرنىڭ باش ـ ئاخىرى تولۇق بولمىغاچقا ھەم ئەسلىي نام ئاتالمىسى ئېنىق بولمىغاچقا، ئۇنىڭ ئەسلىنى

تەسەۋۋۇر قىلىش زادىلا مۇمكىن بولمىغان. مەزمۇنى جەھەتتىن ئېلىپ ئېيتقاندا، ئۇ قەدىمكى ھىندىس-
تاننىڭ «ھاياتلىق ۋېداسى» (Ayur veda) يەنى ھاياتلىق ھەققىدىكى بىلىم، تېببىي بىلىم، ئىنسان بەدى-
نىنىڭ تۈزۈلۈشى ۋە ھايات، ياشاش، تېببىي ئىلىم دېگەن مەنىلەردە قوللىنىلغان قەدىمكى تېببىي ئاتال-
غۇ) سىستېمىسىغا ئوخشايدىغان تېببىي دەستۇر بولۇپ، ئۇ ئەسلىدە بىرنەچچە قاتلام مەزمۇنلارنى ئۆز
ئىچىگە ئالغان تېببىي ۋەسىقە ئىكەنلىكى دەسلەپكى قەدەمدە ئايدىڭلاشقان.

«جىۋاكا تېببىي دەستۇرى» 20 - ئەسىرنىڭ باشلىرىدا ياۋروپادا تەتقىق قىلىنىشقا باشلىغان، يەنى
1907 - يىلى ئەنگلىيەلىك سانسكرىت تىلى مۇتەخەسسىسى پىروفېسسور A. F. R. Hoernle «شىنجاڭ-
دىن كەلتۈرۈلگەن قەدىمكى تېبابەتچىلىككە دائىر بىر پارچە ۋەسىقە» دېگەن ئىلمىي ماقالىسىنى ئېلان
قىلغان. كېيىن ئۇ بۇ ھەقتە داۋاملىق تەتقىقات ئېلىپ بېرىپ، تەتقىقات نەتىجىسىنى «شىنجاڭدىن تې-
پىلغان بۇددىزم ۋەسىقىلىرىنىڭ قالدۇق ساقلانمىلىرى» ناملىق كىتابىنىڭ 2 - جىلدىدا ئېلان قىلغان.
ئۇ بۇ ماقالىسىدە «جىۋاكا تېببىي دەستۇرى»نىڭ قول يازما نۇسخىسى، ھەرپ شەكلى، تىلى ۋە مەزمۇنىنى
تولۇق شەرھلىگەن[14].

1938 - يىلى سانسكرىت تىلى مۇتەخەسسىسى H. W. Bailey كوپېنھاگېندا نەشر قىلدۇرغان «خو-
تەن ۋەسىقىلىرىدىن تاللانما» (Codice Khotaneses) ناملىق كىتابىدا «جىۋاكا تېببىي دەستۇرى»نىڭ
فاكسىمىلىنى ئېلان قىلغان. 1941 - يىلى sten Known ئوۋسلوۋ ئاكادېمىيەسىدە نەشر قىلدۇرغان «ئۇ-
دۇن تىلىدىكى تېبابەتچىلىككە دائىر بىر پارچە ۋەسىقە: ھىندىستان ئىشلىرى كۇتۇپخانىسىدا ساقلانغان
Ch. ii 003 نومۇرلۇق قول يازما» ناملىق ماقالىسىدە «جىۋاكا تېببىي دەستۇرى»نىڭ ئۇدۇن تىلىدىكى
قىسمىنى ئىنگلىزچىغا تەرجىمە قىلىپ ئېلان قىلغان ھەمدە پۈتۈن تېكىستنى 92 ماددىغا بۆلگەن. ھەر-
بىر ماددىسىدا بىر رېتسېپ سۆزلەنگەن، تەرجىمىگە قوشۇمچە سۆزلۈك جەدۋىلى ئورۇنلاشتۇرۇلغان.

1945-يىلى پىروفېسسور H. W. Bailey ھامبۇرگ ئۇنىۋېرسىتېتىدا نەشر قىلدۇرغان «ئۇدۇن تى-
لىدىكى ۋەسىقىلەر توپلىمى» (Khotanese Text. I)نىڭ 1 - توم 136 — 195 - بەتلىرىدە «جىۋاكا تېب-
بىي دەستۇرى»نىڭ ئۇدۇن تىلىدىكى قىسمىنى ترانسكرىپسىيە قىلىپ ئېلان قىلغان. 1946 - يىلى
فىرانسىيەلىك ئالىم Jean Fillizato «ئاسىيا ئىلمىي ژۇرنىلى»نىڭ 46 -، 47 - يىللىق توپلىمىنىڭ
134 -، 135 - بەتلىرىدە Bailey نىڭ يۇقىرىقى كىتابىغا يازغان ئوبزورىدا «جىۋاكا تېببىي دەستۇرى»
دىكى بەش پارچە رېتسېپنىڭ «كاراكا تېببىي توپلىمى»دىن كەلگەنلىكىنى يازغان.

1969 - يىلى H. W. Beiley ھامبۇرگ ئۇنىۋېرسىتېتىدا نەشر قىلدۇرغان «ئۇدۇن تىلىدىكى ۋە-
سىقىلەر توپلىمى»نىڭ 1 -، 3 -قىسىملىرىدا ئۇ 1945 - يىلى ئېلان قىلغان «جىۋاكا تېببىي دەستۇ-
رى» ھەققىدىكى ماقالىسىدىكى خاتالىقلارنى تۈزەتكەن.

«جىۋاكا تېببىي دەستۇرى»دا قېرىماسلىق، ئۇزۇن ئۆمۈر كۆرۈش، ياشلىق باھارىنى ساقلاش، كۈچ -
قۇۋۋىتى ئۇرغۇپ تۇرۇش ۋە بىر قىسىم قۇۋۋەت دورىلىرى ھەققىدىكى دورا - رېتسېپلار خېلى كۆپ خا-
تىرىلەنگەن. ئەمما، بۇ دورا رېتسېپلار ناھايىتى چوڭ تىپتىكى مۇرەككەپ رېتسېپلار بولغاچقا، بەزى
رېتسېپلارغا 80 — 90 خىل دورىلار چۈشكەن. مەسىلەن، «سېرىقمايدىن ياسالغان ئۇزۇن ئۆمۈر كۆرۈش
دورىسى» (Rasayana) مۇنداق خاتىرىلەنگەن:

توشقانقۇيرۇق ئوت، ماسەيشەن چېكەتكىسى، ياۋا پېدىگەن، سېرىق پېدىگەن، تۆگە سۈتى، سېرىقگۈل
بەرگىسى، مودۇمباگو، موزاي قۇيرۇقى قاتارلىق ئون نەچچە خىل دورا ئەشيالىرى ئوخشاش مىقداردا بىر
سېرا (sera — ئۆلچەم بىرلىكى)دىن ئېلىنىپ، سوقۇلۇپ ئۇۋاق ھالەتكە كەلتۈرۈلىدۇ ھەمدە دورا قاچى-
سىغا سېلىنىپ تۆت سانگا (sanga — ئۆلچەم بىرلىكى) سۇ بىلەن قوشۇپ سۇس ئوتتا قايىنىتىلىدۇ (بىر

**6. «جىۋاكا تېبىبىي دەستۇرى» (Jivaka - pustaka)دىكى دورا - رېتسېپلار**

«جىۋاكا تېبىبىي دەستۇرى» (Jiura - pustaka) دەشتىئاتا (بۈگۈنكى دۇنخۇاڭ) مىڭئۆي تىزىملىرىدىكى بىر نوم ساقلاش ھۇجرىسىدىن تېپىلغان سانسكرىت يېزىقى ۋە ئۇدۇن (بۈگۈنكى خوتەننىڭ قەدىمكى نامى) يېزىقىدىكى قوش تىللىق تېبىبىي دەستۇر بولۇپ، ئۇ مىلادىيە 10 - ئەسىردىن ئىلگىرى، يەنى بۇددىزم تازا گۈللىنىپ روناق تاپقان زامانلاردا ئۇدۇنلۇق نامەلۇم بىر تېبىبىي ئالىم تەرىپىدىن يېزىلغان ياكى ئىجادىي رەۋىشتە تەرجىمە قىلىنغان قول يازما نۇسخىدىن ئىبارەت. مەزكۇر دەستۇر دىيارىمىزدىكى ئۇ خانلىقتىكى تېبىبىي ئالىمنىڭ قولىدىن بۇ خانلىقتىكى تېبىبىي ئالىمنىڭ قولىغا ئۆتۈپ پايدىلىنىپ، ساقلىنىپ، يىرتىلىپ، ئاخىر ئۇيغۇرلارنىڭ شەرقتىكى يەنە بىر مۇھىم تارمىقى بولغان گەنجۇ، شاجۇ ئۇيغۇر خانلىقلىرىنىڭ زېمىنىغا بېرىپ يەتكەن.

«جىۋاكا تېبىبىي دەستۇرى»دىن ئىبارەت بۇ قىممەتلىك تېبىبىي ئەسەر دەشتىئاتا (دۇنخۇاڭ)غا ئېلىپ بېرىلىشتىن ئىلگىرى دىيارىمىزدىكى ئۇدۇن (خوتەن)، سۇلى (قەشقەر)، قۇم (ئاقسۇ)، كۇسەن (كۇچا)، ئىدىقۇت (تۇرپان)، ئۈرغول (قۇمۇل) قاتارلىق خانلىقلارنىڭ ئوردا - قەسىرلىرىدە، تېبابەتخانىلىرىدا، خەلق ئىچىدە ۋە يۇقىرىدىكى خانلىقلاردىكى تېبىبىي ئالىملارنىڭ تېبابەتچىلىك - دورىگەرلىك ھەم داۋالاش - ساقلىقنى ساقلاش ئىشلىرىدا مۇھىم رول ئوينىغان. كېيىنچە ئۇيغۇرلارنىڭ دەشتىئاتادىكى پائالىيىتىنىڭ كۆپىيىشى ۋە جانلىنىشىغا ئەگىشىپ، بۇ تېبىبىي ئەسەرمۇ ئۇيغۇر تېۋىپلىرى تەرىپىدىن دەشتىئاتاغا ئېلىپ بېرىلىپ، ئۇ جايلاردىكى داۋالاش - دورىگەرلىك ئىشلىرىدا مۇھىم دەستۇر بولۇپ خىزمەت قىلغان[13].

1904 - يىلى يەھۇدىي نەسەبىدىن بولغان ۋېنگرىيەلىك مارك ئائورېل ستەيىن (1862 — 1943) ئەنگلىيە ئېكسپېدىتسىيە ئەترىتىنى باشلاپ دىيارىمىزدا بىرنەچچە يىل ئارخېئولوگىيەلىك قېزىش - تەكشۈرۈشلەرنى ئېلىپ بارغاندىن كېيىن، دەشتىئاتا مىڭئۆيىگە بېرىپ تەكشۈرۈش ئېلىپ بارغان ھەمدە ئۇ جايدىنمۇ كۆپلىگەن قىممەتلىك مەدەنىيەت يادىكارلىقلىرىنى يىغىۋالغان. شۇ قاتاردا ئۇ «جىۋاكا تېبىبىي دەستۇرى»نىمۇ تېپىۋېلىپ ئەنگلىيەگە ئېلىپ كەتكەن ۋە ئۇنى لوندون كۇتۇپخانىسى ھىندىستان ئىشلىرى بۆلۈمى (Indian Office Libray)گە قويغان مەزكۇر دەستۇرغا 30011Ch دەپ نومۇر سېلىنغان. «جىۋاكا تېبىبىي دەستۇرى»نىڭ سانسكرىتچە ۋە ئۇدۇنچە قوش تىللىق مۇناسىۋىتىدە سانسكرىتچىسى ئەسلىي يازمىسى، ئۇدۇنچىسى ئۇنىڭ تەرجىمىسى بولۇپ، ئۇنىڭ قول يازما نامىنى ئەنگلىيەلىك پىروفېسسور بېلى (H.W.Bailey) ئەپەندى تەتقىقاتقا قولايلىق بولسۇن ئۈچۈن شۇنداق قويغان (چۈنكى، بۇ قول يازمىنىڭ باش قىسمى بولمىغاچقا، ئۇنىڭ ئەسلىي نامىمۇ مەلۇم بولمىغان شارائىتتا، ۋاقىتنچە «جىۋاكا تېبىبىي دەستۇرى» دەپ ئاتاپ تۇرۇشقا توغرا كەلگەن). پىروفېسسور بېلى ئۇنىڭ نامىنى ئاتاشتا، قول يازمىنىڭ ھازىرقى ساقلىنىپ قالغان قىسمىنىڭ بېشىدا بۇددىزم دەۋرىدىكى مەشھۇر تېۋىپ جىۋاكا (Jiuara)نىڭ ئىسمى تىلغا ئېلىنغانلىقىغا قاراپ، قول يازما نامىنىمۇ «جىۋاكا تېبىبىي دەستۇرى» دەپ ئاتىغان ھەم بۇ ئاتالما ئىلىم ساھەسىدىمۇ شۇ بويىچە قوبۇل قىلىنىپ قوللىنىلغانلىقى مەلۇم.

«جىۋاكا تېبىبىي دەستۇرى» پاتتىرا دەرىخى يوپۇرمىقىغا يېزىلغان بولۇپ (قەدىمكى ھىندىستانلىقلار پاتتىرا دەرىخىنىڭ يوپۇرمىقىنى تولىراق بۇددا نوم - سۇترالىرىنى يېزىش ئۈچۈن ئىشلىتەتتى، چۈنكى ئۇ چاغلاردا قەغەز ناھايىتى قىس ئىدى)، ھازىرچە ساقلىنىپ قالغان قىسمى 44 - ياپراقتىن 116 - ياپراقىچە بولۇپ، جەمئىي 73 ياپرىقى خېلى ئەينەن ساقلىنىپ قالغان. ھەربىر ياپرىقى 31cm × 11.75 ھەجىمدە بولۇپ، ھەربىر ياپراقنىڭ ئالدى - كەينىگە ھەم ھەر يۈزىگە بەش قۇردىن خەت يېزىلغان. دەستۇرنىڭ باش - ئاخىرى تولۇق بولمىغاچقا ھەم ئەسلىي نام ئاتالمىسى ئېنىق بولمىغاچقا، ئۇنىڭ ئەسلىنى

تەسەۋۋۇر قىلىش زادىلا مۇمكىن بولمىغان. مەزمۇنى جەھەتتىن ئېلىپ ئېيتقاندا، ئۇ قەدىمكى ھىندىستاننىڭ «ھاياتلىق ۋېداسى» (Ayur veda يەنى ھاياتلىق ھەققىدىكى بىلىم، تېببىي بىلىم. ئىنسان بەدىنىنىڭ تۈزۈلۈشى ۋە ھايات، ياشاش، تېببىي ئىلىم دېگەن مەنىلەردە قوللىنىلغان قەدىمكى تېببىي ئاتالغۇ) سىستېمىسىغا ئوخشايدىغان تېببىي دەستۇر بولۇپ، ئۇ ئەسلىدە بىرنەچچە قاتلام مەزمۇنلارنى ئۆز ئىچىگە ئالغان تېببىي ۋەسىقە ئىكەنلىكى دەسلەپكى قەدەمدە ئايدىڭلاشقان.

«جىۋاكا تېببىي دەستۇرى» 20 - ئەسىرنىڭ باشلىرىدا ياۋروپادا تەتقىق قىلىنىشقا باشلىغان، يەنى 1907 - يىلى ئەنگلىيەلىك سانسكرىت تىلى مۇتەخەسسىسى پىروفېسسور A. F. R. Hoernle «شىنجاڭدىن كەلتۈرۈلگەن قەدىمكى تېبابەتچىلىككە دائىر بىر پارچە ۋەسىقە» دېگەن ئىلمىي ماقالىسىنى ئېلان قىلغان. كېيىن ئۇ بۇ ھەقتە داۋاملىق تەتقىقات ئېلىپ بېرىپ، تەتقىقات نەتىجىسىنى «شىنجاڭدىن تېپىلغان بۇددىزم ۋەسىقىلىرىنىڭ قالدۇق ساقلانمىلىرى» ناملىق كىتابىنىڭ 2 - جىلدىدا ئېلان قىلغان. ئۇ بۇ ماقالىسىدە «جىۋاكا تېببىي دەستۇرى»نىڭ قول يازما نۇسخىسى، ھەرپ شەكلى، تىلى ۋە مەزمۇنىنى تولۇق شەرھلىگەن[14].

1938 - يىلى سانسكرىت تىلى مۇتەخەسسىسى H. W. Bailey كوپېنھاگېندا نەشر قىلدۇرغان «خوتەن ۋەسىقىلىرىدىن تاللانما» (Codice Khotaneses) ناملىق كىتابىدا «جىۋاكا تېببىي دەستۇرى»نىڭ فاكسىمىلىنى ئېلان قىلغان. 1941 - يىلى sten Known ئوۋسلوۋ ئاكادېمىيەسىدە نەشر قىلدۇرغان «ئۇدۇن تىلىدىكى تېبابەتچىلىككە دائىر بىر پارچە ۋەسىقە: ھىندىستان ئىشلىرى كۇتۇپخانىسىدا ساقلانغان Ch.ii 003 نومۇرلۇق قول يازما» ناملىق ماقالىسىدە «جىۋاكا تېببىي دەستۇرى»نىڭ ئۇدۇن تىلىدىكى قىسمىنى ئىنگلىزچىغا تەرجىمە قىلىپ ئېلان قىلغان ھەمدە پۈتۈن تېكىستنى 92 ماددىغا بۆلگەن. ھەربىر ماددىسىدا بىر رېتسېپ سۆزلەنگەن، تەرجىمىگە قوشۇمچە سۆزلۈك جەدۋىلى ئورۇنلاشتۇرۇلغان.

1945-يىلى پىروفېسسور H. W. Bailey ھامبۇرگ ئۇنىۋېرسىتېتىدا نەشر قىلدۇرغان «ئۇدۇن تىلىدىكى ۋەسىقىلەر توپلىمى» (Khotanese Text.I)نىڭ 1 - توم 136 — 195 - بەتلىرىدە «جىۋاكا تېببىي دەستۇرى»نىڭ ئۇدۇن تىلىدىكى قىسمىنى تىرانسكرىپسىيە قىلىپ ئېلان قىلغان. 1946 - يىلى فىرانسىيەلىك ئالىم Jean Fillizato «ئاسىيا ئىلمىي ژۇرنىلى»نىڭ 46 -، 47 - يىللىق توپلىمىنىڭ 134 -، 135 - بەتلىرىدە Bailey نىڭ يۇقىرىقى كىتابىغا يازغان ئوبزورىدا «جىۋاكا تېببىي دەستۇرى»دىكى بەش پارچە رېتسېپنىڭ «كاراكا تېببىي توپلىمى»دىن كەلگەنلىكىنى يازغان.

1969 - يىلى H. W. Beiley ھامبۇرگ ئۇنىۋېرسىتېتىدا نەشر قىلدۇرغان «ئۇدۇن تىلىدىكى ۋەسىقىلەر توپلىمى»نىڭ 1 -، 3 -قىسىملىرىدا ئۇ 1945 - يىلى ئېلان قىلغان «جىۋاكا تېببىي دەستۇرى» ھەققىدىكى ماقالىسىدىكى خاتالىقلارنى تۈزەتكەن.

«جىۋاكا تېببىي دەستۇرى»دا قېرىماسلىق، ئۇزۇن ئۆمۈر كۆرۈش، ياشلىق باھارىنى ساقلاش، كۈچ - قۇۋۋىتى ئۇرغۇپ تۇرۇش ۋە بىر قىسىم قۇۋۋەت دورىلىرى ھەققىدىكى دورا - رېتسېپلار خېلى كۆپ خاتىرىلەنگەن. ئەمما، بۇ دورا رېتسېپلار ناھايىتى چوڭ تىپتىكى مۇرەككەپ رېتسېپلار بولغاچقا، بەزى رېتسېپلارغا 80 — 90 خىل دورىلار چۈشكەن. مەسىلەن، «سېرىقمايدىن ياسالغان ئۇزۇن ئۆمۈر كۆرۈش دورىسى» (Rasayana) مۇنداق خاتىرىلەنگەن:

توشقانقۇيرۇق ئوت، ماسىيشەن چېچەكتىكسى، ياۋا پېدىگەن، سېرىق پېدىگەن، تۆگە سۈتى، سېرىقگۈل بەرگىسى، مودۇمباگو، موزاي قۇيرۇقى قاتارلىق ئون نەچچە خىل دورا ئەشيالىرى ئوخشاش مىقداردا بىر سېرا (sera — ئۆلچەم بىرلىكى)دىن ئېلىنىپ، سوقۇلۇپ ئۇۋاق ھالەتكە كەلتۈرۈلىدۇ ھەمدە دورا قاچىسىغا سېلىنىپ تۆت سانگا (sanga — ئۆلچەم بىرلىكى) سۇ بىلەن قوشۇپ سۇس ئوتتا قاينىتىلىدۇ (بىر

سانگا قالغۇچە). يەنە ئىككى sera روشەنسەي، ئىككى sera يۇگەنزى، ئىككى Aiksava sera ياكى soli ئېلىنىپ، سوقۇپ ئۇۋۇتىلىدۇ. بۇنىڭغا 22 سىنگا (singa ــ ئۆلچەم بىرلىكى) سۇ، ئالتە سىنگا شەربەت دورا ئارىلاشتۇرۇلىدۇ. يەنە تۆۋەندىكى دورىلاردىن: جۇۋاكا ئوتى، rsabhaka, meda, mhamedi kakodi, ksrakkodi سەي يوپۇرمىقى، كۆكپۈرچاق، tejavati، مودۇمباگو قاتارلىقلار ئوخشاش مىقداردا بەش ماكانگا makanga (ئۆلچەم بىرلىكى)دىن ئېلىنىپ، يۇمشاق ئۇۋۇتىلىدۇ. بۇ شەربەت دورىلار ۋە تالقان دورىلار بىر قاچىغا ئېلىنىپ، ئىككى يېرىم سىنگا كالا سۈتى، سېرىقماي، بىر سىنگا سۈت بىلەن ئارىلاشتۇرۇلۇپ بىرلىكتە قاينىتىلىدۇ ھەمدە ۋاقتىدا ئىچىلىدۇ. بۇ دورا ئۆپكە سۇلۇق ئىششىقى، يۆتەل، دەم سىقىلىش ھەمدە باشقا نەپەس يوللىرى كېسەللىكلىرىگە ئۈنۈملۈك شىپا بولۇپ، بەدەننىڭ ئىممۇنتېت كۈچىنى ئاشۇرىدۇ. يەنە ئۆپكە كېسىلى، يۈرەك كېسىلى قاتارلىقلارغا شىپا بولۇپ، ئۆپكىنى ياشارتىدۇ. چىرايىنى گۈزەللەشتۈرۈپ، ياشلىق باھارىنى ئۇرغۇتىدۇ. قېرىشنىڭ ئالدىنى ئېلىپ، ئۇزۇن ئۆمۈر كۆرۈشكە ياردەم بېرىدۇ.

② «ئۇد ھىندى ئۇۋۇتقى» (Aguru) رېتسېپى

قارا ئۇد ھىندى (ئاكۇئىلارىيە دەرىخى)، پىلپىل، يېسىسپۇرچاق، يىڭنە يوپۇرماقلىق ئەمەن، داڭتى، چىڭلىيەنخۇا، نيەنجۇخۇاڭ، قارىمۇچ، چاڭگۇەنداچىڭ، مىڭيەن، دارچىن، سىيامۇ، دازىشياڭ، بولو شەربىتى، روشەنسەي، خۇاڭشىڭ، گازىر ئۇرۇقى، سوۋاڭزى، خاڭگۇاڭ سۈەنمۇ، زەنجىۋىل (سېرىقپىچەك)، يۇگەنزىمى قاتارلىقلارنى ھەر بىرىدىن ئوخشاش مىقداردا بىر ماكانگا ئېلىنىدۇ (ئۇۋۇتىلىدۇ). ئاندىن بۇنىڭغا بەش سېرا شېكەر ۋە تاش ھەسەل ئارىلاشتۇرۇلىدۇ ھەمدە ئۆلچەم بويىچە ئېسىل دورا ياسىلىدۇ. بۇ دورا ئاساسلىقى يۆتەل، دەم سىقىلىش، زىققا قاتارلىقلارغا شىپا بولغاندىن تاشقىرى، بەدەننىڭ ئىممۇنىتېت كۈچىنى ئاشۇرىدۇ، ئاغرىقنى يوقىتىدۇ، بەل ۋە غولى ئاغرىش، ئاسان ھەزىم بولماسلىق، سېرىقلىق چۇشۇش كېسىلى قاتارلىقلارغىمۇ ئوبدان شىپا بولىدۇ. بۇ دورا خۇددى ماننىغا ئوخشاشلا ئادەمگە كۈچ ـ ماغدۇر كىرگۈزۈپ، روھنى ئۇرغۇتۇپ، زېھىننى ئاچىدۇ. قېرىشنى كېچىكتۈرۈپ، ياشلىق باھارىنى ئۇزاققىچە ساقلاشقا ياردەم بېرىدۇ. قورۇق چۈشۈش ۋە چاچقا ئاق چۈشۈشنى يوقىتىدۇ. بۇ ئۇد ھىندى باشچىلىقىدىكى دورا ـ رېتسېپ قېرىماي ئۇزۇن ئۆمۈر كۆرۈش دورىسى (raysayam ياكى rasayana)دەپ ئاتىلىدۇ.

يۇقىرىقىلاردىن مەلۇمكى، «جىۋاكا تېببىي دەستۇرى»دىمۇ قېرىماي ئۇزۇن ئۆمۈر كۆرۈش، ياشلىق باھارىنى ساقلاش، كۈچ ـ قۇۋۋەتكە تولۇپ، روھى ئۇرغۇپ تۇرىدىغان ساغلام تەنگە ئىگە بولۇش ئارزۇسىنى ئۆز ئىچىگە ئالغان نۇرغۇن بايانلار خاتىرىلەنگەن.

7. «تۇرپاندىن تېپىلغان قەدىمكى ئۇيغۇر يېزىقىدىكى تېبابەتچىلىككە دائىر ۋەسىقە»دىكى دورا ـ رېتسېپلار

دىيارىمىزدىن تېپىلغان ھەم ئوخشاپ كېتىدىغان مەزمۇندىكى يۇقىرىدىكى كارۋشتى يېزىقىدىكى (مىلادىيە 3 ـ، 4 ـ ئەسىرلەرگە تەئەللۇق) ۋە ئۇدۇن يېزىقىدىكى بىر پارچە رېتسېپقا مەزمۇن جەھەتتىن ئوخشاپ كېتىدىغان قەدىمكى ئۇيغۇر يېزىقىدىكى رېتسېپمۇ تېپىلدى. ئالدىنقى ئەسىرنىڭ باشلىرىدا گېرمانىيەنىڭ تۆت قېتىملىق «تۇرپان ئېكسپېدىتسىيە ئەترىتى»[15] تۇرپاندىن تاپقان قەدىمكى ئۇيغۇر يېزىقىدىكى تېبابەتچىلىككە دائىر ۋەسىقىلەر ئىچىدە بىرمۇنچە رېتسېپلار پىراگمېنتلىرىمۇ تېپىلغان. 1930 ـ يىللىرى خەلقئارادا يۇقىرى شۆھرەت قازانغان تۈركىيەلىك ئالىم رەشىت رەخمەتى ئارات بۇلارنى تەتقىق قىلىپ ئېلان قىلغان[16]. 1985 ـ يىللىرى دىڭ خاۋ بىلەن ياڭ فۇشۆلەر بىرلىكتە بۇنى «吐鲁番本回鹘文» «杂病医疗百方» دېگەن نام بىلەن خەنزۇچىغا تەرجىمە قىلىپ ئېلان قىلغاندىن كېيىن، قەدىمكى ئۇيغۇر يېزىقىدىكى يۇقىرى ئىلمىي قىممەتكە ئىگە بۇ ۋەسىقە ھەققىدە خەنزۇ يېزىقىدا

ئارقا ـ ئارقىدىن نەچچە پارچە ئىلمىي ماقالىلەر ئېلان قىلىنغان[17].

تۇرپاندىن تېپىلغان قەدىمكى ئۇيغۇر يېزىقىدىكى بۇ تېببىي ئەسەرلەر پارچىلىرىدا قېرىلىقنى كېچىكتۈرۈپ، ئۇزۇن ئۆمۈر كۆرۈش، ياشلىق باھارىنى ئۇرغۇتۇش ۋە روھىي ھالىتىنى ياخشىلاشقا دائىر نۇرغۇن دورا ـ رېتسېپلار خاتىرىلەنگەن.

rasayan رېتسېپى: قارىمۇچ بەش مىسقال، قىزىلمۇچ تۆت مىسقال، kurbi ئۈچ مىسقال، دارچىن ئىككى مىسقال، كىچىك يېسسىپۇرچاق بىر مىسقال، پىشۇرۇلغان سىگىر ئۈچ مىسقال، bidbul قىزىلمۇچ تۆت مىسقال، qurnu بىر مىسقال، قىزىلبىجەش بىر مىسقال، يېڭى كۈنجۈت ئۈچ مىسقال.

... بۇ دورىلارنى يۇمشاق ئېزىپ تالقانلاپ، ھەسەل بىلەن ئارىلاشتۇرۇپ قوچۇپ، ئىتنىڭ بۇرنىغا ئوخشايدىغان كۆملاچ دورا ياسىلىدۇ... ھەرقانداق ئاغرىقنى توختىتىدۇ.

... ئەگەر قىزىل چىقسا، ئىچى قېتىپ قەۋزىيەت بولسا، دەرھال كالا يېغىنى قىزىتىپ، ئېرىتىپ ئىچكۈزسە، تېزلا شىپا بولىدۇ.

... bulung سۈيىنى ... قوشۇش لازىم[18].

يۇقىرىدىكى رېتسېپ ئەسلىدە مۇرەككەپ دورىلىق ئۇزۇن ئۆمۈر كۆرۈش رېتسېپى بولسىمۇ، ئەمما نەچچە ئەسىرلىك تارىخنىڭ بوران ـ چاپقۇنلىرىدا يىرتىلىپ، چىرىپ كەتكەچكە، تولۇق ساقلىنىپ قالالمىغان.

دىڭ خاۋ بىلەن ياڭ فۇشۈلەر قەدىمكى ئۇيغۇر يېزىقىدىن خەنزۇچىغا تەرجىمە قىلغان «تۇرپاندىن تېپىلغان قەدىمكى ئۇيغۇر يېزىقىدىكى ‹تۇرلۇك كېسەللىكلەرنى داۋالاش رېتسېپلىرى›نى تەرجىمە قىلىپ ئىزاھلاش»تىكى ھىڭ (ئەنجۇدان)دىن تەييارلانغان بىر رېتسېپ مۇنداق خاتىرىلەنگەن:

جۇزبۇۋا بىر مىسقال، قوۋزاقدارچىن بىر مىسقال، ھىڭ (ئەنجۇدان) بىر مىسقال، قىزىلمۇچ تۆت مىسقال، قارىمۇچ بەش مىسقال، پىشۇرۇلغان پەيدىن بەش مىسقال ئېلىنىپ، ئۇنىڭغا ئالتە ھەسسە شېكەر قوشۇپ، ئېزىپ تالقانلىنىدۇ، ھەر قېتىم ئىككى مىسقال ئېلىپ، شورپىغا سېلىپ قوچۇپ ئىچىلىدۇ. بۇنىڭ بىلەن بارلىق bakandar كېسىلىنى، يۆتەل، دەم سىقىلىش، زىققا كېسىلىنى، تىنچسىزلىق ۋە شامالدارىشتىن بولغان كېسەللىكلەرنى شىپا تاپتۇرغىلى بولىدۇ.

بۇ دورىغا يەنە ھەسەل، سېرىقماي، سۈت قاتارلىقلار ئارىلاشتۇرۇلسا، ئادەمنىڭ قېرىشىنى كېچىكتۈرۈپ، ئۇزۇن ئۆمۈر كۆرۈشكە ياردەم بېرىدۇ، ياشلىق باھارىنى ئۇرغۇتۇپ كۈچ ـ قۇۋۋەت بەخش ئېتىدۇ.

بۇنىڭ تۇرپاندىن تېپىلغان ئەسلىي نۇسخىسىدىكى murc دېگەن سۆز سانسكرىتچە marica دېگەن سۆزدىن كەلگەن بولۇپ، قارىمۇچنى كۆرسەتكەن، قىزىلمۇچنى كۆرسەتمىگەن. pipali دېگەن سۆز سانسكرىتچىدىكى pilpil دېگەن سۆزدىن كەلگەن ۋە پارسچە pilpil دەپ قوللىنىلغان بولۇپ، كىرسىنا (ياكى پاپالا)نى كۆرسەتكەن. بۇ رېتسېپ بىلەن كارۇشتى يېزىقىدىكى رېتسېپتىكى بەش خىل دورا ئەينىياسى ئوخشاش بولغان. كارۇشتى يېزىقىدىكى sakara، ئۇدۇن يېزىقىدىكى sakar، كۇچا توخرى يېزىقىدىكى sakar، سانسكرىت يېزىقىدىكى ۋە قەدىمكى ئۇيغۇر يېزىقىدىكى sakar سۆزلىرى ھازىرقى زامان ئۇيغۇر تىلىدىكى «شېكەر» سۆزى بىلەن ئاساسەن ئوخشاش بولغان[19]. دېمەك، «شېكەر» دېگەن سۆز يىراق قەدىمكى زاماندىكى ئەجدادلىرىمىز ئارىيانلار تىلىدىن بىزگە مىراس قالغان.

1996 ـ يىلى Dieter Manu ئەپەندى «تېبابەتچىلىك نەزەرىيەسى جەۋھەرلىرى»نىڭ قەدىمكى ئۇيغۇرچە نۇسخىسىنىڭ پىراگمېنتلىرىدىن تەتقىق قىلىپ ئېلان قىلغان[20]. مەزكۇر ۋەسىقە 49 ـ S (T11) M 2.208 دېگەن نومۇر بىلەن ئاتالغان بولۇپ، بۇنى گېرمانىيە ئىككىنچى قېتىملىق تۇرپان ئېكسپېدىتسىيە ئەترىتى تۇرپاندىكى سىڭگىم خارابىسىدىن قېزىۋالغان، ھەربىر بېتىگە يەتتە قۇردىن خەت يېزىلغان. ئۇنىڭ

مەزمۇنى، «تېبابەتچىلىك نەزەرىيەسى جەۋھەرلىرى»نىڭ 31 ـ بابى، يەنى «داۋالاش پىرىنسىپلىرى»نىڭ بىرىنچى، توققۇزىنچى ئابزاسلىرى (92 ـ is.31.1) بولۇپ، ئاساسەن سامساقنىڭ دورىلىققا ئىشلىتىلىشى ۋە شىپالىق رولى بايان قىلىنغان. Cieter Manu بۇ تېببىي ۋەسىقىنىڭ سانسكرىتچە ۋە قەدىمكى ئۇيغۇرچە سۆزلۈكلىرىنى سېلىشتۇرۇپ ئىزاھات بەرگەن ھەم مەزمۇنىنى تولۇق تەرجىمە قىلغان.

گېرمانىيە ئارخېئولوگلىرى دىيارىمىزدىن ئېلىپ كەتكەن ۋە رەشىت رەخمەتى ئارات تەتقىق قىلغان قەدىمكى ئۇيغۇر يېزىقىدىكى ۋەسىقە (T.1.D120 نومۇرلۇق) جەمئىي 201 قۇر بولۇپ، نىسبەتەن مۇكەممەل ساقلىنىپ قالغان. 1990 ـ يىللىرىنىڭ ئاخىرلىرىدا دىڭ خاۋ بىلەن ياڭ فۇشۆلەر بۇ ۋەسىقە ئۈستىدە ئىزدەنگەن ۋە ئۇنىڭغا «تۆرلۈك كېسەللەرنى داۋالاشتىكى يۈز خىل رېتسېپ» دەپ نام قويغان. ئۇنىڭدىن كېيىن چېن زۇڭجېن «قەدىمكى ئۇيغۇر يېزىقىدىكى تېبابەتچىلىككە دائىر ۋەسىقىلەردىن تەرمىلەر» دېگەن ماقالىسىنى، خۇاڭ ۋۇلى «قەدىمكى ئۇيغۇر تېبابىتىدىكى كېسەل داۋالاش قوللانمىسىنىڭ تېبابەتتىكى تارىخىي قىممىتى» ناملىق ماقالىسىنى، دىڭ خاۋ بىلەن ياڭ فۇشۆ «تۇرپان نۇسخىسى قەدىمكى ئۇيغۇر يېزىقىدىكى ‹تۆرلۈك كېسەللەرنى داۋالاشتىكى يۈز خىل رېتسېپ›نى يېشىپ ئىزاھلاش» ناملىق ماقالىسىنى ئېلان قىلدى[21].

1982 ـ يىلى تۇرپاندىكى بىر مىڭئۆي خارابىسىدىن خەنزۇچە ۋە ئۇيغۇرچە يېزىقتا يېزىلغان تېببىي رېتسېپ تېپىلغان[22]، ئەمما ئۇ چاغدىكى ئارخېئولوگىيەلىك قېزىش دوكلاتى تېخى ئېلان قىلىنمىغاچقا، تەتقىق قىلىشقا مۇمكىن بولمىغان.

مەزمۇن جەھەتتىن قارىغاندا، «تۆرلۈك كېسەللەرنى داۋالاش رېتسېپلىرى» دەپ ئاتالغان (رېتسېپ توپلىمىنىڭ ئەسلىي نامى ۋە تېمىسى يوقىلىپ كەتكەچكە، ھازىرچە شۇنداق نام بىلەن ئاتىلىپ تۇرغانلىقى مەلۇم) بۇ رېتسېپ مەزمۇنلىرى بىلەن دىيارىمىزدىن تېپىلغان باشقا خىل تىل ـ يېزىقلاردىكى رېتسېپلار مەزمۇن جەھەتتىن مەلۇم ئورتاقلىققا ۋە ئوخشاشلىققا ئىگە بولغان، ھەتتاكى قەدىمكى ئۇيغۇر يېزىقىدىكى بۇ ۋەسىقىدە ئەجدادلىرىمىز نەچچە ئەسىرلەر ئىلگىرى قوللانغان سانسكرىتچە، كارۇشتىچە، ئۇدۇن تىلىچە، كۇچا توخرىي تىلىچە نۇرغۇن سۆز ـ ئاتالغۇلارمۇ ساقلىنىپ قالغان. بۇ بىزگە ئۇيغۇرلار ۋە ئۇلارنىڭ ئەجدادلىرى نەچچە مىڭ يىللىق تەرەققىيات تارىخىدا كۆپ قېتىم دىنىي ئېتىقاد ۋە تىل ـ يېزىق ئالماشتۇرغان بولسىمۇ، نەچچە قېتىم بىرلىككە كېلىپ، نەچچە قېتىم پارچىلانغان بولسىمۇ، ئەمما ئۆز يەرلىك مىللىي تېبابەتچىلىكىنى يوقاتمىغانلىقىنى، دەۋرمۇ دەۋر، ئەۋلادمۇ ئەۋلاد ۋارىسلىق قىلغانلىقىنى، 600 ـــ 700 يىل، ھەتتا مىڭ يىللار ئىلگىرىكى تېۋىپ ئەجدادلىرىنىڭ ئەسەرلىرىنى ساقلاپ، رېتسېپلىرىدىن پايدىلىنىپ، ئۆز تېبابەتچىلىكىنى داۋام ئەتكۈزۈپ كەلگەنلىكىنى كۆرسىتىپ بېرىدۇ.

ئىزاھاتلار:

① John Brough: «B . V. Subbarayappa نەزىرىدىكى ھىندىستان پەن ـ تېخنىكىسى»، (شى يىن، نىڭ شياۋيۇ تەرجىمىسى)، «دۇنيا خەنزۇشۇناسلىقى»، 2003 ـ يىللىق 2 ـ سان، دۇنيا خەنزۇشۇناسلىق ژۇرنىلى نەشرىياتى، خەنزۇچە نەشرى.
② راۋ زۇڭيى: «ساكلار ۋە soma ـــ ئۆلمەسلىك دورىسىنىڭ كېلىش مەنبەسى ھەققىدە ئىزدىنىش»، «جۇڭگو ئىلمى» 2002 ـ يىللىق 4 ـ سان، 1 ـ، 10 ـ بەتلەر. شاڭخەي باسمىخانىسى، خەنزۇچە نەشرى.
③ جاڭ بوچېن: «جۇڭگو زوروئاستىر دىنى سەنئىتى»، كىتاب ئوقۇش، تۇرمۇش، يېڭى بىلىم ئۈچ بىرلەشمە نەشرىياتى، 2004 ـ يىلى خەنزۇچە نەشرى، 143 ـ بەت.
④ يۇقىرىقى كىتاب 141 ـ، 142 ـ بەتلەر.

⑤ (28) ئابلىز مۇھەممەت سايرامىينىڭ «ئۇيغۇر تېبابەتچىلىكى» ژۇرنىلى بىلەن «شىنجاڭ ئۇيغۇر تېبابەتچىلىكى ئالىي تېخنىكومى ئىلمىي ژۇرنىلى»دا ئېلان قىلغان تېبابەت تارىخىغا دائىر بىر يۈرۈش ماقالىسىگە قاراڭ.

⑥⑦ S. K. Ramachandra يازغان «ھىندىستان مېدىتسىنا تارىخى» 1999 ـ يىلى ئىنگلىزچە نەشرى، 176 ـــ 178 ـ بەتلەر.

⑧ لياۋ يۈچۈن: «ئايۇرۋېدا ـ ھىندىستان ئەنئەنىۋى تېبابەتچىلىكى»، لياۋنىڭ مائارىپ نەشرىياتى، 2002 ـ يىلى، خەنزۇچە نەشرىنىڭ ئالاقىدار پاراگرافلىرىغا قاراڭ.

⑨⑩ ئەجدادلىرىمىزنىڭ قەدىمكى تېبابەتچىلىك پەلسەپىسىنىڭ بىر قىسمى بولغان «ئۈچ خىل سۇيۇقلۇق» ۋە «يەتتە خىل ئەھل» ھەققىدە ئابلىز مۇھەممەت سايرامىنىڭ «يارغولدىن تېپىلغان ‹جىۋاكا بەش ئەزا كېسەللىكلىرى تەلىماتى، بىلەن ‹ھەممە تېۋىپلار رېتسېپلىرى جەۋھىرى›نىڭ بىر قىسىم پراگمېنتلىرى توغرىسىدا» («ئۇيغۇر تېبابەتچىلىكى» ژۇرنىلى 2005 ـ يىللىق 3 ـ، 4 ـ سانىدا) ناملىق ماقالىسى بىلەن «دىيارىمىزدىن تېپىلغان كارۇشتى يېزىقىدىكى بىر پارچە تېببىي رېتسېپ ھەققىدە» (يۇقىرىدىكى ژۇرنالنىڭ 2005 ـ يىللىق 2 ـ سانىدا) ناملىق ماقالىسىگە قاراڭ. ئۇنىڭدا بۇ ھەقتە مەخسۇس توختالغان.

⑪ ئابلىز مۇھەممەت سايرامىينىڭ «كۇچادىن تېپىلغان سانسكرىت يېزىقىدىكى تېبابەتچىلىككە دائىر ئۈچ قىسىملىق ۋەسىقە ھەققىدە» دېگەن ماقالىسىگە قاراڭ. «ئۇيغۇر تېبابەتچىلىكى» ژۇرنىلى 2003 ـ يىللىق 5 ـ سان، 21 ـــ 29 ـ بەت، 6 ـ سان، 26 ـ، 34 ـ بەتلىرىدە ئېلان قىلىنغان. يەنە تۆۋەندىكى ماتېرىياللارغا قاراڭ: تەيزەي بۇئەرۋەن: (شاڭ لىن، جۇ رۇنشۇن تەرجىمىسى) «بوۋېرنىڭ خېتى ـــ دۇنخۇاڭشۇناسلىقنىڭ كېلىپچىقىشى»، «شىنجاڭ مەدەنىيەت يادىكارلىقلىرى»، خەنزۇچە، 1990 ـ يىللىق ئۈچىنچى سان، 138 ـ، 140 ـ بەت؛ ۋاڭ يىچىڭ: «كۇچا ۋەسىقىلىرىنىڭ تېپىلىشى ۋە ئەنگلىيەنىڭ ئوتتۇرا ئاسىيا مەدەنىيەت يادىكارلىقلىرىنى زور كۆلەمدە توپلىشى»، «دۇنخۇاڭشۇناسلىق مەجمۇئەسى»، خەنزۇچە، 1991 ـ يىللىق 2 ـ سان، 64 ـ، 73 ـ بەت؛ ۋاڭ يىچىڭ: «ئەنگلىيە كۇتۇپخانىسى شەرق بۆلۈمىدە ساقلانغان ‹خوئورنىلى يىغىپ ساقلىغان بۇيۇملار›، ئىچىدىكى خەنزۇچە ۋەسىقىلەرنى تەكشۈرۈش ۋە تەتقىق قىلىش، لەنجۇ ئۇنىۋېرسىتېتى ئىلمىي ژۇرنىلى»، خەنزۇچە، 1991 ـ يىللىق 1 ـ سان، 143 ـ، 150 ـ بەت؛ جيا جەنيى: «ئەنگلىيەنىڭ قەشقەردە تۇرۇشلۇق كونسۇلى ماجىينىڭ جۇڭگوغا كېلىشىنىڭ ئارقا كۆرۈنۈشى ھەم ئۇنىڭ دەسلەپكى پائالىيىتى»، «ئوتتۇرا ئاسىياشۇناسلىق ئىلمىي ژۇرنىلى»، خەنزۇچە، 2000 ـ يىللىق ئىككىنچى توپلام، 183 ـ، 244 ـ بەت.

⑳ «تېبابەتچىلىك نەزەرىيەسى جەۋھەرلىرى»نىڭ سانسكرىتچە، ئۇدۇنچە (خوتەنچە) نۇسخىسىدىن باشقا تىبەتچە، ئەرەبچە ۋە قەدىمكى ئۇيغۇرچە نۇسخىلىرىمۇ بار. بۇ رېتسېپنى خەنزۇچىغا تەرجىمە قىلغۇچى ئېممېرىكنىڭ نەشرگە تەييارلىغان سانسكرىتچە نۇسخا (R. E. Emmerick, The Siddhasara of Ravigupta Volumel . The Sanskrit Text . Wiesbaden . 1980)نى ئاساس قىلغان. بۇ رېتسېپتا تىلغا ئېلىنغان دورىلار ھەققىدە جاڭ بوچىن ئەپەندىنىڭ «دۇنخۇاڭ ـ تۇرپان ۋە پۇراقلىق دورا ـ دەرمەكلەر يولى» دېگەن ماقالىسىگە قاراڭ. «پىروفېسسور جى شيەنلىن تەۋەللۇتىنىڭ 80 يىللىقىنى خاتىرىلەش ئىلمىي ماقالىلەر توپلىمى»، ئىككىنچى قىسىم، جېجياڭ خەلق نەشرىياتى، 1991 ـ يىلى خەنزۇچە نەشرى، 837 ـ، 848 ـ بەتلەر.

⑬⑭⑲ ئابلىز مۇھەممەت سايرامىينىڭ: «دەشتىئاتا (دۇنخۇاڭ) دىن تېپىلغان سانسكرىت يېزىقى ۋە ئۇدۇن (خوتەن) بىراخما يېزىقىدىكى قوش تىللىق تېببىي ئەسەر ‹جىۋاكا تېببىي دەستۇرى› ھەققىدە» («ئۇيغۇر تېبابەتچىلىكى ژۇرنىلى»، 2004 ـ يىللىق 1 ـ، 2 ـ سانىدا) ناملىق ماقالىسى بىلەن پىروفېسسور جى شيەنلىنىڭ ئەپەندىنىڭ «شىنجاڭدا شېكەر قومۇشىنىڭ ئۆستۈرۈلۈشى ۋە قومشېكەرنىڭ ئىشلىتىلىشى» دېگەن ماقالىسىگە قاراڭ. «دۇنخۇاڭ ـ تۇرپان تەتقىقاتى» (ئۈچىنچى توپلام)، بېيجىڭ ئۇنىۋېرسىتېتى، 1998 ـ يىلى خەنزۇچە نەشرى، 1 ـ، 12 ـ بەتلەر.

⑮ 1902 ـ يىلىدىن 1914 ـ يىلىغىچە گېرمانىيە ئىلگىرى ـ كېيىن بولۇپ تۆت قېتىم «تۇرپان ئېكسپېدىتسىيە ئەترىتى»نى تەشكىللىگەن. بۇ ھەقتە ئابلىز مۇھەممەت سايرامىينىڭ «چەت ئەل ئارخېئولوگلىرىنىڭ يۇرتىمىزدا ئېلىپ بارغان تەكشۈرۈش ـ قېزىلىشلىرى توغرىسىدا» دېگەن ماقالىسىگە قاراڭ. بۇ ماقالە ئاپتورنىڭ «ئۇيغۇر مەدەنىيەت ـ سەنئىتىگە دائىر ئىلمىي ماقالىلەر توپلىمى» ناملىق كىتابىنىڭ 306 ـ، 350 ـ بەتلىرىدە ئېلان قىلىنغان.

⑯ تۈركىيەلىك ئالىم رەشىت رەخمەتى ئارات 1930 ـ يىلى (SBAW بېرلىن پىرۇسسىيە پەنلەر ئاكادېمىيەسىنىڭ

كونفرېنسىيەسىدە قىلىنغان دوكلاتىنىڭ پەلسەپە ـ تارىخ قىسمى)نىڭ بىرىنچى قىسىم 451 ـ، 473 ـ بەتلىرىدە ۋە 1932 ـ يىلى SBAW نىڭ ئىككىنچى قىسىم، 401 ـ، 448 ـ بەتلىرىدە گېرمانىيەنىڭ ئۈچىنچى قېتىملىق تۇرپان ئارخېئولوگىيە ئەترىتى تۇرپاندىن ئېلىپ كەتكەن تېبابەتچىلىككە دائىر ۋەسىقىلەر ھەققىدىكى ئۆز تەتقىقاتىنى ئېلان قىلغان.

⑰ چېن زۇڭجېن: «قەدىمكى ئۇيغۇر يېزىقىدىكى تېبابەتچىلىككە دائىر ۋەسىقىلەرنىڭ تەرجىمىسى»، «جۇڭگو تېبابەتچىلىك تارىخى ژۇرنىلى» 14 ـ جىلد، 1987 ـ يىللىق 4 ـ سان، 233 ـ، 235 ـ بەت؛ خۇاڭ ۋېلى «قەدىمكى ئۇيغۇر يېزىقىدىكى ھەرخىل كېسەللىكلەرنى داۋالاش قوللانمىسى،نىڭ تېبابەتچىلىك تارىخىي قىممىتى»، يۇقىرىدىكى ژۇرنال، يۇقىرىدىكى سان، 236 ــ 238 ـ بەت؛ دېڭ خاۋ، ياڭ فۇشۆ: «تۇرپان نۇسخىسىدىكى قەدىمكى ئۇيغۇر يېزىقىدىكى ‹تۇرلۇك كېسەللىكلەرنى داۋالاش رېتسېپلىرى›نى تەرجىمە قىلىپ ئىزاھلاش»، دۇنخۇاڭ تەتقىقات ئاكادېمىيەسى تۈزگەن «دۇەن ۋېنجېنىڭ دۇنخۇاڭ تەتقىقاتى بىلەن شۇغۇللانغانلىقىنىڭ 50 يىللىقىنى خاتىرىلەش ماقالىلەر توپلىمى»، 256 ـ، 372 ـ بەتلەر، دۇنيا كىتاب نەشرىياتچىلىق شىركىتى، بېيجىڭ شۆبە شىركىتى، 1996 ـ يىلى، خەنزۇچە نەشرى.

⑱ دېڭ خاۋ: «تۇرپاندىن تېپىلغان قەدىمكى ئۇيغۇر يېزىقىدىكى ئىككى پارچە تېبابەتكە ئائىت ۋەسىقە»، «گەنسۇ مىللەتلەر تەتقىقاتى»، 1996 ـ يىللىق 3ـ، 4ـ قوشما سان، 91 ـ، 92 ـ بەتلەر.

㉑ چېن زۇڭجېن بىلەن خۇاڭ ۋېلىلارنىڭ ماقالىلىرى ئايرىم ـ ئايرىم ھالدا «جۇڭگو تېبابەتچىلىك تارىخى ژۇرنىلى»نىڭ 1984 ـ يىللىق (14 ـ توپلام) 4 ـ سان 233 ــ 235 ـ بەتلىرىدە ۋە 236 ــ 238 ـ بەتلىرىدە ئېلان قىلىنغان. دېڭ خاۋ بىلەن ياڭ فۇشۆلەرنىڭ ماقالىسى «دۇەن ۋېنجېنىڭ دۇنخۇاڭ تەتقىقاتى بىلەن شۇغۇللانغانلىقىنىڭ 50 يىللىقىنى خاتىرىلەش ئىلمىي ماقالىلەر توپلىمى»نىڭ 256 ــ 372 ـ بەتلىرىدە ئېلان قىلىنغان، 1996 ـ يىلى دۇنيا كىتاب نەشر قىلىش شىركىتى بېيجىڭ شۆبە شىركىتى، خەنزۇچە نەشرى.

㉒ مۇ شۈنيىڭ، ۋاڭ بىڭخۇا: «تۇرپاننى ئارخېئولوگىيەلىك تەتقىق قىلىش ھەققىدە ئومۇمىي بايان»، «شىنجاڭ ئىجتىمائىي پەنلەر تەتقىقاتى»، خەنزۇچە، 1982 ـ يىللىق 3 ـ سان؛ شۆ زۇڭچىڭ باش مۇھەررىرلىكىدە تۈزۈلگەن «جۇڭگو شىنجاڭنىڭ قەدىمكى جەمئىيەت تۇرمۇشى تارىخى»، 1997 ـ يىلى، شىنجاڭ خەلق نەشرىياتى، خەنزۇچە نەشرى، 357 ـ، 358 ـ بەتلەر.

(ئاپتورى ئاپتونوم رايونلۇق سىياسىي مەسلىھەت كېڭىشىدە)

# تۇغچى چۆچەكلىرىدىن

توپلاپ رەتلىگۈچى: مۇھەممەتئىمىن ھېيت ئىسلام ھاجى

## ئەسلىي ھۈنەر — چويلىچىلىق

بۇرۇنقى زاماندا، يېزا - قىشلاقلاردا ئادەم ئاز، يەر، يايلاق كۆپ ئىكەن. كۆپلىگەن كىشىلەر دېھقانچىلىق بىلەن شۇغۇللىنىدىكەن.

«پاقىلىق» دېگەن جاڭگالنىڭ جەنۇبىي ياقىسىدا بىرقانچە ئائىلىلىك كىشى بولۇپ، ئۇلار دېھقانچىلىق، چارۋىچىلىق، ئورمانچىلىقنى تەڭ تۇتۇپ خېلى جېنى بار بايلاردىن بولۇپ قاپتۇ. لېكىن، ئۇلارنىڭ ئارىسىدا تەۋەككۇل تەلۋە دېگەن بىر ئادەم بار ئىكەن. ئۇ تەلۋە بولغاچقا باشقىلاردىن ئۆگىنەلمەيدىكەن. يېرىنى ئۆزى بىلگەنچە تېرىپ، تۈزۈك ھوسۇل ئالالماي نامراتچىلىقتا ئۆتىدىكەن.

قىلغان ئىشلىرىدىن مەنپەئەت كۆرەلمىگەن تەۋەككۇل تەلۋە نېمە قىلارىنى بىلەلمەي، مەنپەئەت ئىزدەپ يۇرت ياقىسىدىكى ئورمانلىققا بېرىپ قاپتۇ. ئۇ ئورمانلىق ئىچىگە ئىچكىرىلەپ كىرىپ قارىسا، بىر شاپاق دوپپىلىق يىگىت سۆگەت تاللىرىنى ئېلىۋاتقۇدەك. تەۋەككۇل تەلۋە سوراپتۇ:

— ئۆزلىرى كىم بولىلا؟

— مەردان چويلىچى دېگەن بولىمەن.

— بۇ تالنى نېمە قىلىلا؟

— چويلا توقۇيمەن.

— چويلىنى نېمە قىلىلا؟

— بازارغا ئاپىرىپ ساتىمەن.

— ئالغانلار نېمىگە ئىشلىتىدۇ؟

— لەڭمەن سۈزىدۇ، چۆپ سۈزىدۇ.

تەۋەككۇل تەلۋە «لەڭمەن» دېگەن سۆزنى ئاڭلاپ ئاغزىغا سېرىق سۇ يىغىلىپ، ئىشتىھاسى ئۆرلەپ، بىر دەرەخكە يۆلىنىپ ئولتۇرۇپ قاپتۇ. يىگىتنىڭ قولىدىكى تاللار ئۇنىڭ كۆزىگە خۇددى لەڭمەندەك كۆرۈنۈپ كېتىپتۇ.

مەردان چويلىسىنى توقۇۋېرىپتۇ، تەۋەككۇل تەلۋە ئولتۇرۇۋېرىپتۇ. مەردان ئۈچىنچى چويلىنى توقۇۋاتقاندا ئىككى چوكان كېلىپ، بىردىن چويلا ئېلىپ، ئىش ھەققى ئۈچۈن ئىككى قاتلىما نان، بىر ياغلىق گۆلە، يېرىم تەڭگە پۇل بېرىپ قايتىپ كېتىپتۇ. بۇنى كۆرگەن تەۋەككۇل تەلۋىنىڭ كۆزىدىن ئوت چاقناپ، ئۈچىيى تېخىمۇ تارتىشىشقا باشلاپتۇ. مەردان:

— ئاۋۋال تائام، ئاندىن كالام، قاتلىما، گۆلە يېسىلە، — دەپتۇ. تەۋەككۇل تەلۋە قاتلىمىدىن بىر بۇردا ئېلىپ ئاغزىغا سالغانىكەن، بۇ قاتلىما بەكمۇ تېتىپ كېتىپتۇ.

ئىككىيلەن قورساقنى تويدۇرغاندىن كېيىن، مەردان يەنە چويلا توقۇشقا چۈشۈپتۇ.

قاتلىمىنىڭ تەمىنى تېتىپ قالغان تەۋەككۇل تەلۋىنىڭ زېھنى ئېچىلغاندەك بولۇپ، مەردان چويلىچىدىن چويلا توقۇشنى ئۆگىنىپ قويۇشنى تەلەپ قىپتۇ. مەردان ئۇنىڭ تەلىپىنى ماقۇل كۆرۈپ چويلا توقۇشنىڭ ھەممە جەريانلىرىنى ئۆگىتىپ قويۇپتۇ.

تەۋەككۇل تەلۋە بۇ ھۈنەرنى ئۆگەنگەندىن

كېيىن رىزىق ئىزدەپ سەپەر قىپتۇ. ئۇ مېڭىپتۇ، مېڭىپتۇ، دەشت ـ چۆللەردىن ئۆتۈپ بىر يەرگە كەلسە بىرقانچە تۈپ سېرىق سۆگەت تال ـ چىۋىقلىرىنى مەيىن شامالدا ئىرغاڭلىتىپ تۇرۇپتۇ. تەۋەككۇل تەلۋە بۇ تاللارنى ئېلىپ، سىيرىپ ئىككى دانە چويلا توقۇپتۇ. ئۇ بۇ چويلىنى كۆتۈرۈپ كېتىۋاتسا ئېشەك مىنگەن بىر بوۋاي يېتىپ كەپتۇ.

بوۋاي سوراپتۇ:

— چويلىنى ساتاملا؟

— ساتىمەن.

— قانچە پۇل؟

— ئىككى قاتلىما، بىر ياغلىق گۆلە، يېرىم تەڭگە پۇل. بوۋاي تەۋەككۇل تەلۋىنىڭ باھاسىغا ماقۇل بوپتۇ. بوۋاي ئىككى چويلىنى كۆتۈرۈپ ئۆيگە كىرگەندە، ئۇنىڭ ئائىلە ئەزالىرى چويلىنى كۆرۈپ خۇشال بولۇپ كېتىپتۇ. بوۋاي تەۋەككۇل تەلۋىنى رازى قىلىپ، ئۇنىڭ نامى ـ ئەمەلىنى سوراپتۇ. ئۇ ئۆز ئەھۋالىنى راستى بىلەن بايان قىپتۇ. ئۇنىڭ قىسمەتلىرىنى ئاڭلىغان بوۋاي ئۇنى شۇ يۇرتتا قېلىشقا تەۋسىيە قىپتۇ. تەۋەككۇل تەلۋە ماقۇل بولغاندىن كېيىن ئۇنىڭغا دەرۋازا يېنىدىكى بىر ئېغىز ئۆينى بېرىپتۇ.

ئۇ، بۇ يۇرتقا ماكانلاشقاندىن كېيىن، چويلا، سېۋەت، زەمبىل قاتارلىق سايمانلارنى توقۇپ سېتىپ كۈن كەچۈرۈپتۇ.

بىر كۈنى تۈگمەنگە ئۇن تارتقىلى بارسا، تۈگمەنچى تۈگمەننىڭ شەرقىي تېمىنى توختىتالماي ئاۋارە بولۇۋاتقانىكەن. بۇنى كۆرگەن تەۋەككۇل تەلۋە زەمبىل توقۇش ئۇسۇلىدىن پايدىلىنىپ «تۈگمەن تېمى» ياساپ بېرىپ تۈگمەنچىنىڭ ئىنئامىنى ئاپتۇ.

تەۋەككۇل تەلۋىنىڭ «توقۇش كەسپى» ئۇنىڭغا زور شان ـ شەرەپ ئېلىپ كەپتۇ. كىشىلەر ئۇنى «ئۇستام» دەپ ئاتاپتۇ. بوۋاي بۇ «ئۇستام»نى قولدىن چىقارماسلىق ئۈچۈن تۇرسۇنئاي ئىسىملىك قىزنى ئۇنىڭغا ياتلىق قىلىپ بېرىپتۇ. شۇ بىر ھۈنەرنىڭ خاسىيىتىدىن ئۇلارنىڭ كۈنى ياخشى ئۆتۈپتۇ. تەۋەككۇل تەلۋىنىڭ «تەلۋە» دېگەن لەقىمى «ئۇستام» دېگەن چىرايلىق تەخەللۇسقا ئايلىنىپ، ھەممە كىشى ھۆرمەت قىلىدىغان يۇرت مۆتىۋەرىگە ئايلىنىپتۇ.

تەۋەككۇل ئۇستام بارغانلا يېرىدە: «ئەسلىي ھۈنەر — چويلىچىلىق ئىكەن» دەپ سۆزلەپ بېرىپتۇ.

«ئەسلىي ھۈنەر — چويلىچىلىق» دېگەن بۇ ماقال ئەنە شۇنىڭدىن قالغانىكەن.

## ھاجى كۆتەك

بۇرۇنقى زاماندا ھاجى ئاخۇن دېگەن بىر كىشى ئۆتكەنىكەن. ئۇ ئىنتايىن ياۋاش، مۇلايىم، قولى ئوچۇق كىشى بولۇپ، نەرسە ـ كېرەكلىرىنى باشقىلاردىن ئايىمايدىكەن.

بىر يىلى بۇغداي خامىنى ئېلىپ بولۇنغاندىن كېيىن، مەھەللىدىكى دوست ـ يارانلىرى قەدىمىي بىر شەھەرنى سەيلە ـ ساياھەت قىلىپ كېلىشنى مەسلىھەت قىپتۇ. ھاجى ئاخۇن ماقۇل بولۇپ: «ئۇزۇنىمۇ سەپەر، قىسقىسىمۇ بىر سەپەر» دەپ ئويلاپ، تولۇق تەييارلىق قىپتۇ.

ئۇلار يولغا چىقىپتۇ. ھاجى ئاخۇن بىر خورجۇننىڭ ئىككى كۆزىگە لىق توقاچ قاچىلاپ ئېلىۋاپتۇ، باشقىلار ھېچنېمە ئالماي قۇرۇق قول يولغا چىقىپتۇ. يېرىم كۈن يول ماڭغاندىن كېيىن ھەممەيلەننىڭ قورسىقى ئېچىپ، ھېرىپ ـ ئۇسساپ ھالىدىن كېتىپتۇ. ھاجى ئاخۇن يەرنى كولاپ سۇ چىقىرىپ، ئۇلارنىڭ ئۇسسۇزلۇقىنى قاندۇرۇپ، قورسىقى ئاچقانلارغا نان بېرىپتۇ. ھەممەيلەن ھاجى ئاخۇننى ماختاپ، ئۇنىڭغا بولغان يېقىنچىلىقىنى بىلدۈرۈپتۇ. ئۇلار ئۈچ كۈن يول يۈرۈپ، ھاجى ئاخۇننىڭ نانلىرىنى پاك ـ پاكىز يەپ تۈگىتىپ مەنزىلگە يېتىپ كەپتۇ.

ئۇلار قەدىمىي شەھەرگە كەلگەندىن كېيىن ئاشپۇزۇلدا تاماق يەپتۇ، پۇلنى ھاجى ئاخۇن تۆلەپتۇ، دەڭدە يېتىپتۇ، پۇلنى ھاجى ئاخۇن تۆلەپتۇ. مېۋە ـ چېۋە ئېلىپ يەپتۇ، پۇلنى يەنە ھاجى ئاخۇن تۆلەپتۇ.

ھاجى ئاخۇننىڭ مېجەزىنى چۈشىنىپ قالغان بۇ زىيارەتچىلەر زەھەردىن باشقا ھەممىنى يەپ، پۇلىنى ھاجى ئاخۇنغا تۆلىتىپتۇ. بىكار يېتىپ يەۋەرسە تاغمۇ توگەيدۇ. ئۇلار بىر پەيشەنبە كۈنى ئاشمانتا يېمەكچى بولۇپ، چوڭ بىر ئاشخانىغا كىرىپ مانتا بىلەن پولۇ يەپتۇ.

قورساق تويغاندىن كېيىن ھەممىسى ھاجى ئاخۇننىڭ كۆزىگە قاراپتۇ. ھاجى ئاخۇن يانچۇقىنى ئاختۇرۇپ، ئاران ئون تەڭگە تېپىپتۇ. خۇرجۇنىنى ئاختۇرسا ئىككى دانە قېتىپ قالغان زاغرا چىقىپتۇ. ھاجى ئاخۇن ئۆز ئەھۋالىنى بىلىپ، كۆپچىلىككە ئەھۋالىنى ئېيتىپتۇ. ئاردىن پۇل تۆلەيدىغان بىرمۇ سېخىي چىقماي، ئاخىر ھەرقايسىسى ئۆزى يېگەن تاماقنىڭ پۇلىنى ئۆزى تۆلەيدىغان بوپتۇ. ھاجى ئاخۇن خىجالەت بولۇپ يەرگە كىرەي دېسە يەر قاتتىق، ئاسمانغا چىقاي دېسە ئاسمان يىراق بولۇپ، يوقسۇزلۇقنىڭ دەردىنى تارتىپتۇ. نېمە ئىلاج؟ باشقىلار ئۇنىڭغا سالقىن نەزەر بىلەن قاراپتۇ. ھاجى ئاخۇن باشقىلارغا قارىغاندا ئېگىز، پۇت ـ قوللىرى يوغان ئىكەن. ئۇ بۇ ئاشخانىدا خوددى يارمىغان كۆتەككە ئوخشاش مىدىر قىلماي ئولتۇرۇپتۇ. ئۇنىڭ بۇ ھالىتىنى كۆرگەن دوستلىرى ئۇنىڭغا «ھاجى كۆتەك» دەپ لەقەم قويۇپتۇ. روزى دېھقان ئىسىملىك بىرەيلەننىڭ ھاجى ئاخۇنغا ئىچى ئاغرىپ، تاماق پۇلىنى تۆلىۋېتىپ، ئۇنى خىجالەتچىلىكتىن خالاس قىپتۇ.

ھاجى ئاخۇن ئاشخانىدىن چىقىپ، گويا بىر تۈرمىدىن چىققان ئادەمدەك دەرھال ئۆزىنى رۇسلاپ خۇرجۇن، كىيىم ـ كېچەكلىرىنى يۈدۈپ يولغا راۋان بوپتۇ. ئۇ يولدا ئېشىپ قالغان زاغرىنى يەپ، ئېرىق ـ ئۆستەڭلەردىن سۇ ئىچىپ ئاران تەستە ئۆيىگە كېلىۋاپتۇ.

ئاردىن ئۈچ يىل ئۆتۈپتۇ، پادىشاھ قەسىر ئالدىغا ھەم چوڭ، ھەم چوڭقۇر كۆل چاپتۇرماقچى بوپتۇ، يەتتە ياشتىن يەتمىش ياشقىچە بولغان پۇقرانىڭ كۆل چېپىشقا كېلىشى بۇيرۇلۇپتۇ. ئىش باشلىنىپتۇ. پادىشاھ راۋاققا چىقىپ ئىشنىڭ سۈرئىتى ۋە كىشىلەرنىڭ كېلىش ـ كېتىش ئەھۋالىنى كۆزىتىپ تۇرىدىكەن، قارىغۇدەك بولسا ئېگىز بويلۇق، چار ساقال بىر كىشى كۆلنىڭ ئوتتۇرىسىغا كىرىپ كەتمەن چېپىپ، قىرغا توپا ئېتىپ، ھارماي ئىشلەپتۇ. بىر كۈن، ئىككى كۈن، ئۈچ كۈن ئۆتۈپتۇ، بۇ ئادەم ھاردىم ـ تالدىم دېمەي ئىشلەپتۇ.

بەشىنچى كۈنى جۈمەدىن يانغاندا پادىشاھ بۇ ئادەمنى چاقىرتىپتۇ. ئۇ پادىشاھنىڭ ئالدىدا قول باغلاپ تۇرۇپتۇ.

— ئىسمىڭىز نېمە؟

— ھاجى كۆتەك.

پادىشاھ ھەيران بولۇپ سوراپتۇ:

— ھاجى كۆتەك؟

— ھەئە، ھاجى كۆتەك.

— باشقا ئىش يوق، قورقماڭ. قارىسام ناھايىتى ياخشى ئىشلەۋاتىسىز، بۇنىڭدىن كېيىن تېخىمۇ ياخشى ئىشلەڭ.

بۇ سۆھبەتتىن كېيىن ھاجى كۆتەك تېخىمۇ كۆچەپ ئىشلەپ زادى ھارماپتۇ.

پادىشاھ ئىش جەريانىنى كۆزدىن كەچۈرۈش ئۈچۈن يەنە ئىش مەيدانىغا كەپتۇ. قارىسا ھاجى كۆتەك ھەربىر كەتمەن توپىنى ئون گەز يىراققا ئېتىۋاتقۇدەك. پادىشاھ ئۇنىڭغا سەپسېلىپ قاراپتۇ. قارىغۇدەك بولسا ئۇنىڭ سول يېنىدا بىر نەرسە تومپىيىپ تۇرغۇدەك، پادىشاھ ئۇنى چاقىرىپ سوراپتۇ:

— سول يېنىڭىزدىكى نېمە ئۇ؟

— ئاللا بەرگەن نېسىۋەم.

— ئېلىڭ، كۆرۈپ باقاي.

ھاجى كۆتەك يانىدىكى ھەميانىنى ئېلىپ پادىشاھقا بېرىپتۇ. قارىسا ھەميانىنىڭ ئىچىدە لىق ئالتۇن ـ تىللا بار ئىكەن. پادىشاھ ھەميانىنى قوينىغا سېلىپ، ھاجى كۆتەكنى داۋاملىق ئىشلەشكە بۇيرۇپتۇ. ھاجى كۆتەك ئۈچ كەتمەن چېپىپلا ھېرىپ ـ چارچاپ ئولتۇرۇپ قاپتۇ. پادىشاھ سوراپتۇ:

— بۇنىڭ سەۋەبى نېمە؟

هاجى كۆتەك ئۆز بېشىدىن ئۆتكەن سەرگۈزەشت ۋە هاجى كۆتەك دېگەن لەقەمنىڭ بارلىققا كېلىش سەۋەبىنى تەپسىلىي سۆزلەپ بېرىپتۇ. پادىشاھ بۇ گەپلەرنى ئاڭلاپ:

— «پۇلى بار چاغدا هاجىئاخۇن، پۇلى يوق چاغدا هاجى كۆتەك» دېگەن شۇ ئىكەن — دە، — دەپ، هېلىقى ۋاپاسىز دوستلارغا نەپرەت ياغدۇرۇپ، هاجى كۆتەكنىڭ ھەممىنى قايتۇرۇپ بېرىپتۇ.

هاجى كۆتەك ھەمياننى يانچۇقىغا سالغاندىن كېيىن، بۇرۇنقىدەك جانلىنىپ ئىشلەپ كېتىپتۇ.

## قىيامەت

بۇرۇنقى زاماندا بىر يۇرتتا بىر جۈپ ئەر — ئايال بار ئىكەن. ئۇلارنىڭ ئۆزىگە تۇشلۇق يېرى، بېغى، مېلى، ئۆي — بىساتى بار ئىكەن، لېكىن بىرمۇ پەرزەنتى يوق ئىكەن. شۇنداق بولسىمۇ ئۇلار ناھايىتى ئىناق ئۆتىدىكەن.

كۈنلەردىن بىر كۈنى ئۇلار تويغا بېرىپتۇ، تويدا يېگىت بىلەن قىزنىڭ ئانىلىرى گۈلدەك ياسىنىپ، بۇلبۇلدەك سايراپ، كەلگەن مېھمانلارنى ياخشى كۈتۈپ، ئۇلاردا ئوبدان تەسىرات قالدۇرۇپتۇ.

بۇنى كۆرگەن ئايال — مەزىرخاننىڭ بالا يۈزى كۆرۈش ئىستىكى قوزغىلىپ نۇرغۇن سەۋەبلەرنى قىپتۇ، لېكىن يەنىلا بالا يۈزى كۆرمەپتۇ. بەزىلەر داخانغا بېرىپ دۇئا ئوقۇتۇشنى تەۋسىيە قىپتۇ، بەزىلەر ئوردا خېنىمدىن بالا تەلەپ قىلىپ «تەلەپ تۆشۈكى»دىن ئىمە چىقسا شۇنى يېيىشنى تەۋسىيە قىپتۇ. ئومۇمەن، قولىقى ئاڭلىغان سەۋەبلەرنىڭ ھەممىسىنى قىلىپ كۆرۈپ ھېچبىر نەتىجىگە ئېرىشەلمەي، «تاجى ۋاق — ۋاق» دەپ ئاتىلىدىغان بىر خوتۇننىڭ ئالدىغا بېرىپتۇ. ئۇششاق بالىلار «تاجى ۋاق — ۋاق ئاش ئېتىدۇ جىننىڭ چۆچىكىدە» دەپ بۇ خوتۇننىڭ چىشىغا تېگىدىكەن. شۇنداق بولغاچقا، ئۇنىڭ بالىلار بىلەن خۇشى يوق ئىكەن، ئۇ:

— بالا تەلەپ قىلىپ ئىمە قىلاتتىڭلار، قول — ئىلكىڭلاردا بولغاندىكىن بالا باقىمىز دەپ جاپا تارتماي، يەڭلار، ئىچىڭلار، ئويناڭلار، — دەپتۇ.

شۇنىڭ بىلەن مەزىرخاننىڭ نىيىتى بۇزۇلۇپ، كۆرگەنلا نېمىنى يەپ-ئىچىشكە باشلاپتۇ.

ئۇ ئەتىگەندە هالۋا، چۈشتە پولۇ، كەچتە لەڭمەن يەپتۇ، يېگەنسېرى سەمرىپ سۇ تولدۇرىدىغان كۈپتەك بولۇپ كېتىپتۇ. ئۇ يېگەنسېرى تويمايدىغان بولۇپ كېتىپتۇ. ئېرى سىرتقا چىقىپ كەتكەن هامان ئىسلاق ياكى داڭقاننى ئېسىپ گۆش بولسا شورپا، قايماق بولسا پوشكال ئېتىپ يەپ ئولتۇرىدىكەن. ئېرىنى بازارغا ئەۋەتىپ، گۆش — ياغ، كۆكتات، مېۋە — چىۋە، قەنت — ناۋاتلارنى ئەكەلدۈرۈپ بىكار تۇرماي يەيدىكەن.

بىر كۈنى ئۇ كاللا — پاقالچاق يەيمەن دەپ ئېرىنىڭ بېشىنى ئاغرىتىپتۇ. ئېرى چۈشكىچە بازارغا بېرىپ، ئىككى قوينىڭ كاللا — پاقالچىقىنى ئېلىپ ئۆيگە كەپتۇ. ئۇ كاللا — پاقالچاقنى مەزىرخانغا بېرىپ، مەسچىتكە ناماز ئوقۇغىلى كېتىپتۇ. مەزىرخان كاللىدىن بىرنى دەرھال ئۈتلەپ، چالا — پۇچۇق يۇيۇپ، قازانغا سېلىپ پىشۇرۇشقا باشلاپتۇ. ئېرى نامازشامنى ئوقۇپ بولۇپ ئۆيگە كەلمەي، خۇپتەن نامىزىنى ئوقۇۋېتىپ كىرەي دەپ خۇپتەن نامىزىنىڭ ۋاقتىنى كۈتۈپ ئولتۇرۇپتۇ. مەزىرخان ئوچاق ئالدىدا ئوت قالاپ ئولتۇرۇپ ئۇخلاپ قاپتۇ. ئۇ چۈش كۆرۈپتۇ. چۈشىدە: بىر قارا ئىتنىڭ كاللىنى قازاندىن ئېلىۋاتقانلىقى ئايان بوپتۇ. ئۇ چۆچۈپ ئويغىنىپ قارىسا، ئوت ئۆچۈپ قازاندىن هور چىقىۋاتقۇدەك.

مەزىرخان «كاللا پىشىپتۇ» دەپ ھۆكۈم قىپتۇ — دە، كاللىنى قازاندىن ئېلىپ، ئاۋۋال قۇلاقنى يەپتۇ، ئاندىن تىلنى يېمەكچى بولۇپ كاللىنىڭ ئاغزىنى ئېچىپ، تىلنى بىر چىشلىگەنىكەن، ئۇنىڭ بىر قولى بوشاپ كېتىپ، كاللا ئۇنىڭ ئاغزىنى چىشلىۋاپتۇ. بۇنىڭدىن قورقۇپ كەتكەن مەزىرخان: «قىيامەت قايىم بولغاندا ئۆلۈكلەر تىرىلىدۇ، ھەر كىم ئۆزىنىڭ قىلغان ياخشىلىق — يامانلىقلىرىدىن هېساب بېرىدۇ» دەپ ئاڭلىغىنىنى ئەسلەپ، «قىيامەت قايىم بولغان ئوخشايدۇ، ئۆلۈك كاللا تىرىلىپ



ئۇيغۇر كىتاب تورى www.uyghurkitap.com

مېنى چىشلىۋالدى» دەپ ئويلاپتۇ ـ دە:

ــ قىيامەت، قىيامەت قايىم بولدى! ــ دەپ توۋلاپتۇ.

قوشنىسىنىڭ ئايالى، بالىلىرى بۇنى ئاڭلاپ يۈگۈرۈپ كىرسە، مەزىرخان «قىيامەت» دەپ توۋلاپ ياتقۇدەك. ئۇلار كاللىنى ئاجرىتىش ئۈچۈن خېلى كۈچىگەن بولسىمۇ ئاجرىتالماپتۇ.

باللار مەسچىتكە بېرىپ جامائەتكە بۇ ئەھۋالنى مەلۇم قىپتۇ. مەزىرخاننىڭ ئېرى جامائەت بىلەن يۈگۈرۈپ كىرىپ قارىغۇدەك بولسا ھېلىقى ئەھۋال. ئېرى بولغان ئىشنى چۈشىنىپتۇ ـ دە، كاللىنى ئاجرىتىپ تاشلاپ، جامائەتكە «ھېچ گەپ يوق» دەپ ئۆيلىرىگە قايتۇرۇپتۇ. جامائەت كەتكەندىن كېيىن، ئېرى بىرقانچە يىللاردىن بېرى بولغان ئىشلارنىڭ ھەممىسىنى مەزىرخاننىڭ يۈزىگە سېلىپ، قورساق كۆپۈكىنى چىقىرىۋاپتۇ.

مەزىرخان قىلغان بولمىغۇر قىلىقلىرىدىن پۇشايمان قىپتۇ.

كېيىنكى كۈنلەردە ئۇ نورمال ھالەتكە كېلىپ، ئىنساپ بىلەن ئۆي تۇتقانىكەن. ئاللا ئۇنىڭغا ئۈچ پەرزەنت ئاتا قىپتۇ. ئۇ باللارنى ياخشى تەربىيەلەپ، ئوقۇتۇپ قاتارغا قوشۇپتۇ. بىراق، ئۇنىڭ «قىيامەت» دەپ توۋلىغان كۈلكىلىك ھالىتى كىشىلەرنىڭ ئېسىدىن چىقماي، مەزىرخان دېگەننىڭ ئورنىغا «قىيامەت» دەپ ئاتايدىغان بوپتۇ. ئۇ، بۇ ھېكايىنى كىشىلەرنىڭ ئېسىدىن چىقىرىۋېتىش ئۈچۈن خەير ـ سەدىقە ئىشلىرىنى كۆپرەك قىلىدىغان بوپتۇ.

## زېرەك ئايال

نەسىرىددىن ئەل كاتىپى دېگەن بىر كىشى بار ئىكەن. ئۇ بىر كېچىدە تۇيۇقسىز ۋاپات بوپتۇ. ئۇنىڭ ئايالى ئۇنىڭ دەردىدە يىغلاپ ئاھ ئۇرۇپ، يادىپ كىچىككىنە بولۇپ قاپتۇ.

بىر كۈنى ئۇ ئايال باللارغا تاماق يېگۈزۈپ، ئۇلاغ ـ ئۇلىغىنى ئۆز جايىغا جايلاپ قارىسا نامازشام بوپتۇ. ئۇ نامازشامغا تەرەت ئېلىۋاتسا، ئىشىك تەرەپتىن:

ــ ئادەم بارمۇ؟ ــ دېگەن ئاۋاز كەپتۇ.

ــ بار، كىم سىلى؟

ــ مەن بىر مۇساپىر.

ئايال ئىشىككە چىقىپتۇ، قارىغۇدەك بولسا بېشىغا رومال ئارتقان، قولتۇقىغا بىر بوغچىنى قىستۇرغان ئايال ئىكەن.

ــ نېمە بولدى؟

ــ ۋاي خېنىم، ئېرىم ئۇرۇپ يامانلاپ چىققاندىم. بۇ يەرگە كەلگەندە كېچە بولۇپ كەتتى. قونۇپ كېتەي دېگەنىدىم. ئۆي ئىگىسى ئايال ئۇنىڭ گېپىگە ئىشىنىپ ئۆيگە باشلاپتۇ. ئۇ، بوغچىسىنى ھويلىدا قويۇپ ئۆيگە كىرىپتۇ. ساھىبخانا ئۇنى كۆرپىگە تەكلىپ قىپتۇ. قارىسا ئۇ ئايالنىڭ مېڭىشى ئاياللارغا ئوخشىمايدىكەن. ئۆي ئىگىسى دەرھال ھوشنى تېپىپ، قولىغا سۇ ئېلىپ كەپتۇ. ئايال مېھمان قولىنىڭ ئۈچىنى چىقىرىپ يۇيۇپتۇ. ئۇنىڭ قولى ئاياللارنىڭ قولىغا پەقەتلا ئوخشىمايدىكەن.

ئۆي ئىگىسى مېھماننىڭ ئەھۋالىنى چۈشىنىپ مەزىنى مول ئەكېلىپ، قىزغىن كۈتۈپ، مۆكۈدىشىپ ئولتۇرۇپتۇ. ئاندىن ئوچاقنىڭ ئالدىدا ئويناپ ئولتۇرغان ئوغلىنى چاقىرىپ:

ــ قوپ، ئۆگزىدىن قوغۇن ئېلىپ چۈش، ــ دەپتۇ. مېھمان ئايال:

ــ قوغۇن يېمەيمەن، ھېرىپ كەتتىم، ياتايلى، ــ دەپتۇ.

ئۆي ئىگىسى:

ــ بالام، ئىشىك تاقايدىغان دەمنى ئېلىپ كىر، ــ دەپتۇ.

بالا «ماقۇل» دەپ چىقىپ كېتىپتۇ. ئۆي ئىگىسى:

ــ مەن يوتقان ـ كۆرپە ئېلىپ كىرەي، ــ دەپ ئىشىكتىن چىقىپلا ئىشىكنى يېپىپ قۇلۇپ سېلىپتۇ. ئۆي ئىچىدىكى مېھمان ئۆز قىياپىتىنى ئاشكارىلاپ:

ــ ھەي خوتۇن، ئىشىكنى ئاچ، ــ دەپ ۋارقىراپتۇ.

ــ سەن نېمە ئادەم؟

— ئىشىكنى ئاچمىساڭ پۈتۈن جامائەتكە سېنى «بۇزۇق، مەن بىلەن ...» دەپ جاكارلايمەن.

ئايال ئاۋۋال قورقۇپتۇ. ئىشىكنى ئاچماقچىمۇ بوپتۇ. كېيىن يەنە ئويلاپ، ئاندىن دەپتۇ:

— سېنىڭ بوغچاڭ قەيەردە؟

— دېمەيمەن، ئىشىكنى ئاچ.

— سەن بىر بوغچا بىلەن كىرگەن، شۇنى نەدە قويغانلىقىڭنى دەپ بەرسەڭ ئىشىكنى ئاچىمەن.

ئۇ ئىشىكتىن چىقىشقا ئالدىراپ:

— هويلاڭدىكى كارىۋاتنىڭ تېگىدە، — دەپتۇ.

قارىسا راست شۇنداق، ئىچىنى ئېچىپ كۆرسە پالتا، كەكە، پىچاق قاتارلىق قاتىللىق سايمانلىرى بار ئىكەن.

ئۇ، بۇ «ئايال» ئەمەس، ئاياللچە ياسانغان ئەر ئوغرى ئىكەنلىكىنى بىلىپ، ۋارقىراپتۇ:

— ۋاي ئوغرى، ئوغرى كىردى!

بۇ ئاۋازنى ئاڭلىغان قوشنا ـ قولۇملار يۈگۈرۈپ كەپتۇ. ئۇلار ئوغرىنى تۇتۇپ، قول ـ پۇتىنى باغلاپ شەرىئەتنىڭ هۆكمى بويىچە ئۇڭ قولىنى كېسىپ تاشلاپتۇ. شۇنىڭ بىلەن ئۇ يۇرتتا ئوغرى تۈگەپ خەلق خاتىرجەم بوپتۇ.

شۇنىڭدىن باشلاپ، نەسىردىن ئەل كاتىپنىڭ ئايالىنى كىشىلەر زېرەك ئايال دەپ تەرىپلەپتۇ.

## چۆك ـ چۆك كېسىلى

بۇرۇنقى زاماندا بىر باتۇر ئۆتكەنىكەن. ئۇ نۇرغۇن جەڭ ـ پېغىلىقلارغا قاتنىشىپ، يېڭىلمەپتۇ. هەرقانداق جەڭگە كىرسە ساق ـ سالامەت غەلىبە قىلىپ چىقىدىكەن.

ئۇنىڭ بۇ خىسلىتىدىن هەيران بولغان رەقىبلەر خېلى كۆپ تىرىشقان بولسىمۇ، ئۇنىڭ جەڭدە يېڭىلمەيدىغان سىرىنى زادى بىلەلمەپتۇ. ئۇلار نۇرغۇن هىيلە ـ مىكىرلەرنى ئويلاپ، ئەقلىنى ئىشقا سېلىپ بىرەر نەتىجە هاسىل قىلالماپتۇ.

شۇ يەردە هىيلىگەرلىكتە، دەلاللىقتا شەيتاندىن قېلىشمايدىغان بىر موماي بار ئىكەن. ئۇ رەقىبلەرگە باتۇرنىڭ «يېڭىلمەس» سىرىنى بىلىپ بېرىشنى ۋەدە قىپتۇ.

— ئۇنىڭ سىرىنى بىلىپ بەرسەم نېمە بېرىسەن؟

— نېمە دېسەڭ شۇنى بېرىمىز.

— مىڭ تىللا ئالتۇن بېرىسەن.

— بولىدۇ.

موماي بېشىغا رومال ئارتىپ، ئۇچىسىغا ئۇزۇن چاپان، پۇتىغا مەسە كىيىپ، بېلىنى ئۇزۇن لۆڭگە بىلەن باغلاپ، قولىغا بىر چۆجىنى سولاپ، ئۇزۇن بىر سۇپۇرگىنى كۆتۈرۈپ، هەر كۈنى تاڭ سەھەردە باتۇرنىڭ ئىشىك ئالدىنى سۇپۇرۇپ تازىلايدىكەن. كۈن ئۆتۈپتۇ، ئاي ئۆتۈپتۇ. بۇ موماي ئىشىك ئالدىنى سۇپۇرۇپ تازىلاشنى توختاتماپتۇ. بۇنى كۆرگەن باتۇرنىڭ ئايالى موماي بىلەن كۆرۈشۈپ، تاماق، پۇل بەرسە ئالماپتۇ. ئۇ:

— مەن باتۇرنىڭ يولىنى تازىلاپ ساۋاپ تاپسام بولدى. ئۆزۈمنىڭ ئۆزۈمگە يېتىدۇ، — دەپتۇ.

موماي هەر كۈنى تاڭ سەھەردە سۇپۇرۇشنى داۋام قىلىۋېرىپتۇ. بىر كۈنى تاڭ سەھەردە باتۇرنىڭ ئايالى موماي بىلەن كۆرۈشكىلى چىقىپتۇ. ئۇلار كۆرۈشكەندىن كېيىن مومايىنىڭ قورسىقى چوكۇلداپ كېتىپتۇ. بۇنى ئاڭلىغان باتۇرنىڭ ئايالى سوراپتۇ:

— نېمە بولدىلا، قورساقلىرى چوكۇلدايدىغۇ؟

— ۋاي خېنىم، نېمىسىنى دەيلا، ئېرىم هايات ۋاقتىدا ئۇنىڭ «ئىچكى سىرى»نى سوراپ بىلىۋالمىغانىكەنمەن. ئۇنىڭدىن ئايرىلغاندىن كېيىن «چۆك ـ چۆك» كېسىلىگە گىرىپتار بولۇپ قالدىم.

ئۇ ئايال سوراپتۇ:

— هەممە ئەرلەرنىڭ «ئىچكى سىرى» بولامدىكەن؟

— ئەلۋەتتە بولىدۇ. ئۇنى سوراپ بىلىۋالمىسا مەندەك قېرىغاندا «چۆك ـ چۆك» كېسىلى بولۇپ قالىدۇ. موماي يېقىنىنى قىستىغانىكەن، قورسىقى يەنە چوكۇلداپتۇ. باتۇرنىڭ ئايالى ئۆزىنىڭمۇ شۇنداق كېسەلگە گىرىپتار بولۇپ قېلىشىدىن ئەنسىرەپ:

— مەنمۇ ئېرىمنىڭ سىرىنى سورىۋالسام بولارمۇ؟ — دەپ سوراپتۇ.

— چوقۇم سوراپ بىلمۇالسىلا.

— ئۇنىڭ نېمە سىرى باردۇ؟

— سىلىنىڭ ئەرلىرى جەڭدە يېڭىلمەيدىغان باتۇر. ئۇنىڭ ئەنە شۇ سىرىنى سوراپ بىلىۋالسىلا.

باتۇر جەڭدىن قايتىپ ئۆيىگە كەپتۇ. ئايالى ئۇنى خۇشال ـ خۇرام قارشى ئېلىپ، تۈرلۈك نازۇ نېمەتلەر بىلەن كۈتۈپتۇ. ئاخشىمى بىر تەكيەگە باش قويغاندا، ئايالى نازلىنىپ دەپتۇ:

— سىلى پەقەت ماڭا گەپ قىلىپ بەرمەيدىكەنلا.

— نېمىنى دەپ بېرەي؟

— سىلى جاھانغا مەشھۇر باتۇر. جەڭدە زادى يېڭىلمەيدىغان باھادىر. سىلى جەڭدە يېڭىلمەيدىغان سىرلىرىنى ماڭا دەپ بەرسىلە.

— يامان يەردىن سورىدىڭ، بۇنى دېيىشكە بولمايدۇ.

— دەپ بەرسىلە، بۇنى بىلىۋالمىسا ئادەم قىزىرىغاندا «چۈك ـ چۈك كېسىلى»گە گىرىپتار بولۇپ قالىدىكەن.

باتۇر دەپ بەرمەپتۇ. ئايالى چىڭ تۇرۇۋاپتۇ. ئاخىر ھېچ كىشىگە دەپ قويماسلىق شەرتى بىلەن سىرىنى دەپ بېرىپتۇ:

— مەن ھەر كۈنى ئەقىدەم ئۈچۈن قىلغان قەسەمنى يادلىغاندا پۈتۈن بەدىنىم ئېرىيدۇ. دەل شۇ چاغدا مېنى يېكەن بىلەنمۇ چېپىۋەتكىلى بولىدۇ. قەسەمنى ئوقۇپ بولغاندىن كېيىن پۈتۈن بەدىنىم پولاتتەك قاتىدۇ. ھەرقانداق قورال ماڭا ئۆتمەيدۇ.

باتۇرنىڭ ئايالى بۇ سىرنى بىلىۋالغاندىن كېيىن، «چۈك ـ چۈك كېسىلى» بولمايدىغان بولدۇم، دەپ خۇشال بوپتۇ.

موماي ھەر كۈنى تاڭ سەھەردە باتۇرنىڭ ئىشىك ئالدىنى سۈپۈرۈپتۇ. بىر كۈنى ئەتىگەندە باتۇرنىڭ ئايالى موماي بىلەن كۆرۈشكىلى چىقىپتۇ. موماي باتۇرنىڭ ئايالىنى كۆرۈپ بېقىنىنى باسقانىكەن، قورسىقى يەنە چۈكۈلداپ كېتىپتۇ. باتۇرنىڭ ئايالى سوراپتۇ:

— «چۈك ـ چۈك كېسىلى» يەنە قوزغالدىمۇ؟

— ھەئە، بەك چۈكۈلدايدىغان بولۇپ كەتتى، — دەپتۇ موماي ئاغرىق ئازابى تارتقان كىشىدەك بىچارە قىياپەتنى كۆرسىتىپ. ئاندىن سوراپتۇ:

— ئەرلىرىنىڭ سىرىنى سوراپ بىلدىلىمۇ؟

— سوراپ بىلدىم.

— نېمە ئۈچۈن يېڭىلمەيدىكەن؟

— دېسەم بولمايدىكەن.

— خېنىم، مەن ئانا يوللۇق ئادەم. دېسىلە، راستىنى دېدىمۇ، دېمىدىمۇ، مەن ئاڭلاپ باقاي.

باتۇرنىڭ ئايالى سىرنى مومايغا دەپ بېرىپتۇ. موماي ئىشەنمىگەن قىياپەتتە كۈلۈپ قويۇپ يەرنى سۈپۈرۈشنى داۋام قىپتۇ. باتۇرنىڭ ئايالى ئۆيگە كىرىپ كەتكەندىن كېيىن، موماي سۈپۈرگىنى چۆرۈپ تاشلاپ، قوينىدىكى چۈجىنى چىڭ تۇتۇپ يۈگۈرگەنچە باتۇرنىڭ رەقىبلىرىنىڭ ئالدىغا بېرىپتۇ:

— باتۇرنىڭ سىرىنى بىلىپ كەلدىم، تىللانى چىقار.

— ئۇنىڭ قانداق سىرى بار ئىكەن؟

— تىللانى چىقار، ئاندىن دەپ بېرىمەن.

رەقىبلەر تىللانى بېرىپتۇ. موماي باتۇرنىڭ سىرىنى ئۇلارغا سۆزلەپ بېرىپتۇ. رەقىبلەر ھەردەكەتكە كېلىپ شۇ پەيتنى كۈتۈپتۇ. باتۇر ھەر قېتىملىق جەڭدىن قايتىپ كېلىپ، قەسەمنى يادلايدىكەن. شۇ پەيتتە رەقىبلەر يوشۇرۇن كېلىپ باتۇرنى چېپىپ تاشلاپتۇ.

باتۇرنىڭ ئايالى ئېرىنىڭ سىرىنى باشقىلارغا ئېيتىپ بەرگەنلىكىگە مىڭ پۇشايمان قىپتۇ. ئۇ جامائەت بىلەن بىرلىشىپ، مومايىنى «باتۇرنىڭ بېشىغا چىققان قېرى» دەپ تۇتۇپ، سازايى قىلىپ قىرىق مېتىر ئېگىزلىكتىكى راۋاقتىن تاشلاپ ئۆلتۈرۈپتۇ.

## چېچەن قىز

بۇرۇنقى زاماندا يىراق بىر سەھرادا بىر بوۋاي بار ئىكەن. ئۇنىڭ دۇنيالىقتا بىرلا قىزى بولۇپ، تولىمۇ چېچەن ۋە ئىشچان ئىكەن.

ئۇلار بىر ـ بىرىنىڭ ھالىدىن ياخشى خەۋەر ئېلىپ خاتىرجەم ياشايدىكەن. كۈنلەردىن بىر كۈنى ئۆيدە تۇز، سەرەڭگە تۈگەپتۇ. بوۋاي ئۇ نەرسىلەرنى سېتىۋېلىش ئۈچۈن شەھەرگە كىرىپتۇ. بوۋاي لازىمەتلىكلەرنى ئېلىپ، ئۆيىگە راۋان بوپتۇ. يولدا بوۋايغا بىر يولۇچى ئۇچراپتۇ. ئۇلار يولدا بىر مەنزىلگە قاراپ مېڭىپتۇ. بوۋاي بۇ يولۇچىغا بىر ئېغىزمۇ گەپ قىلماپتۇ. ئۇلار ئەڭمۇتەك خېلى ئۇزۇن يول يۈرۈپتۇ. يولۇچى قارىسا بوۋاينىڭ چېكە پېشانىسىدىن تەر چىقىپ ھاسىراشقا باشلاپتۇ. بۇنى كۆرگەن يولۇچى:

— بوۋا، بىزگە ھاردۇق يەتتى، يا مەن سىزنى يۈدۈۋالاي، يا سىز مېنى يۈدۈۋېلىڭ، — دەپتۇ. بوۋاي ئىچىدە: «ھېرىپ ھالىم قالمايۋاتسا، مەن قانداقمۇ ئۇنى يۈدۈپ ماڭالايتتىم؟» دەپ ئويلاپ ئاغزىنى يۇمۇپ گەپ قىلماي مېڭىپتۇ. ئۇلار ھېرىپ كەتسىمۇ مېڭىۋېرىپتۇ، جاڭگاللاردىن ئۆتۈپ، بىر پارچە سېرىقتال بولغان بۇغدايلىققا كەپتۇ. يولۇچى بوۋايغا:

— بۇ بۇغداي پىشقان بۇغدايمىدۇ ياكى پىشمىغان بۇغدايمىدۇ؟ — دەپتۇ. بوۋاي بۇ يولۇچىدىن گۇمان قىلىپ، ئىچىدە: «بۇ بىر بولسا ساراڭ، بىر بولسا ئادەم سىياقىدىكى جىن» دەپ ئويلاپ ئۆزىگە دۇرۇت ئوقۇپ ھورۇپتۇ. ئۇلار يەنە يولىنى داۋاملاشتۇرۇپ بىر ئۆينىڭ ئالدىغا كەپتۇ. يولۇچى:

— بۇ ئۆيدىكىلەر ئۆلگەنمىدۇ ياكى تىرىكمىدۇ؟ — دەپتۇ. بوۋاينىڭ يولۇچىغا بولغان گۇمانى تېخىمۇ ئۆلغىيىپ، ئىچىدە «بۇ قويۇندا قالغان شاياتۇن ئوخشايدۇ»، دەپ ئاغزى بېسىلماي سۈرە ئوقۇپ، ئەتراپىغا ھۈرۈپ مېڭىپتۇ.

بوۋاي ئۆيىگە يېرىم كېچە بولغاندا كەپتۇ. ئۇ سېتىۋالغان لازىمەتلىكلەرنى قىزىغا تاپشۇرۇپ، قېلىپ قالغان نامازلىرىنى تولۇقلاپ ئوقۇپ بولۇپ، يولدا ئۇچراتقان يولۇچىنىڭ سورىغان سوئاللىرىنى قىزىغا سۆزلەپ بېرىپ، يولۇچىنى «ئۇ بىر ساراڭ جىن ئوخشايدۇ» دەپتۇ. قىز گەپنىڭ ئۇجۇر ـ بۇجۇرنى سوراپ بىلگەندىن كېيىن:

— دادا، سىزگە ئۇچرىغان يولۇچى ساراڭمۇ ئەمەس، جىن ـ شاياتۇنمۇ ئەمەس، ئۇ بىر ئەقىللىك ئادەم ئىكەن. ئۇنىڭ «يا مەن سىزنى يۈدۈۋالاي، يا سىز مېنى يۈدۈۋېلىڭ» دېگىنى، يول ئۇزۇن، مۇساپە يىراق، پاراڭلىشىپ ماڭايلى، يا سىز ھېكايە ئېيتىڭ، يا مەن ھېكايە ئېيتاي، دېگىنى. بۇغداينى كۆرۈپ «پىشقان بۇغدايمىدۇ ياكى پىشمىغان بۇغدايمىدۇ؟» دېگىنى، بۇغداينىڭ ئىگىسى قەرزگە ئاشلىق ئېرىغان بولسا، بۇ بۇغداينى ئۇ يېيەلمەيدۇ، قەرزى بولمىسا ئۆزى يەيدۇ، دېگىنى. ئۆينى كۆرۈپ «بۇ ئۆيدىكىلەر ئۆلگەنمىدۇ ياكى تىرىكمىدۇ» دېگىنى، بۇ ئۆيدىكىلەرنىڭ بالىسى بارمىدۇ ياكى يوقمىدۇ، دېگىنى، — دەپ تەبىر بېرىپتۇ.

بوۋاي قىزىنىڭ بۇ تەبىرىنى ئاڭلاپ، قايىل بولۇپ ئۆزىنىڭ ئەخمىقانە ئىشلىرىغا پۇشايمان قىپتۇ. ئۇ ئورنىدىن تۇرۇپ ھېلىقى يولۇچىنى ئۆيگە تەكلىپ قىلاي دەپ چىقىپ قارىسا ھېچ يەردە يوق ئىكەن.

مەھەللىدىكى كىشىلەردىن سورىغانىكەن، كىشىلەر ئۇ يولۇچىنىڭ كۆلدىن قانغۇچە سۇ ئىچىپ ماڭغىدىغان ۋاقتىدا:

— ئەسلىدە يامان ناكەس ياخشىنى تونۇمايدۇ، قاقىلدىشىپ، كۈلۈشۈپ ئوتنى ياندۇرالمايدۇ، — دەپ، يولىغا ماڭغانلىقىنى سۆزلەپ بېرىپتۇ.

بوۋاي يولۇچىغا قىلغان مۇئامىلىسىدىن پۇشايمان قىلىپ، گېلىدىن بىرقانچە كۈن تاماق ئۆتمەپتۇ. بوۋاينىڭ چېچەن، ئەقىللىك قىزى ھېلىقى يولۇچىنى يەنە مۇشۇ يولدىن ئۆتەرمۇ، دەپ كۈندە قارايدىغان بولۇپ قاپتۇ.

(ئېيتىپ بەرگۈچى: ھېيىت ئىسلام ھاجى)

(توپلاپ رەتلىگۈچى: قەشقەر كونىشەھەر ناھىيەلىك مائارىپ ئىدارىسىنىڭ پېنسىيونېرى)

# بېلىقنىڭ كۈلكىسى

(چۆچەك)

ئۇيغۇرچىلاشتۇرغۇچى: دىلئارام باھاۋىدىن

بار ئىكەن يوق ئىكەن، بۇرۇنقى زاماندا بىر پادىشاھ ئۆتكەنىكەن. ئۇنىڭ زامانىدا بىر يىگىت ياشىغان بولۇپ، ئون تۆت - ئون بەش ياشلار ئەتراپىدا ئىكەن. ئۇنىڭ ياشىنىپ قالغان ئانىسىلا بار بولۇپ، ئۇلار ئىنتايىن نامرات تۇرمۇش كەچۈرىدىكەن. يىگىت ھەركۈنى قارماق ۋە تورلىرىنى ئېلىپ دەريا بويىغا بېرىپ بېلىق تۇتىدىكەن، قايتىپ كېلىپ تۇتقان بېلىقلىرىنى ئانىسى بىلەن پىشۇرۇپ يەپ جېنىنى باقىدىكەن. كۈنلەر كېيىندىن كۈنلەر، ئايلار كېيىندىن ئايلار ئۆتۈپتۇ، ئۇ يەنىلا بېلىق تۇتۇپ ئانىسى بىلەن پىشۇرۇپ يەپ يۈرۈۋېرىپتۇ.

كۈنلەردىن بىرىدە يىگىت دەرياغا تورنى تاشلىشىغىلا بىر مۇنچە بېلىق تورغا چۈشۈپتۇ. ھەممىسى ئالتۇنبېلىق ئىكەن. يىگىت بېلىقلارنى ئېلىپ ئانىسىنىڭ يېنىغا كەپتۇ.

— بۇ ئالتۇنبېلىقلارنى پادىشاھنىڭ ئالدىغا ئېلىپ بارغىن، — دەپتۇ ئانىسى. يىگىت ئانىسىنىڭ دېگىنى بويىچە بېلىقلارنى پادىشاھنىڭ ھۇزۇرىغا ئېلىپ كەپتۇ. ۋەزىرلەر پادىشاھنىڭ بۇيرۇقى بويىچە بۇ بېلىقلارنى بىر تاغارغا سېلىپ قويۇپتۇ. ئاندىن بېلىقچى يىگىتكە خېلى كۆپ ئالتۇن بېرىپتۇ. يىگىت ئالتۇنلارنى ئانىسىغا ئاپىرىپ بېرىپتۇ، ئانىسى ئۇنىڭغا بىر قۇر يېڭى كىيىم ئېلىپ بېرىپتۇ. ئارىدىن ئىككى - ئۈچ كۈن ئۆتكەندىن كېيىن، ۋەزىر پادىشاھقا مۇنداق دەپتۇ:

— بۇ ئالتۇنبېلىقلارنى ئەينەكتىن ياسالغان بېلىقدانغا سېلىپ قويساق ياخشى بولاتتى.

— بۇنداق بېلىقداننى قەيەردىن تاپىمىز؟ — دەپ سوراپتۇ پادىشاھ.

— ئۇنى ھېلىقى بېلىقچى يىگىتنىڭ ئۆزىگە تاپقۇزىمىز، — دەپتۇ ۋەزىر. پادىشاھنىڭ بۇيرۇقى بىلەن بېلىقچى يىگىت ئوردىغا ئېلىپ كېلىنىپتۇ.

— بىزگە ئەينەكتىن ياسالغان بېلىقدان تېپىپ ئەكېلىپ بەرگىن، — دەپ بۇيرۇق قىپتۇ پادىشاھ بېلىقچى يىگىتكە.

يىگىتنىڭ ئانىسى پەرىلەر ئەۋلادىدىن ئىكەن. يىگىت دەرھال بېرىپ ئانىسىغا:

— پادىشاھ مېنى ئەينەك بېلىقدان تېپىپ كېلىشكە بۇيرۇدى، — دەپتۇ.

— بوپتۇ، بالام، بۇنىڭ ئىلاجىنى قىلىمىز، — دەپتۇ ئانىسى، — بۇ يەردىن خېلى يىراقتا بىر قورغان بار. مەن ساڭا بىر پارچە خەت يېزىپ بېرىمەن، سەن ئۇ خەتنى ئېلىپ بېرىپ، ئاشۇ قورغاندىكى مومايغا بەرسەڭ ھاجىتىڭ راۋا بولىدۇ. مانا بۇ قوتۇرماچنى بېلىڭگە چىگىۋالغىن.

يىگىت يولغا چۈشۈپتۇ، يول يۈرۈپ، يۈرگەندىمۇ مول يۈرۈپ، ئانىسى دېگەن ھېلىقى قورغانغا يېتىپ كەپتۇ. قورغاننىڭ ئالدىدا بىر قېرى موماي ئولتۇرغانىكەن. ئۇنىڭ بىر لېۋى ئاسماندا، يەنە بىر لېۋى يەردە ئىمىش. يىگىت مومايغا ئاۋۋال سالام بېرىپ، ئاندىن قوتۇرماچنى بېرىپتۇ. موماي يىگىتنىڭ سالىمىنى ئىلىك ئېلىپ ئۇنىڭغا:

— ئەگەر سالام قىلمىغان بولساڭ، سېنى ئىككى يالماپلا يۇتۇۋېتەتتىم، — دەپتۇ. يىگىت

قويندىن خەتنى ئېلىپ مومايغا ئۇزىتىپتۇ. موماي قولىدىكى خەتكە قارىغاچ سوراپتۇ:

— بالام، قەيەردىن كەلدىڭ؟ بۇ يەرگە پاشا كەلسە قانىتى، ئادەم كەلسە پۇتى كۆيەتتى. سەن بۇ يەرگە قانداق كەلدىڭ؟ هە، سەن سىڭلىمنىڭ ئوغلى ئىكەنسەنغۇ؟ ئاناڭ ساق ـ سالامەت تۇرۇۋاتامدۇ؟ ئەينەك بېلىقدان ئۇچۈن كەلدىڭمۇ؟

— شۇنداق موما، — دەپ جاۋاب بېرىپتۇ يىگىت. شۇنىڭ بىلەن موماي بىلغقا كىرىپ يىگىتكە ئەينەك بېلىقداندىن بىرنى ئەكېلىپ بېرىپتۇ.

بېلىقچى يىگىت ئەينەك بېلىقداننى ئەكېلىپ پادىشاھقا بېرىپتۇ. پادىشاھ ئالتۇن بېلىقلارنى بېلىقدانغا قويۇپ بېرىپتۇ ۋە يىگىتكە كاتتا ئىنئاملارنى بېرىپتۇ.

بېلىقلار ئەينەك بېلىقدان ئىچىدە ئەركىن ئۈزۈپ يۈرىدىكەن. ئۇلار ئەينەك بېلىقداننىڭ ئەكسىدە تېخىمۇ جىق كۆرۈنۈپ، تېخىمۇ گۈزەل مەنزىرە هاسىل قىلىدىكەن. كۈنلەردىن بىر كۈنى ناشتا ۋاقتىدا ۋەزىر پادىشاھقا مۇنداق دەپتۇ:

— ئالتۇنبېلىقلارنىڭ ئەينەك بېلىقدانى بار بولدى، ئەگەر شۇ بېلىقداننىڭ ئەتراپىدا باهارگۈلى بولسا بەك ياخشى بولاتتى ـ دە.

— ئۇ گۈلنى نەدىن تاپىمىز؟ — دەپ سوراپتۇ پادىشاھ.

— ئۇنىمۇ بېلىقچى يىگىتكە ئېيتىمىز، شۇ تېپىپ ئەكېلىدۇ، — دەپتۇ ۋەزىر.

پادىشاھ بېلىقچى يىگىتنى چاقىرتىپتۇ. يىگىت كېلىپ پادىشاھقا سالام بېرىپتۇ ۋە:

— شاهىم، قانداق خىزمەت بار؟ — دەپ سوراپتۇ.

— بېلىقداننىڭ ئەتراپى قۇپقۇرۇق، شۇڭا تۆت تۇپ باهارگۈلى بولسا تېخىمۇ ياخشى بولاتتى. سەن بىز ئۈچۈن شۇ باهارگۈلىنى تېپىپ كەلگىن.

— ماقۇل، تېپىپ كېلەي، — بېلىقچى يىگىت شۇنداق دەپتۇ ـ دە، ئوردىدىن چىقىپ، ئانىسىنىڭ يېنىغا كەپتۇ ۋە بولغان ۋەقەنى سۆزلەپ بېرىپتۇ.

— يەنە هېلىقى مومايىنىڭ قېشىغا بارغىن، ئۇ ساڭا ياردەم قىلىشى مۇمكىن، — دەپتۇ ئانىسى. يىگىت ئانىسى بەرگەن سوۋغا ـ سالاملارنى ئېلىپ، مومايىنىڭ هۇزۇرىغا بېرىپتۇ.

— ئەسسالامۇئەلەيكۇم، موما، — دەپ قورغانغا كىرىپتۇ بېلىقچى يىگىت.

— ۋەئەلەيكۇم ئەسسالام، كەل، بالام، ئاناڭ ساق ـ سالامەت تۇرۇۋاتامدۇ؟ يەنە نېمىگە كەلدىڭ؟ — دەپ سوراپتۇ موماي.

— باهارگۈلى ئۈچۈن كەلدىم، — دەپتۇ يىگىت.

موماي بىغىغا كىرىپ، بىر تۇپ رەيهانگۈلى، بىر تۇپ باهارگۈلى، بىر تۇپ تالگۈلى قاتارلىق خىلمۇخىل گۈللەرنى ئاچىقىپ يىگىتكە بېرىپتۇ.

بېلىقچى يىگىت گۈللەرنى پادىشاھقا بېرىپتۇ. پادىشاھ پەرمان بويىچە گۈللەرنى ئەينەك بېلىقداننىڭ ئەتراپىغا تىزىپتۇ. گۈللەرنىڭ ئەكسى سۇغا، ئالتۇنبېلىقلارنىڭ ئەكسى ئەينەك بېلىقدانغا چۈشۈپ، ئاجايىپ چىرايلىق بىر مەنزىرە پەيدا بوپتۇ.

پادىشاھنىڭ ئۈچ خوتۇنى بار ئىكەن. ئۇلار هەركۈنى بېلىقداننىڭ يېنىغا كېلىپ بېلىقلارنى تاماشا قىلىدىكەن. بىر كۈنى پادىشاھنىڭ كىچىك خوتۇنى بېلىقلاردىن يۈزىنى يوشۇرۇپتىكەن، بېلىقلار قاقاهلاپ كۈلۈشۈپتۇ. بېلىقلارنىڭ كۈلكە ئاۋازى پادىشاھنىڭ قۇلىقىغىمۇ ئاڭلىنىپتۇ. شۇنىڭ بىلەن پادىشاھ دەرهال بېلىقچى يىگىتنى چاقىرتىپتۇ ۋە ئۇنىڭدىن:

— بېلىقلار نېمىگە كۈلۈشىدۇ، بىلەمسەن؟ — دەپ سوراپتۇ.

— بىلمەيمەن، — دەپ جاۋاب بېرىپتۇ يىگىت.

— ئۈنداقتا بېلىقلارنىڭ كۈلۈشىنىڭ سەۋەبىنى بىلىپ كەلگىن، — دەپ بۇيرۇپتۇ پادىشاھ.

يىگىت پەرىشان هالدا ئانىسىنىڭ ئالدىغا كېلىپ:

— پادىشاھ مېنى بېلىقلارنىڭ كۈلۈشىنىڭ سەۋەبىنى بىلىپ كەل دەپ بۇيرۇدى. ئەمدى قانداق قىلارمەن؟ — دەپتۇ.

— قانداق قىلاتتىڭ؟ دەرهال بۇ يۇرتتىن چىقىپ، باشقا يۇرتلارغا بېرىپ باققىن، بەلكىم جاۋاب تېپىلىپ قالار، — دەپتۇ ئانىسى.

يىگىت يۇرتتىن ئايرىلىپ، يىراق - يىراقلارغا كەتمەكچى بولۇپ مېڭىپتۇ. كېتىۋاتسا ئالدىدا بىر بوۋاي پەيدا بوپتۇ. يىگىت: «بوۋاي ئاۋۋال گەپ قىلمىسا، مەن گەپ قىلمايمەن» دېگەنلەرنى كۆڭلىدىن ئۆتكۈزۈپ مېڭىۋېرىپتۇ. بوۋايمۇ كۆڭلىدە: «يىگىت ئاۋۋال سالام بېرىپ گەپ باشلىمىغۇچە، مەن ھەرگىز گەپ قىلمايمەن» دەپ ئويلاپتۇ. شۇنداق قىلىپ، ئۇلار شۇ بويىچە مېڭىۋېرىپتۇ، ئاخىر يىگىتنىڭ ئىچى سىقىلىپ كېتىپتۇ - دە:

— ئەسسالامۇئەلەيكۇم، بوۋا، قەيەرگە ماڭدىڭىز؟ — دەپ سوراپتۇ.

— سەن قەيەرگە ماڭغان بولساڭ، مەنمۇ شۇ يەرگە ماڭدىم، — دەپ جاۋاب بېرىپتۇ بوۋاي.

— ھە، ئەمىسە بىردىن ئات ئېلىۋالامدۇق، بوۋا؟ — دەپ سوراپتۇ يىگىت.

— ساراڭمۇسەن؟ بۇ يەردە ئات بازىرى بولمىسا. مەن تېخى سېنى خېلى ئوڭلۇق يىگىتمىكىن دەپتىمەن، — دەپتۇ بوۋاي تېرىكىپ.

ئۇلار يەنە ئۈن - تىنسىز يولنى داۋام قىپتۇ. شۇ تەرىقىدە كېتىۋاتقانىكەن، ئۇلارغا بىر ئېرىق ئۇچراپتۇ. شۇنىڭ بىلەن يىگىت كۈلۈپ تۇرۇپ:

— بوۋا، سىز كۆۋرۈك بولۇڭ، مەن بۇ ئېرىقتىن ئۆتۈۋالاي، — دەپتۇ. بوۋاي غەزەبلىنىپ:

— ئەي قارغىشتەگكۇر، ئېرىقتىن قانداق ئۆتسەڭ ئۆتۈۋەرگىن، سېنىڭ بىلەن نېمە ئىشىم؟ — دەپتۇ.

يىگىت خىجىل بولۇپ كۈلۈپتۇ. بوۋاي بولسا ئىشتىنىنىڭ پۇچقىقىنى تۈرۈپ، ئېرىقنىڭ تېيىزرەك يېرىدىن ئۆتۈۋاپتۇ. يىگىتمۇ ئۇنىڭ ئارقىسىدىن ئۆتۈپتۇ. ئۇلار يەنە داۋاملىق مېڭىپتۇ. مېڭىپ - مېڭىپ ئاخىر بوۋاينىڭ ئۆيىگە يېتىپ كەپتۇ. شۇ يەردە بىر چايخانا بار ئىكەن، يىگىت بېرىپ چاي ئىچىپ ئولتۇرغانلارنىڭ ئارىسىدا ئولتۇرۇپتۇ. بوۋاي بولسا ئۆيىگە كىرىپ كېتىپتۇ.

بوۋاينىڭ چىرايلىق ئىككى قىزى بار بولۇپ، چوڭ قىزىنىڭ ئىسمى ئەقلىئاي ئىكەن. ئەقلىئاي ئىسمى جىسمىغا لايىق زېرەك، پاراسەتلىك قىز ئىكەن. ئۇ دادىسىنىڭ ئىنتايىن ھارغىن ۋە خاپا كىرگەنلىكىنى كۆرۈپ، دەرھال كۆرپە ساپتۇ. دادىسىنى كۆرپىگە ئولتۇرغۇزۇپ بىر پىيالە چاي بېرىپتۇ. ئاندىن دادىسىدىن ھال - ئەھۋال سوراپتۇ.

— نېمىسىنى ئېيتاي قىزىم، ماڭا يولدا بىر تەنتەك يىگىت ئۇچراپ قالغانىدى. شۇنىڭ بىلەن بىللە كەلدىم. ئۇ ئاۋۋال سالام بېرىپ گەپ قىلغانىدى، خۇرسەن بولۇپ كېتىۋاتسام «بىردىن ئات ئېلىۋالامدۇق» دېدى، — دەپ گېپىنى توختىتىپتۇ بوۋاي.

— شۇ ئەتراپتا بىرەر نەرسە بارمىدى؟ — دەپ سوراپتۇ قىز.

— ئۇڭ تەرەپتە بىر توقايلىق بار ئىدى، — دەپ جاۋاب بېرىپتۇ بوۋاي.

— ھە، ئۇنىڭ ئات دېگىنى ئەسلىدە ھاسىسا ئىكەن - دە، — دەپتۇ قىز، — ئۇ يەنە نېمە دېدى؟

— كېتىۋاتساق ئالدىمىزغا بىر ئېرىق ئۇچرىغانىدى، ئۇ تەنتەك: «سىز كۆۋرۈك بولۇڭ، مەن ئۆتۈۋالاي» دېدى، شۇ گېپىگە بەك ئاچچىقىم كەلدى، — دەپتۇ بوۋاي خاپا بولغان ھالدا.

— ئەي ئاتا، بۇ ئۇنىڭ «سىز ئاۋۋال ئۆتۈڭ، ئاندىن مەن ئۆتەي» دېگىنى، — دەپتۇ قىز، — ئۇ يىگىت ھازىر قەيەردە؟

— چايخانىغا كىرىپ كەتتى، — دەپتۇ بوۋاي.

ئەقلىئاينىڭ بىر سىڭلىسى بار ئىكەن، ئۇ بىر تال تەڭگىنى سىڭلىسىغا تۇتقۇزۇپتۇ ۋە:

— بۇ تەڭگىنى چايخانىغا ئېلىپ بېرىپ، «شۇنداق بىر نەرسە بېرىڭكى، ئۇ نەرسىنى ئۆزىمىزمۇ، توخۇيىمىزمۇ، قويىمىزمۇ يېسۇن» دېگىن. ئەگەر ئاشۇ يىگىت دانا بولسا بۇ نەرسىنىڭ نېمىلىكىنى تاپالايدۇ، — دەپتۇ.

قىزچاق تەڭگىنى چايخانىغا ئاپىرىپ، دەپتۇ:

— بۇ تەڭگىگە شۇنداق بىر نەرسە بېرىڭكى، ئۇ نەرسىنى ئۆزىمىزمۇ يەيلى، توخۇ ۋە قويىمىزمۇ يېسۇن.

چايخانا غوجايىنى ھەيران بولۇپ تۇرغانىكەن، بىر چەتتە چاي ئىچىپ ئولتۇرغان بېلىقچى يىگىت:

— ئۇنىڭغا بىر قوغۇن بېرىڭ، ئۇلارنىڭ ھەممىسى يەيدۇ، — دەپ ۋارقىراپتۇ. غوجايىن بۇ گەپنى ئاڭلاپ قىزچاققا يوغان بىر قوغۇننى

بېرىپتۇ. قىزچاق ئۆيگە قوغۇننى كۆتۈرۈپ كىرگەنىكەن، بۇنى كۆرگەن ئەقىلتاي:

— سەن دېگەن نەرسىنىڭ قوغۇن ئىكەنلىكىنى كىم تاپتى؟ — دەپ سوراپتۇ.

— چايخاندا ئولتۇرغان بىر يىگىت غوجايىنغا «ئۇنىڭغا بىر قوغۇن بېرىڭ» دېدى، — دەپ جاۋاب بېرىپتۇ قىزچاق.

— ئەمىسە سەن بېرىپ شۇ يىگىتنى چاقىرىپ كەلگىن، — دەپتۇ ئەقىلتاي.

سىڭلىسى يىگىتنى چاقىرىپ كېلىپ، مېھمانخانىغا تەكلىپ قىپتۇ. ئەقىلتاي سىڭلىسىغا نان بىلەن بىر چىنە سۈيۈقئاش بېرىپتۇ - دە، ئۇنى يىگىتنىڭ ئالدىغا كىرگۈزۈپتۇ ۋە «ئاي پۈتۈن، يۇلتۇزلار جىمىر - جىمىر» دەپ سۆز ئېيتىپ بېرىپتۇ. يىگىت قارىغۇدەك بولسا، ئاشنىڭ ئىچىدە گۆشى يوق ئىكەن، نانمۇ يېرىم ئىكەن. ئۇ قىزچاققا قاراپ:

— بېرىپ «ئاي يېرىم، يۇلتۇزلار ئاندا - ساندا ئىكەن» دەپ قويۇڭ، — دەپتۇ.

قىزچاق ھويلىغا كىرىپ، ئاچىسىغا:

— «ئاي يېرىم، يۇلتۇزلار ئاندا - ساندا ئىكەن» دېدى، — دەپتۇ.

شۇنىڭ بىلەن ئەقىلتاي:

— سەن ئالدىراپ ناننىڭ يېرىمىنى، سۈيۈقئاشنىڭ گۆشىنى ئاچىقماپسەن، ماۋۇ پۈتۈن ناننى ئۇنىڭغا ئاچىقىپ بەرگىن، — دەپتۇ.

ئاندىن كېيىن ئەقىلتاي يىگىتنى ئۆز ھۇزۇرىغا چاقىرتىپ، ئۇنىڭدىن سوراپتۇ:

— ئەي يىگىت، قاياقلارغا كېتىۋاتىسىز؟

— بېلىقنىڭ كۈلۈشىنىڭ سەۋەبىنى بىلىدىغان ئادەمنى ئىزدەپ كېتىۋاتىمەن، — دەپ جاۋاب بېرىپتۇ يىگىت.

— بېلىقنىڭ كۈلۈشىنىڭ سەۋەبىنى مەن بىلىمەن، — دەپتۇ ئەقىلتاي.

يىگىت خۇشاللىقىدا دەرھال قىزنى ئېلىپ، ئانىسىنىڭ يېنىغا بېرىپتۇ. ئۇ ئەقىلتاينى ئۆيىدە قالدۇرۇپتۇ - دە، پادىشاھنىڭ ھۇزۇرىغا بېرىپ مۇنداق دەپتۇ:

— پادىشاھىم، مەن بېلىقنىڭ كۈلۈشىنىڭ سەۋەبىنى بىلىدىغان بىر قىزنى تېپىپ كەلدىم.

— ئەتە ئۇنى مېنىڭ سارىيىمغا ئېلىپ كەلگىن، — دەپتۇ پادىشاھ.

يىگىت ئۆيگە قايتقاندا ئەقىلتاي ئۇنىڭغا مۇنداق مەسلىھەت بېرىپتۇ:

— مەن پادىشاھنىڭ ئالدىغا بارغاندا، گەپ سورىسا گەپ قىلماي تۇرىۋالىمەن، شۇنىڭ بىلەن ئۇ مېنى ھەيۋە بىلەن گەپ قىلىشقا مەجبۇر قىلماقچى بولىدۇ، شۇ چاغدا سىز «مەن بۇ قىزنى كۆپ جاپالارنى چېكىپ، ئاران تېپىپ كەلدىم، ئۇنىڭغا ياخشى مۇئامىلە قىلىڭ، سىڭلىم، قىزىم دېگەندەك شېرىن سۆزلەرنى قىلسىڭىز، ئۇ گەپ قىلىدۇ، بولمىسا مەن ئۇنى ئۆيگە قايتۇرۇۋېتىمەن» دەڭ.

ئەتىسى يىگىت قىزنى پادىشاھنىڭ ھۇزۇرىغا ئېلىپ بېرىپتۇ. پادىشاھ ئىنتايىن خۇشال بوپتۇ. قىز يۈزىگە چۈمپەردە تارتقان ھالدا پادىشاھنىڭ ئالدىدا ئولتۇرۇپتۇ. پادىشاھنىڭ كىچىك خوتۇنىمۇ بېلىقنىڭ كۈلۈشىنىڭ سەۋەبىنى بىلمەكچى بولۇپ كەپتۇ. ئۇ يەنىلا يۈزىنى يېپىۋالغانىكەن. پادىشاھ سوئال سورىغانىكەن، قىز جاۋاب قايتۇرماي ئولتۇرۇۋاپتۇ. پادىشاھ ئۇ قىزغا ھەيۋە قىلىپ:

— ھەي، قارغىشتەگكۇر، گەپ قىلامسەن، يوق؟ — دەپ ۋارقىراپتۇ.

شۇنىڭ بىلەن يىگىت ئورنىدىن تۇرۇپ:

— پادىشاھىم، مەن بۇ قىزنى مىڭ جاپالاردا ئىزدەپ يۈرۈپ، ئاران تاپتىم. ئۇنى «سىڭلىم، قىزىم» دېگەندەك ناملار بىلەن چاقىرىپ، شېرىن - شېكەر سۆزلەرنى قىلىپ ئىززەتلىسىڭىز، ئاندىن ئۇ سىزگە جاۋاب بېرىدۇ، — دەپتۇ.

پادىشاھ بىلەن ۋەزىر بۇ گەپنى ئاڭلىغاندىن كېيىن، يىگىتنىڭ دېگىنى بويىچە قىزغا ياخشى مۇئامىلە قىلىشىپتۇ، شېرىن - شېكەر سۆزلەرنى قىلىپ، كۆڭلىنى ئاپتۇ. شۇنىڭ بىلەن ئەقىلتاي گەپ باشلاپ مۇنداق دەپتۇ:

— پادىشاھىم، ئەگەر سىزگە بېلىقنىڭ

كۆلۈشنىڭ سەۋەبىنى ئېيتىپ بەرسەم، ئاچچىقىد-
ىمىز كېلەرمىكىن؟

— سەن مېنىڭ سىڭلىم ياكى قىزىمنىڭ ئور-
نىدا، شۇڭا قورقماي ئېيتىۋەرگىن، — دەپتۇ پادىشاھ.

پادىشاھنىڭ خوتۇنلىرىمۇ «ئېيتىڭ، ئېيتى-
ۋېرىڭ» دەپ ئالدىرىتىپتۇ. شۇنىڭ بىلەن قىز
ھېكايىسىنى باشلاپتۇ:

— بار ئىكەن، يوق ئىكەن، بۇرۇنقى زاماندا
بىر ئوتۇنچى بولغانىكەن. ئۇ ھەركۈنى ئورمانلىققا
بېرىپ ئوتۇن كەسلەپ، كەسلىگەن ئوتۇنلىرىنى
سېتىپ تىرىكچىلىك قىلىدىكەن. ئۇنىڭ خوتۇنى
ۋە ئىككى ئوغلى بار ئىكەن. چوڭ ئوغلىنىڭ ئى-
سمى كازىمجان، كىچىك ئوغلىنىڭ ئىسمى نا-
زىمجان ئىكەن. كۈنلەردىن بىرىدە ئوتۇنچى ئوت-
چۆپلەرنى يىغىپ ئەمدى باغلاۋاتقانىكەن، ئالدىدا
تۇيۇقسىز بىر تۇخۇم پەيدا بوپتۇ، قارىسا ئۇ سۇ-
مۇرغنىڭ تۇخۇمى ئىكەن. ئوتۇنچى ئۇ تۇخۇمنى ئا-
پىرىپ يۈز تەڭگىگە سېتىپتۇ. بۇ ئىش بەش - ئالتە
قېتىم تەكرارلىنىپتۇ. بىر كۈنى ئوتۇنچى ئورماڭ-
لىققا بارسا، تۇخۇمنىڭ ئورنىدا سۇمۇرغ ياتقانىكەن.
ئوتۇنچى سۇمۇرغنى تۇتۇپ ئۆيىگە ئەكېلىپ
قەپەسكە سولاپ قويۇپتۇ. سۇمۇرغ ھەركۈنى بىر تۇ-
خۇم تۇغىدىكەن. ئوتۇنچى شۇ تۇخۇملارنى سېتىپ،
تېزلا بېيىپ كېتىپتۇ. شۇنىڭدىن كېيىن ئۇ ئوتۇن-
چىلىقنى تاشلاپتۇ، ئۆزىگە خىزمەتكارمۇ ياللىۋاپتۇ.
ئوغۇللىرى تېخى كىچىك ئىكەن، لېكىن ئوتۇنچى
قېرىپ كېتىپتۇ. كۈنلەر، ئايلار ئۆتۈپ، ئۇ ئاخىر
ئۆلۈم گىردابىغا بېرىپ قاپتۇ. شۇنىڭ بىلەن ئۇ
خوتۇنىنى چاقىرىپ مۇنداق ۋەسىيەت قىپتۇ:

— ئۇ سۇمرۇغنى ئېھتىيات بىلەن ياخشى
ساقلا، ئوغۇللىرىمىزنى مەكتەپتە ئوقۇتقىن.

ئۇزاق ئۆتمەي ئوتۇنچى ئالەمدىن ئۆتۈپتۇ. ئو-
غۇللىرى يەتتە ياشقا كىرگەندە مەكتەپكە كىرىپ
ئوقۇشقا باشلاپتۇ. ئانىسى بولسا بايلىقتىن خۇدىنى
يوقىتىپ، كۈندە مېھماندارچىلىقتىن بىكار بولال-
مايدىكەن. شۇنداق قىلىپ، ئۇ بارا - بارا ياشقا
چوڭراق بىر خوتۇن بىلەن ئاچا - سىڭىل بولۇ-
شۇپتۇ. ئۇ خوتۇن ئۇنىڭ بايلىقىنى قولغا كىرگۈ-
زۈشنىڭ پېيىدا يۈرۈپتۇ. ئۇ خوتۇننىڭ بىر مەككار
ئانىسى بار ئىكەن. بىر كۈنى ئانىسى قىزىغا:

— دوستۇڭ قانداق قىلىپ بۇنچە بېيىپ
كەتكەندۇ؟ بۇنىڭدا چوقۇم بىر سىر بار، شۇنى
ئېنىقلاپ باققىن، — دەپتۇ.

ئۇ خوتۇن كېلىپ دوستىدىن گەپ ئېلىپ،
ئۇنىڭ بېيىش سەۋەبىنىڭ ھېلىقى سۇمۇرغدا
ئىكەنلىكىنى بىلىۋاپتۇ - دە، دەرھال ئۆيىگە
قايتىپ مەككار ئانىسىغا:

— ئۇ دوستۇمنىڭ بىر تۇخۇمى يۈز تەڭگىگە
يارايدىغان بىر سۇمۇرغى بار ئىكەن، شۇ تۇخۇمنى
سېتىپ بېيىپ كېتىپتۇ، — دەپتۇ. مەككار موماي
بۇنى ئاڭلىغاندىن كېيىن، قىزىغا:

— سەن دوستۇڭنىڭ يېنىغا بېرىپ، «ئەگەر
ھەقىقىي دوستۇم بولساڭ سۇمۇرغنى سويۇپ،
شورپا قىلىپ بەرگىن» دەپ تۇرۇۋالغىن. ئۇ سۇ-
مۇرغنىڭ شۇنداق بىر خاسىيىتى باركى، ئۇنىڭ
مېڭىسىنى يېگەن كىشى پادىشاھ بولىدۇ. تۆشىنى
يېگەن كىشىنىڭ ياستۇقىنىڭ ئاستىدا ھەركۈنى
ئەتىگەندە يۈز تەڭگە پەيدا بولىدۇ، — دەپتۇ.

شۇنىڭ بىلەن خوتۇن ئوتۇنچىنىڭ ئۆيىگە كې-
لىپ دوستىغا:

— جېنىم دوستۇم، سۇمۇرغنى سويۇپ تاتلىق
بىر شورپا قىلىپ ئىچەيلىچۇ، — دەپ تۇرۇۋاپتۇ.

ئوتۇنچىنىڭ خوتۇنى دوستىغا يۈز كېلەلمەي ما-
قۇل بولۇپ سۇمۇرغنى سويۇپ شورپا قىلىش ئۈچۈن
قازانغا سېلىپ قويۇپ، كىرىپ دوستى بىلەن پاراڭ-
لىشىپ ئولتۇرۇپتۇ. بىر چاغدا ئوغۇللىرى مەكتەپ-
تىن قايتىپ كەلسە، قازاندا مەززىلىك شورپا قايناۋات-
قانىكەن، قورسىقى ئېچىپ ئاران كەلگەن كازىمجان
سۇمۇرغنىڭ مېڭىسىنى، نازىمجان تۆشىنى يەپ قور-
سىقىنى تويدۇرۇپتۇ - دە، يەنە مەكتەپكە كېتىپتۇ.

ئۇزاق ئۆتمەي ئوتۇنچىنىڭ خوتۇنى چىقىپ
شورپىنى ئەكىرىپ، دوستىنىڭ ئالدىغا قويۇپتۇ.
دوستى قارىغۇدەك بولسا، گۆشنىڭ ئارىسىدا مې-
ڭىسى بىلەن تۆشى يوق تۇرغۇدەك. ئۇنىڭ ئەسلى

مەقسىتى شۇلارنى يېيىش بولغاچقا:

— بۇ شورپىنى ئىچمەيمەن، — دەپ يامانلاپ چىقىپ كېتىپتۇ. ئوتۇنچىنىڭ خوتۇنى دوستىنىڭ شورپىنى ئىچمەي چىقىپ كەتكىنىگە خاپا بولۇپ ئولتۇرغانىكەن، ئوغۇللىرى مەكتەپتىن قايتىپ كەپتۇ. ئۇ ئاچچىقىدا ئوغۇللىرىغا:

— قارغىشتەگكۇرلەر، نېمىشقا سومۇرغىنىڭ مېڭىسى بىلەن تۆشىنى يەۋالدىڭلار؟ — دەپ، ئۇلارنى ئۇرۇپ - تىللاپتۇ.

ئارىدىن ئىككى - ئۈچ كۈن ئۆتكەندە، ئوتۇنچىنىڭ خوتۇنى دوستىنىڭ ئۆيىگە بېرىپتۇ.

— نېمىگە كەلدىڭ؟ — دەپتۇ دوستى، — ئوغۇللىرىڭنى ئۆلتۈرۈپ، سومۇرغىنىڭ مېڭىسى بىلەن تۆشىنى ئېلىپ بەرمىسەڭ، سەندەك دوستۇم يوق!

ئوتۇنچىنىڭ خوتۇنى دوستىنىڭ بۇ تەلىپىنى قوبۇل قىلىپ، ئۆيىگە قايتىپتۇ. كەچقۇرۇن ئۇ خىزمەتكارنى چاقىرىپ:

— كازىمجان بىلەن نازىمجاننى ئۆلتۈرۈپ، مېڭىسى بىلەن تۆشىنى ماڭا ئەكىرىپ بەرگىن، — دەپ بۇيرۇق قىپتۇ.

خىزمەتكار ماقۇل بولۇپ، ئوغۇللارنى بىر تاغ باغرىغا ئاپىرىپتۇ. ئۇ كۆڭلىدە: «بۇ نارەسىدە بالىلارنى ئۆلتۈرسەم قانداق بولار» دەپ ئويلاپ تۇرغىنىدا، شۇ ئەتراپتىكى بىر غارنىڭ ئىچىدىن ئىككى كۈچۈكنىڭ ھاۋشىغان ئاۋازى ئاڭلىنىپتۇ. خىزمەتكار دەرھال بېرىپ كۈچۈكلەرنى ئۆلتۈرۈپتۇ - دە، بىرسىنىڭ مېڭىسىنى، بىرسىنىڭ تۆشىنى ئېلىپ قويىنىغا ساپتۇ. ئاندىن كازىمجان بىلەن نازىمجاننىڭ كۆڭنىكىنى قانغا مىلەپ سالدۇرۇۋاپتۇ. ئاندىن ئۇلارغا:

— ئالدىڭلارغا قاراپ مېڭىۋېرىڭلار، ھەرگىز قايتىپ كەلمەڭلار، — دەپ ئۇدۇلدىكى يولنى كۆرسىتىپ قويۇپ، قايتىپ كەپتۇ.

ھېلىقى دوستى مېڭىسى بىلەن تۆشىنى ئېلىپ كەتكىنىچە قايتا كەلمەپتۇ. ئوتۇنچىنىڭ خوتۇنى قىلغانلىرىغا قاتتىق پۇشايمان قىلىپ:

— مەن نېمە قىلىپ قويدۇم؟ — دەپ نالە - پەرياد قىپتۇ. خىزمەتكار بولسا بۇ ئۆينى تاشلاپ چىقىپ كېتىپتۇ، — دەپ ھېكايىسىنى تۈگىتىپتۇ. تۇ ئەقىللىقاي، — ئەمدى سىلەرگە بىلىقنىڭ كۆلگىنىنىڭ سەۋەبىنى ئېيتىپ بېرىمەن.

— تېز ئېيتقىن، — دەپتۇ پادىشاھ تەقەززا بولۇپ.

— شۇنداق قىلىپ، كازىمجان بىلەن نازىمجان مېڭىپتۇ، مېڭىپتۇ، بىر چاغدا ئۇلارغا ئىككى يول ئۇچراپتۇ. بىر يولغا «بارسا كەلمەس يول»، يەنە بىر يولغا «بارسا كېلەر يول» دەپ يېزىلغانىكەن. ئىككى ئاكا - ئۇكا خوشلىشىپ، ئاكىسى بارسا كەلمەس يولغا، ئۇكىسى بارسا كېلەر يولغا چۈشۈپ مېڭىپتۇ. كازىمجان بىر شەھەرگە يېتىپ كەپتۇ. شۇ كۈنى بۇ يەردە دۆلەت قۇشىنى ئۇچۇرغانىكەن، ئۇ قۇش كىمنىڭ بېشىغا قونسا شۇ پادىشاھ بولىدىكەن. دۆلەت قۇشى ئۇدۇل ئۇچۇپ كېلىپ كازىمجاننىڭ بېشىغا قونۇپتۇ. كىشىلەر ئۇنى مۇبارەكلىشىپ، تەختكە ئولتۇرغۇزۇپتۇ.

نازىمجان يول يۈرۈپتۇ، يۈرگەندىمۇ مول يۈرۈپتۇ. ئاخىر بىر مومايىنىڭ ئۆيىگە كېلىپ قاپتۇ. مومايىنىڭ تۇتۇپ قېلىشى بىلەن كېچىسى مۇشۇ ئۆيدە قونۇپ قاپتۇ. ئەتىسى ئەتىگەندە موماي نازىمجاننىڭ ئورنىنى يىغىشتۇرۇپ قارىسا، ياستۇقىنىڭ ئاستىدا يۈز تەڭگە تۇرغۇدەك. ئۇ كۆڭلىدە: «بۇ بالا پۇلنى ئۇنتۇپ قاپتۇ - دە، ئۇ ماڭىدىغان ۋاقتىدا قايتۇرۇپ بېرەي» دەپ ئويلاپتۇ. ئەتىسى ئەتىگەندە ئورۇن يىغىشتۇرۇپ قارىسا، ياستۇقنىڭ ئاستىدا يەنە يۈز تەڭگە تۇرغۇدەك. بۇ موماي كۆپنى كۆرگەن بولۇپ، بەكمۇ ئەقىللىق ئىكەن. ئۇ بۇ بالىنىڭ سومۇرغىنىڭ تۆشىنى يېگەنلىكىنى بىلىپ قاپتۇ - دە، بۇ بالىنى بېقىۋېلىشنى نىيەت قىپتۇ ۋە بالىنى چاقىرىپ:

— بالام، مەن ھېچنېمىسى يوق يالغۇز ئايالمەن، ماڭا بالا بولغىن، سېنى ئۆز ئوغلۇمدىن ئارتۇق كۆرۈپ ياخشى باقىمەن، — دەپتۇ. قەيەرگە بېرىشنى بىلەلمەي تۇرغان نازىمجانمۇ بۇنىڭغا ماقۇل بوپتۇ. شۇنىڭ بىلەن موماي بۇ بالىنى ئەتىۋارلاپ بېقىشنى باشلاپتۇ.

كۈنلەردىن بىر كۈنى نازىمجان ئىشىك ئالدىغا چىقىپ، بىر توپ كىشىلەرنىڭ بۇ يەردىن ئۆتۈپ

كېتىۋاتقانلىقىنى كۆرۈپتۇ ۋە ئۇلاردىن:

— نەگە ماڭدىڭلار؟ — دەپ سوراپتۇ.

— مەلىكىنىڭ ھوزۇرىغا تاماشىغا ماڭدۇق، — دېيىشىپتۇ ئۇلار.

— مەنمۇ بارسام بولامدۇ؟ — دەپ سوراپتۇ بالا.

— بولىدۇ، بىز بىلەن ماڭ، — دەپتۇ ئۇلار.

نازىمجان كىرىپ مومايدىن رۇخسەت سوراپتۇ. موماي:

— بارساڭ مەيلى، لېكىن ئۇ يەردە قونۇپ قالمىغىن، — دەپ جېكىلەپتۇ ۋە ئۇنىڭغا بىر مۇنچە تەڭگە بېرىپتۇ.

شۇ كۈندىن باشلاپ نازىمجان ھەر كۈنى ئويۇن-تاماشا ئۈچۈن ئەللىك تەڭگە سەرپ قىلىدىغان بوپتۇ، ھەمراھلىرىمۇ بۇنىڭدىن خوش بولۇپ، كۈندە ئۇنى بىللە ئېلىپ بارىدىغان بوپتۇ. مەلىكىمۇ ئۇنىڭغا كۆنۈپ قاپتۇ. بىر كۈنى مەلىكە ئۇنىڭغا شاراب ئىچۈرۈپ مەست قىلىپ قويۇپتۇ. شۇ كۈنى نازىمجان ئۇ يەردە قونۇپ قاپتۇ. ئەتىسى مەلىكە ئۇنىڭ ياستۇقىنىڭ ئاستىدا يۈز تەڭگە تۇرغىنىنى كۆرۈپتۇ. ئەتىسى بۇ ئىش يەنە تەكرارلىنىپتۇ. شۇنىڭ بىلەن مەلىكە بىر داخان مومايىنى تېپىپ ئۇنىڭدىن بۇ ئىشنىڭ سەۋەبىنى سوراپتۇ.

— ئۇ بالا سۇمۇرغ تۆشنى يېگەنىكەن، — دەپتۇ موماي.

— قانداق قىلسام ئۇ تۆشنى قولغا چۈشۈرەلەيمەن؟ — دەپ سوراپتۇ مەلىكە. داخان موماي ئۇنىڭغا:

— بالىغا تۇزلۇق كاۋاپ يېگۈزۈپ، ئارقىدىن شاراب ئىچۈرگىن. ئۇسساپ سەندىن چاي سورىسا، بىر چىنە قېتىق بەرگىن. ئۇ قېتىقنى ئىچىپلا قۇسىدۇ. شۇ چاغدا سۇمۇرغنىڭ تۆشىمۇ يېنىپ چۈشىدۇ، ئۇنى دەرھال ئېلىپ يەۋالغىن، — دەپ يول كۆرسىتىپتۇ.

مەلىكە مومايىنىڭ دېگىنى بويىچە قىپتۇ. دەرۋەقە، ھەر كۈنى سەھەردە مەلىكىنىڭ ياستۇقى ئاستىدا يۈز تىللا پەيدا بولىدىغان بوپتۇ. شۇنىڭ بىلەن مەلىكە بالىنى قوغلىۋېتىپتۇ، تاماشىغىمۇ يېقىن يولاتمايدىغان بوپتۇ. نازىمجان بىر مەزگىل سەرسان-سەرگەردان بولغاندىن كېيىن يەنە ھېلىقى بېقىۋالغان ئانىسىنىڭ ئۆيىگە قايتىپ كەپتۇ. موماي ئىككى-كۈن قاراپ باقسا ھېلىقى يۈز تەڭگىنىڭ سايىسىمۇ كۆرۈنمەپتۇ. شۇنىڭ بىلەن ئۇمۇ ئاچچىقىدا بالىنى ئۆيدىن قوغلاپ چىقىرىپتۇ. نازىمجان باراي دېسە يېرى يوق، كىرەي دېسە ئۆيى يوق بەكمۇ بىچارە ھالغا چۈشۈپ قاپتۇ ۋە قىلغانلىرىغا مىڭ پۇشايمان قىپتۇ، لېكىن پۇشايماننى ئالىدىغان قاچا يوق ئىكەن.

بىر كۈنى نازىمجان ئىسسىپ كېتىپ، نەگە بېرىشنى بىلەلمەي، چوڭ بىر دەرەخنىڭ ئاستىدا سالقىنداپ يېتىپتۇ. شۇ چاغدا ئۈچ قۇشقاچ بۇ دەرەخنىڭ شېخىغا قونۇپ سۆھبەتلىشىشكە باشلاپتۇ.

بىر قۇشقاچ مۇنداق دەپتۇ:

— ماۋۇ دەرەخنىڭ ئاستىدا ياتقىنى ھېلىقى سۇمۇرغنىڭ تۆشنى يېگەن نازىمجان دېگەن بالا شۇ. ئەسلىدە ھەر كۈنى ئەتىگەندە ئۇنىڭ ياستۇقى ئاستىدىن يۈز تەڭگە چىقاتتى، مەلىكە ئۇنى مەست قىلىپ قويۇپ تۆشنى ياندۇرغۇزۇپ ئۆزى يەۋالدى، ھازىر ھەر كۈنى ئەتىگەندە مەلىكىنىڭ ياستۇقى ئاستىدا يۈز تەڭگە پەيدا بولىدۇ. مۇشۇ سەۋەبتىن بېقىۋالغان ئانىسىمۇ ئۇنى ئۆيدىن قوغلاپ چىقاردى. ھازىر ئۇ بەكمۇ بىچارە.

— ئەمدى ئۇ قانداقمۇ قىلار؟ — دەپتۇ يەنە بىر قۇشقاچ ئىچ ئاغرىتىپ.

— بۇنىڭ بىر ئامالى بار. نازىمجان مەن قونغان بۇ شاخنى سۇندۇرۇۋېلىپ، مەلىكىنى مۇشۇ شاختا ئۇرسا، تۆش مەلىكىنىڭ ئاغزىدىن يېنىپ چۈشىدۇ، — دەپتۇ ھېلىقى قۇشقاچ.

— مەن قونغان بۇ شاخنى سۇندۇرۇۋېلىپ مەلىكىنى ئۇرسا، مەلىكە ئېشەككە ئايلىنىپ قالىدۇ، — دەپتۇ يەنە بىر قۇشقاچ.

— مەن قونغان بۇ شاخنى سۇندۇرۇۋېلىپ چوڭ دەرياغا تاشلىسا، كۆۋرۈك پەيدا بولىدۇ، — دەپتۇ ئۈچىنچى قۇشقاچ. شۇ گەپلەرنى دېيىشىپ بولغاندىن كېيىن قۇشقاچلار «پۇر» قىلىپ ئۇچۇپ كېتىپتۇ. نازىمجان دەرھال ئورنىدىن تۇرۇپ، قۇشقاچلار قونغان ئۈچ تال شاخنى سۇندۇرۇۋاپتۇ-دە، ئۇدۇل مەلىكىنىڭ ھوزۇرىغا بېرىپتۇ. ئۇ بىرىنچى شاخ بىلەن مەلىكىنى بىرنى ئۇرغانىكەن، ئۇنىڭ ئاغزىدىن تۆش يېنىپ چۈشۈپتۇ، نازىمجان

دەرھال تۆشنى ئاغزىغا سېلىپ يەۋېتىپتۇ. ئاندىن ئىككىنچى شاختا مەلىكىنى ئۇرغانىكەن، مەلىكە كۆزنى يۇمۇپ ـ ئاچقۇچە ئېشەككە ئايلىنىپ قاپتۇ. نازىمجان بۇ ئېشەككە پۈتۈن شەھەردىكى ئەخلەت ـ چاۋارلارنى ئارتىپ، دالاغا ئاپىرىپ تاشلاتقۇزۇپتۇ. ئېشەكنى بىر يىل شۇنداق ئىشلىتىپتىكەن، ئاخىر ئېشەكنىڭ پۈتۈن يېرى يېغىر بولۇپ، بىرمۇ ساق يېرى قالماپتۇ.

كۈنلەردىن بىر كۈنى نازىمجان «ئەمدى بىر ئاز دەم ئالغىن» دەپ ئېشەكنى قويۇۋېتىپتۇ. ئېشەك مېڭىپ ـ مېڭىپ ئاكىسى پادىشاھ بولغان شەھەرگە كېلىپ قاپتۇ ـ دە، بىر دەرۋازىنى تۇمشۇقى بىلەن ئىتتىرىپ ئېچىپتۇ. دەرۋازىۋەن ئېشەكنى ئىچكىرىگە ئەكىرىپ قارىسا، ھەممە يېرى يېغىر بولۇپ كەتكەنىكەن. «قايسى نائىنساب بۇنى مۇشۇ ھالغا كەلتۈرۈپ قويغاندۇ؟» دەپ ئويلاپ تۇرغىنىدا، نازىمجان ئېشىكىنى ئىزدەپ كېلىپ قاپتۇ.

— نېمە ئۈچۈن بۇ ئېشەكنى مۇشۇ ھالغا چۈشۈرۈپ قويدۇڭ؟ — دەپ سوراپتۇ پادىشاھ.

— ئىشقا سالدىم شۇ، — دەپ جاۋاب بېرىپتۇ نازىمجان.

— جاللات، — دەپ ۋارقىراپتۇ كازىمجان.

دەل شۇ چاغدا ئاكىسىنى تونۇپ قالغان نازىمجان:

— كونىلار «ئاۋۋال تائام، ئاندىن كالام» دەپتىكەن. بۇ ئېشەك ماڭا كۆپ جاپالارنى سالغان. بىز ئەسلىدە ئىككى ئاكا ـ ئۇكا ئىدۇق، ئاكامنىڭ ئىسمى كازىمجان، مېنىڭ ئىسمىم بولسا نازىمجان. ئىككىمىز سۇمۇرغنىڭ تۆشى بىلەن مېڭىسىنى يېگەنىدۇق. بۇ ئېشەك ئەسلىي بىر مەلىكە بولۇپ، ئۇ ھىيلە ئىشلىتىپ مەن يېگەن تۆشنى يەۋالدى. شۇنىڭ ئۈچۈن، مەن ئۇنى مانا مۇشۇ ئەھۋالغا چۈشۈرۈپ قويدۇم، — دەپتۇ.

ئۇكىسىنى ئەمدى تونۇغان كازىمجان قىلمىشىدىن خىجىل بوپتۇ. شۇنىڭ بىلەن قولىدىكى قامچا بىلەن ئېشەكنى بىر ئۇرغانىكەن، ئۇ مەلىكە ھالىتىگە قايتىپتۇ. كازىمجان كاتتا توي مەرىكە قىلىپ، ئۇكىسى نازىمجانغا مەلىكىنى نىكاھلاپ بېرىپتۇ.

ئەمدى بېلىقنىڭ كۈلۈشىنىڭ سەۋەبىنى ئېيتىمەن، پادىشاھىم، — دەپتۇ ئەقىلئاي.

— تېزرەك ئېيتقىن، خاپا بولمايمەن، — دەپتۇ پادىشاھ.

— ئۆيىڭىزنىڭ ئاستىغا كۆمۈلگەن بىر ساندۇق بار، شۇنى كولىتىپ مۇشۇ يەرگە ئەكەلدۈرۈڭ، — دەپتۇ ئەقىلئاي.

پادىشاھ ساندۇقنى ئەكەلدۈرۈپ ئېچىپ قارىغۇدەك بولسا، ئۇنىڭ ئىچىدە بىر ساقاللىق كىشى ئولتۇرغانىكەن. ئەقىلئاي ئۇ كىشىنى كۆرسىتىپ تۇرۇپ:

— كۆردىڭىزمۇ پادىشاھىم، كىچىك خوتۇنىڭىز كېچىلىرى مانا مۇشۇ كىشى بىلەن ئەيش ـ ئىشرەت قىلىدۇ، كۈندۈزى بېلىقتىن يۈزىنى يوشۇرىدۇ. بېلىقنىڭ كۈلۈشىنىڭ سەۋەبى مانا مۇشۇ، — دەپتۇ.

غەزەپلەنگەن پادىشاھ ھېلىقى ئادەمنى دارغا ئېسىشقا بۇيرۇپتۇ، كىچىك خوتۇنىنى بولسا زىندانغا تاشلاپتۇ. شۇنىڭدىن كېيىن پادىشاھ:

— بۇ قىز تولىمۇ ئەقىللىك ئىكەن، مەن ئۇنى ئەمرىمگە ئالماقچىمەن، — دەپتۇ.

— ئەي پادىشاھى ئالەم، سىز ئۇنى سىڭلىم ياكى قىزىمنىڭ ئورنىدا دېگەنىدىڭىزغۇ، ئۇنى ئەمرىڭىزگە ئالسىڭىز قانداق بولار؟ — دەپتۇ بېلىقچى يىگىت.

— شۇنداق، پادىشاھىم، تېخى بايىلا ئۇنى قىزىم دېدىڭىزغۇ، مەنمۇ ئۆز قۇلىقىم بىلەن ئاڭلىدىم، — دەپتۇ ۋەزىر.

نائىلاج قالغان پادىشاھ ئۇلارنىڭ ئەقلىگە ئاپىرىن ئوقۇپ، يۇرتقا قىرىق كېچە ـ كۈندۈز توي بېرىپ، ئەقىلئاينى بېلىقچى يىگىتكە نىكاھلاپ قويۇپتۇ. ئۇلار مۇراد ـ مەقسەتلىرىگە يېتىپ، ئاخىرىغىچە بەختلىك تۇرمۇش كەچۈرۈپتۇ.

(1990 ـ يىلى تاشكەنتتە نەشر قىلىنغان «جاھىل قۇش» ناملىق كىتابتىن ئېلىندى)

(ئۇيغۇرچىلاشتۇرغۇچى: شىنجاڭ خەلق نەشرىياتى ئۇيغۇر تەھرىر بۆلۈمىدە)



گۈلداندىكى گۈل

سۇھەيلا بەرزىن پۈر سىزغان


بۇلاق

源泉（布拉克）

( 维 吾 尔 文 ) 总153 期

(قوش ئايلىق ژۇرنال) ئومۇمىي 153 - سان

BULAK A BIMOUNTHLY JOURNAL IN UIGHUR LANGUAGE

主编:艾力·托合提 副主编: 买买提吐尔地

باش مۇھەررىرى: ئەلى توختى  مۇئاۋىن باش مۇھەررىرى: مۇھەممەتتۇردى مىرزىئەخمەت

新疆人民出版社编辑出版
（乌鲁木齐市解放南路348号）
新疆漠尔通(MORTOM)印刷有限责任公司印刷
乌鲁木齐市邮局发行
中国国际图书贸易总公司国外发行
全国各地邮局订阅

شىنجاڭ خەلق نەشرىياتى تۈزىدۇ ۋە نەشر قىلىدۇ
(ئۈرۈمچى شەھىرى جەنۇبىي ئازادلىق يولى 348 - نومۇر)
شىنجاڭ مورتوم (MORTOM) مەتبەئەچىلىك چەكلىك شىركىتىدە بېسىلدى
ئۈرۈمچى شەھەرلىك پوچتا ئىدارىسى تارقاتتى
جۇڭگو خەلقئارا كىتاب سودىسى باش شىركىتى چەت ئەللەرگە تارقىتىدۇ
جايلاردىكى پوچتىخانىلار مۇشتەرى قوبۇل قىلىدۇ

国内统一连续出版物号:CN65-1063/I
国际标准连续出版物号:ISSN 1005-0876
国外发行号:Q1118 邮政编码:830001
邮政代号:58-108 定价:8.50元
广告经营许可证号:6500006000043

مەملىكەت بويىچە بىرلىككە كەلگەن ژۇرنال نومۇرى:
خەلقئارالىق ئۆلچەملىك ژۇرنال نومۇرى:
چەت ئەللەرگە تارقىتىش ۋاكالەت نومۇرى: Q1118  پوچتا نومۇرى: 830001
پوچتا ۋاكالەت نومۇرى: 58-108  باھاسى: 8.50 يۈەن
ئېلان تىجارىتى ئىجازەتنامىسى نومۇرى: 6500006000043


مەشرەپ E100 كۇلۇبى
ئۇيغۇرچە تور تىجارەت زالىغا كىرسىڭىزلا
تىللاغا ئېرىشەلەيسىز، تىللا ئارقىلىق موكاپاتلىق
چەك تارتالايسىز، تەلىيىڭىزنى سىناپ كۆرۈڭ...
پائالىيەت ۋاقتى: 2013 - يىلى 10 - ئاينىڭ 1 - كۈنى باشلىنىدۇ
www.xj.10086.cn/uyghur/app
تور تىجارەت زالىدا، ساقلار سىزنى كۈتۈپ تۇرىدۇ تىللا
تىللا بىلەن چەك تارتسا، موكاپاتلار بار بۇندا
پائالىيەت مەزمۇنى: سىز پائالىيەت مەزگىلىدە پائالىيەت مەخسۇس رايونى ئارقىلىق ئۇيغۇرچە تور تىجارەتخانىسىغا تىزىملىتىپ كىرىپ، بەلگىلەنگەن كەسپلەرنى سورۇشتۇرسىڭىز ياكى كەسىپ بېجىرسىڭىز تىللاغا ئېرىشەلەيسىز. ئېرىشكەن تىللا ئارقىلىق مۇكاپات تارتىپ ماددىي بويۇم، سۆزلىشىش ھەققى قاتارلىق مۇكاپاتلارغا ئېرىشىش پۇرسىتىگىز بولىدۇ. ئېسىل مۇكاپاتلار سىزنى شىنجاڭ كۆچمە خەۋەرلىشىش شىركىتى ئۇيغۇرچە تور تىجارەتخانىسىدا كۈتمەكتە!
移动改变生活
تەپسىلاتىنى ئۇيغۇرچە تور تىجارەتخانىسى www.xj.10086.cn/uyghur/app دىن سورۇشتۇرۇڭ.